

# قەشقەر ناۋاسى

حرمتلىك اوستاز رحمة الله عنايةالله
كه ماشاه يادىكار .
حاجى حامد محمودى كاشغرى
26/XII-1985

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ناۋاسى

(شېئىرلار توپلىمى)

☆

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھاجى ئەخمەت

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات -
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

1985

# كىرىش سۆز

بۇ يىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىغا 30 يىل توشتى. بىز بۇ شانلىق بايرامنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز ۋە ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىمىز!

پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا 30 يىل مابەينىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، جۈملىدىن، دىيارىمىز — قەشقەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا كىشىلەرنى خوشال قىلارلىق گۈللەپ-ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدىپلىرىمىز تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىجاتچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، زوق - شوق بىلەن قوللىرىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ، شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك، بەدىئىلىكى يۇقۇرى بولغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مىللى ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىزغا بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك، ئىجتىھاتلىق ياش يازغۇچى - شائىرلار يېڭى كۈچ بولۇپ قوشۇلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە بەدىئى ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، مول، ياخشى ئىجادى مېۋىلىرى ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىدا

كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاجايىپ رەڭدار، كۆركەم گۈل-غۇنچىلارنى ئېچىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلار قوشۇنىمىز تولۇقلىنىپ كۆچەيدى ۋە زورايدى. ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

«قەشقەر ناۋاسى» ناملىق بۇ توپلامغا ۋىلايىتىمىزدىكى پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى، بۇ — ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق توي مەرىكىسىگە سۇنۇلغان رەڭگا - رەڭ، خۇشپۇراق بىر گۈلدەستىدۇر.

بۇ — ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كۈنسېرى روناق تېپىپ، بەرق ئۇرۇپ گۈللەپ - ياشناۋاتقانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگۈسى!

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# مۇندەرىجە

## ئەھمەد زىيائى


نەي ساداسى 2
غەزەللەر 9


## تۇرغۇن ئالماس


جەنۇپ سەپەرىدىن خاتىرىلەر 14
ئىككى شېئىر 18


## قۇربان ئىمىن


مېنىڭ ناخشام 22
تۇلۇن ئاي 23
ياڭرات يېڭى ناخشاڭنى 24
مۇخبىر ئىنىمغا 25
ئىز باسارىم بولۇپ قال 25
گۆھەرقىز 26
يېقىملىق 27
رۇبائى ۋە پارچىلار 28
ئەينەك 31


## تۇرمەھەممەت ئىركى (ئۆزبېك)


ۋەتەن ھەققىدە شېئىرلار 34
شائىرلىق توغرىسىدا پاراڭ 41

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزۈك

سۆي ۋەتـەننى جان بىلەن ........................ 46
ھايات قانۇنى ........................ 47
كەكلىك بىلەن قاغا (مەسەل) ........................ 48
تارىم دەرياسى ........................ 49
بەخت ـ كۈرەشتە ........................ 51
ھەرگىز ........................ 51
بىلىم ئال، ئوغلۇم ........................ 52
كەتمە ........................ 53
چال ، ئى سازەندە! ........................ 53

ھامىد مەھمۇدى

ئانا ـ ۋەتەن (قەسىدە) ........................ 56
ۋەتەن ئىشقىدا ........................ 62
ئىلمەكە ........................ 63
ئۆمۈر ........................ 64

ئابدۇرېھىم توختى

سۆيگۈ ناخشىسى ........................ 66
ئەمالار ئارىسىدا ساھىپجامال ........................ 67
سەن ئۈچۈن ........................ 68
ھەرىكەتتە ـ بەرىكەت ........................ 70
رۇبائىيلار ........................ 71

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى (ئىشقى)

نازاكەتلىك خىيال ........................ 74

تاك ئاتقۇنچە ........ 76
كۆكۈل تەمەننالىرى ........ 77
بىر كۈن باھارىم بار ........ 78
ئىزدىنىش يولى ........ 81
مېنىڭ ئارمانلىرىم ........ 81
رۇبائىي ۋە پارچىلار ........ 83

## هوشۇر ئىبراهىم

تۆھپىكار (داستان) ........ 88

## ئابلىمىت هاجى

دادامنىڭ نەسىھەتى ........ 104
ئىككى غەزەل ........ 105
قەشقەر قىزى ........ 106
مېھمان ........ 111
چولپان قىز ........ 111
شاخ مانتىسى ........ 112
قارىغايغا قاراپ ........ 113
ئاتۇش ھەققىدە ناخشا ........ 114
يامغۇردىن كېيىن ........ 117
بۇقۇتقۇچىمەن ........ 118

## ئابدۇسەمەت خېلىل

كۆڭۈل ئارزۇسى ........ 122
ساۋاق ........ 122

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالتۇن ۋە يالقۇن ........................................ 123
يۇلغۇن چېچىكى ........................................ 124
ئانا يەر ھەققىدە ........................................ 125
ئىنسان ھەققىدە ........................................ 125
ۋەتەن ھەققىدە ........................................ 126
ياشلىق كۆچۈپتۇ ........................................ 127
رۇبائىيلار ........................................ 127
ۋەتەن مېھرى ........................................ 128
ئىتتىپاق بولايلى ........................................ 129
باغۋەن ناخشىسى ........................................ 130
يۈرۈكۈمنىڭ پارىسى قالدى ........................................ 131
يولداش ........................................ 132
چېچەكنى كۆرۈپ ........................................ 132
رۇبائىيلار ۋە پارچىلار ........................................ 133

## مەمتىلى زۇنۇن

غەزەللەر ........................................ 138
تۇيۇقلار ........................................ 142
قوياش مۇھەببىتى ........................................ 148
لەيلى ........................................ 148
شەپەرەڭ ........................................ 149
ئىچەيلى ........................................ 150

## مىرزاھىد كېرىمى

باھارنى كۈيلەپ تۇرسام ياز كېلەر ........................................ 160
قەلەم ۋە مەن ........................................ 163

ھەممىلا يېرىڭدە مېنىڭ يارىم بار .................... 165

لاچىن ھەققىدە باللادا .................... 168

قاناتلانغان تىلەك .................... 170

دوستۇمغا مۇۋەششە .................... 173

ئاھۇ كۆز قەسىدىسى .................... 174


## ھاجى ئەخمەت


نوزۇگۇم (باللادا) .................... 180

تۇمەن دەرياسى .................... 188

قەشقەر قىزى .................... 189

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غەزىلىگە مۇخەممەس .................... 191

يۈرەك مۇڭلىرى .................... 192

ھايات توغرۇلۇق ئويلار .................... 193

ئۇچراشقاندا .................... 194

تۆمۈرنىڭ زارى ( مەسەل ) .................... 195

توخۇ بىلەن بۈركۈت ( مەسەل ) .................... 196

بىر تىرىك مۇردىنىڭ قەۋرە تېشىغا ئويۇلغان
بېغىشلىمىلار .................... 198

سەپەر خاتىرىلىرى .................... 200


## ئابدۇرېھىم ئىسمايىل


سېنى سۆيمەك مېنىڭ بەختىم .................... 208

ۋەتەننى سۆيسە كىم دىلدىن .................... 210

خەلقىم .................... 211

گۈل .................... 213

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەمتەرلىك ھەققىدە غەزەل ........................ 215
چىقتىمىڭ ........................ 216
شائىرغا ........................ 217
قامغاقنىڭ ئىپتىخارى ........................ 219
كۆزلىرىڭ ........................ 221
رۇبائىلار ........................ 222
كۆلگە قاراپ ........................ 224

## ئەسقەر ھۆسەيىن

ئانا دىسەم ........................ 226
سەن بەردىڭ ۋەتىنىم ئىشقىنى ماڭا ........................ 226
بۇلبۇل ئىدىڭ ........................ 227
بەختىم ........................ 229
كۆردۇم ........................ 230
باھار كېچىسى ........................ 230
قەلەم ئالدىم يەنە قولغا ........................ 231
تاڭ سەھەر ........................ 232
ۋەتەن ئىشقى ........................ 233
پارچىلار ........................ 234

## ئابلىز ئۆمەر

يىللار سىرى ........................ 236
سۆيگۈم ........................ 238
لياڭشەن دالىسى ........................ 239
بىر شائىرنىڭ ھەسرىتى ........................ 240
كوچا سۈپۈرگۈچى قىز ........................ 241

بەختىم ........................................ 242
يېڭى يىل شارابى ........................................ 243
ئەلۋىدا، باغۋەن ........................................ 244

## جىلىلى

سۆيگۈ نەزمىسى ........................................ 248
ئۇستاز ........................................ 249
چېچەك ........................................ 251
دېخان كۆيى ........................................ 252
كەچتە ........................................ 252
گۈللىنىپ ........................................ 253
نۇر ئاكام ........................................ 254
كۆرۈپ ........................................ 255
يېزا ياشلىرى ........................................ 256

## ئۇچقۇنجان ئۆمەر

بىباھا مېھنەتنىڭ بىباھا قەدرى ........................................ 258
ئالىم ھەققىدە مۇخەممەس ........................................ 260
مېھرىنىڭ قالدى يۈرەكتە ........................................ 263
گۈل ۋە باغۋەن ........................................ 264
بۇ دەرتكە نىمە چارە؟ ........................................ 264
شورلۇق مۇھەببەتتىن ئىنز ........................................ 265
ۋەتەن قىزلىرىغا ........................................ 266
شۇڭا، ئادەم دىمە ........................................ 267
گۈل لېرىكىسى ........................................ 270

## مۇھەممەتىسىدىق تۆمۈرى

شەنبە ئاخشىمى ........................................ 272
مۇھەببەت ........................................ 276

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھايات - بەـپايان دېڭىز ........................ 277
قەشقەر يوللىرى ........................ 278
ئاق توشقان ........................ 281
يۈرىگىمدە لاۋۇلدار بىر ئوت ........................ 282
شەپەق بولۇپ قىزاردى يۈزۈڭ ........................ 283
ئانا تىلىم ........................ 284
لەۋلىرىڭدىن ئېچىلدى غۇنچە ........................ 285

## تۇرسۇن نىياز

غەزەللەر ........................ 288
كىتاب ھەققىدە مۇخەممەس ........................ 296
رۇبائىيلار ........................ 298

## ۋاھىتجان غوپۇر

پەزىلەت بولاقلىرى ........................ 302
مەسەللەر ........................ 305
كېچىكىپ كەلگەن ئېقىل ........................ 305
يەتتە باشلىق ئېيىق ........................ 308
سوۋەت بىلەن ئېيىق ........................ 309
لاچىن بىلەن قۇزغۇن ........................ 310
قانلىق ساۋاق ........................ 312
تۈلكىنىڭ ھېيلىسى ........................ 315

## دىلبەر قەييۇم

تاڭ ئالدىدىكى چولپان ( باللادا ) ........................ 318
غەزەللەر ........................ 331
ئاي ۋە مەن ........................ 335

## تاھىر تالىپ

ۋاپا چاچقۇسى (چاتما شېئىر ) ........................ 338
سوپۇن ۋە شېئىر ........................ 344

ئوزمان بولسام ........ 345
ئىمىتىھاندىن ئۆتىمەن ........ 346
يۇلغۇن چېچەكلىرى ........ 348
ئىشقى بارغا قىشمۇ ھەم باھار ........ 350
يالپۇز ئېيتىدۇ ........ 350
ھايات ئىشقى ........ 351
" چىقمايمەن " دىدىم ........ 351
كۈننى توقان "ئۇپۇق" ئاشۇ - غۇ! ........ 352
مېھرىگىيا ........ 352
كۆكۈل ........ 353
ئەجەپلەنمە ........ 354


## ئابلىكىم روزى


بىل ........ 356
ئىشچان قىزغا ........ 357
كەينىدىن ........ 357
ئەمەس ........ 358
مېھرىم تەسەددۇق ........ 359
زەرەپشان دەرياسى ........ 359
يېڭى يەل چاچقۇلىرى (چاتما شېئىر) ........ 360
تەنقىت توغرىسىدا پارچىلار ........ 363
سىنچاي قويۇپ ئىچكىلى بولماس ........ 365
ئىمزگە ........ 365
قاشاپ دوستىغا سۆگەك بېرەمدۇ؟ ........ 366
يېزام ........ 367
ئۇمەت كۈتكىن ........ 367
ئۆرە تۇرماس بوش تاغار ........ 368

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەھمەد زىيائى

ئەھمەد زىيائى 1913 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانىرىق يېزىسىدا، دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەھمەد زىيائىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1935 ـ يىللاردىن باشلانغان. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 50 يىل مابەينىدە «توزىماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «قارا كۆز ـ

لەر، نۇرلۇق هايات »، « ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى »، « تارىخى مىراس ‹ قۇتادغۇ بىلىك › توغرىسىدا مۇهاكىمە ۋە بايان » قاتارلىق ئەدەبى ۋە ئىلمى ئەسەرلەرنى يېزىپ؛ كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا « رابىيە - سەئىدىن »، «زەپەرنامە» قاتارلىق كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمى يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلاپ؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئونلىغان ئىلمى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆهپە قوشتى. ئۇنىڭ 10 نەچچە مىڭ مىسرالىق شېئىرىي رومانى « رابىيە - سەئىدىن » پات ئارىدا كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرىشىدۇ.

## نەي ساداسى

كەل ئى دوست، نەي ئۈنىنى ئاڭلا هەر تاڭدا تىيانشاندىن،
چىقار بۇ ئۈن جاراڭلاپ ياڭرىتىپ شاۋقۇننى هەر ياندىن.
ئەجەپ جان كۆيدۈرەر بىر ئۈن بىلەن كۆيلەيدىكەن هەر تون،
ئۇنىڭ مۇڭلۇق ساداسى تىترىتىپ دىلنى ئۆتەر جاندىن.
قىلىپ هەيران قۇلاق سالدىم بۇ ئۈنلەرگە بولۇپ تەشنا،
ئالاي دەپ هەسسە بۇ نەيدە كۆمۈلگەن سىرى پىنهاندىن.
دىدىكىم: ئى نادان! گەر ئىستىسەڭ ئۆمرۈڭگە بىر مەنا،
ۋۇجۇدىڭنى مۇنەۋۋەر قىل پۈتۈنلەي ئىلمۇ - ئىرپاندىن.
يېتەكلەيدۇ هەقىقەت سەيرىگاهىغا سېنى بۇ نۇر،
تاپالمايسەن بۇ نۇرنىڭ سىرىنى خۇرشىدى تاباندىن. ①

① خۇرشىدى تابان - پارلاق قوياش.

دىلىڭدۇر كەڭرى بىر دۇنيا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماس،
تەپەككۇر قۇشلىرى تۇرغۇن ئىرۇر ھەيرەتتە ھارغاندىن.
ھاياتتا قانچە سىرلار بار، ئەقىل بىلمەكتىن ئاجىزدۇر،
بۇ سىرلارغا چۈشەنمەك تاشقىرىدۇر ھەددۇ ـ ئىمكاندىن.
ئۆتەر بەزى ھاياتىڭ ئەيشۇ ـ ئىشرەتلەر ئارا ئويناپ،
شارابۇ ـ ساز، مەھبۇبلار بىزەلگەنلالە رەيھاندىن.
كېلۇر ئالدىڭغا گاھى شۇ قەدەر مۇدھىش باياباننىم،
ئۇنىڭ ھەر ماڭدىمى تولغان پىراقۇ ـ دەردى ھىجراندىن.
ھەسەلنىڭ نىشى، گۈلنىڭ خارى، راھەتنىڭ جاپاسى بار،
باھارنىڭ بار خازانى،يازغىدۇر ئازار زىمىستاندىن.
شۇڭا ئىستەر ھايات سەبرۇ ـ ساباتۇ ئەقلۇ چىڭلىقنى،
كۆرەشنى، ئىلمۇ ـ غەيرەتنى، پىداكارلىقنى ئىنساندىن.
ئەگەر سەن ئۇشبۇ خىسلەتلەردە مەھكەم تۇرمىساڭ دائىم،
ئۈزەلمەيسەن مۇراتنىڭ غۇنچىسىنى بۇ گۈلۇستاندىن.
تىرىش، ئىشلە، يىقىلساڭمۇ قوپۇپ قايتا يولۇڭنى ماڭ،
كىشى ھەر نەرسىكىم تاپتى، ئۇنى تاپتى تىرىشقاندىن.
كېرەكلىك شەخسى بول جەمىيەتىڭگە سەنئەتىڭ بىرلە،
لاچىن ئەل ئالدىدا ھەر ۋاقىت ئۇستۇندۇر سېغىزخاندىن.
ئۆزەڭدە يوق ھۈنەر، سەن سەنئەت ئەھلىگە ھەسەت قىلما،
كۆرۈپتۇ كىم ياسالغاننى چىمەن ئالەمدە جىغاندىن.
كامالەت پەزىل توپلاپ، شۇ بىلەن ماختانغىنىڭ ياخشى،
ساڭا بوق پائىدە ئانچە قۇرۇق گەپلەرنى ساتقاندىن.
تىرىشماستىن بېغىڭنىڭ گۈللىقى ھەرگىز چېچەك ئاتماس،
بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سەن سوراپ كۆر گۈلچى باغباندىن.
ھورۇنلۇق ھەمدە تەييارتاپ بولۇش بەكمۇ يامان ئادەت،

ئىبارەتتۇر بۇ ئىككىسى يىگىتلىكنى يوقاتقاندىن.
ئۇ پۇقا هال شەپەقتىن هەر سەھەر شۇ خەت يېزىلغايكىم:
"ئەمەس هېچ نەرسە تاتلىقراق ئۆزى ئىشلەپ يېگەن ناندىن"—
ئەقىللىقلەر بىلەن بول، قىلما جاھىللار بىلەن سۆھبەت،
زىيانلىقراق ئەمەستۇر هېچ نەرسە دوست ناداندىن.
ئىلىم-جەھىل كۈن ۋە تۈندەك بىر - بىرىگە قارشىدۇر دائىم،
جاھىللار بىر شەپەرەگدۇركى رەنجىيدۇ تاڭ ئاتقاندىن.
بىلىمسىزدىن ئەقىللىق قانچىلىك نەپرەت بىلەن قاچسا،
نادانمۇ شۇنچە نەپرەتتە بىلىملىك بىرلە بولغاندىن.
تاپالمايسەن ھەقىقەت جەۋھىرىنى چەكمىسەڭ مېھنەت،
قاچان چىققاي مۇشەققەتسىز باھالىق لەئلىلەر كاندىن.
قىيىنلىق تارتمىغىچە تاپقىلى بولمايدۇ راھەتنى،
بوتا ① دا ئېرىگەن چاغدا تاپار ئالتۇن باھا ئاندىن.
كۆڭۈل مەقسەتلىرىڭگە يەتمىگەندە بولمىغىن مەيۇس،
داۋاملىق كىم ئۈزەلەپتۇ؟! مۇرات غۇنچىسىنى دەۋراندىن.
مۇھەببەت سىرى — ئەسرارى ئېرۇر سىرلار ئارا بىر سىر،
ئاقىللار ئەقلى هارغاندۇر بۇ سىرنى كۆپ قېدىرغاندىن.
مۇھەببەتكە سەۋەپ يالغۇز ئەمەستۇر نازىنىنلارلا،
چۈشەر ھەر دىلغا بىر ئىشق شۇ نە.نىڭ ئەكسى ئۇرغاندىن.
يۈزى گۈلدەك قىزىل دەپ، دائىما ماختايسەن يارىڭنى،
نەدەرسەن بۇ قىزىللىق بولسىچۇ ئالداپ ئۇيالغاندىن.
پەرىشان خاتىرەمنى جەم ئېتەر دەپ ئويلىما ئەسلا،
ئىچۇك يەتكەي خاتىرجەملىك ساڭا زۇلفى ② پەرىشاندىن.
ئاتالماس ئارۇ — ئىپپەتسىز كۆڭۈلنىڭ خاھىشى سۆيگۈ،

① بوتا — ئالتۇن ئېرىتىدىغان قاچا. ② زۇلفى — چاچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلەمدۇ مۇشكى ـ ئەنبەرنىڭ ھىدى ئەخلەتچى ـ گوداڭدىن.
ھەقىقى تۇيغۇ يوق دىلدا مۇھەببەت گۈللىرى ھىدسىز،
ئىچۇككىم ئاينە بىبەھرى چۇشكەن ئەكسى بوستاندىن.
مۇھەببەت گۈل تۈرى سانسىز سۆيەر ھەر دىل ئۆزى بىر گۈل،
ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاپ ھوزۇرىنى كۆتەر ئاندىن.
ۋەتەنپەرۋەر يىگىت بول، بولمىغىن ئەلدىن جۇدا ھەرگىز،
كۆيەر گۈل شاخى گۈلخاندا، كېسىلگەندە گۈلۇستاندىن.
مۇھەببەت ـ چىن مۇھەببەت، مانا شۇدۇر: بىباھا گۆھەر،
ئەجەپ راھەتلىنۇر جانلار قۇشى شۇ گۈلگە قانغاندىن.
خىيال ھەرگىز سىنىڭ تەشنالىغىڭنى قاندۇرالمايدۇ،
بولامدۇ تەشنالار سىراپ، ساراپ① دەرياسى ئاققاندىن.
تەپەككۇر باشقا، ئەقىل باشقا، خىيال باشقا بۇنى ئايرى،
كىشى ۋەيران قىلۇر ئۆزىنى خىيالى خامنى قىلغاندىن.
كۆڭۈل نازۇك خەزىنە قىلمىغىل ھەرگىز ئۇنى ۋەيران،
ھەزەر قىل زۇلۇم تىغىدىن دىلى ئازاردا بولغاندىن.
غېرىپلار، خانىۋەيرانلارنى كۆرسەڭ ياردەمدە بول،
ئېچىلغاي بەختى ئىنسانىنىڭ رىياسىز خەيرى ـ ئېھساندىن.
ئىزىلگەن مەزلۇم ئەللەر ئاھىدىن قىلغىل ھەزەر، ياققاي ـ
بۇ ئاھ تەشكەن تۇشۇكلەردىن بالا باشىڭغا ئاسماندىن.
ئۆزەڭگە دوست تۇتۇپلا بولمىغىل مۇمكىن قەدەر دۇشمەن،
ۋاپادار دوست يىغىش ياخشى كۆمۇش ـ ئالتۇننى يىققاندىن.
ۋە لېكىن، دوست ـ دۇشمەن ساقلىنىپ بولمايدىغان ئەھۋال،
بولۇر دۇشمەنلىرىڭ دوست، دوست دۇشمەن دەۋرى ـ دەۋراندىن.

---

① ساراپ ـ ھاۋا قىزىغاندا چۆلدە كورىنىدىغان ھارارەت دەرياسى. يىراقتىن سىزكورىنىدۇ، يېقىن بارسا ھېچ نىمە يوق.

دىمەك، ھەر ئىككىسىدە ئۆزگۈرۈش يۈز بەرگۈسى دائىم،
بۆلەك بىر باشقا يول يوقتۇر بۇنىڭغا تەييار تۇرغاندىن.
دىمىش بىر پەيلەسوپ: " دوستۇڭغا بەرمە ھەممە سىرىڭنى-
ئەگەردە دۈشمەن ئۇلسا سىقلىنالماي قالىسەن ئاندىن.
شۇنىڭدەك دۈشمىنىڭگە ئەيلىمە ھەممە يامانلىقنى،
ئەگەر دوستۇڭغا ئايلانسا خىجىلسەن كۆڭلى سۇنغاندىن.
كۈچۈم بار: بىر يولى يەنجىپ قىلۇرمەن يوق دىمە ھەرگىز،
ھەزەر قىل دەرت چەككەن قەلبىدىكى دەھشەتلى ۋولقاندىن.
ئېنىق بىلكى، پەلەك چەرخى داۋام ماڭمايدۇ مەيلىڭچە،
ھىساۋات بىرىسەن بىر كۈن زۇلۇم تىغىنى چاپقاندىن.
يېقىن دوستتىن كۆرۈلسە ناموۋاپىق ئىش، كېچىر ئانى،
ئەمەس ئەيىپلىك سۈزۈك سۇ، ئانچە - مۇنچە خەس ئېقىتقاندىن.
غازاڭسىز بىر گۈلۈستاندۇر ئەدىپلىك باغۇ - بوستانى،
ئۇنىڭغا يەتمەس زىيان - زەخمەت جاھان جۇتلارغا تولغاندىن.
كىشىنىڭ ئېتىۋارى، ئېتىخارى، قۇدرىتى سۆزدۇر،
بىلۈرسەن پەرق ئېتەر ئىنسان مۇشۇ سۆز بىرلە ھايۋاندىن.
شۇڭا، بۇ قۇدرىتىڭنى ناموۋاپىق جايغا سەرپ ئەتمە،
قەلەم تەگلىك چىكەر ئىلكىڭدە، ناچار سۆزنى يازغاندىن.
يامان سۆز سۆزلىگۈچە سۆزلىمەي قويغان ئېرۇر ياخشى،
بويۇن زۇننارىسىز خوپراق ئىشەك مۇنچاقنى ئاسقاندىن.
تەپەككۇر قۇشلىرى شۇنداق ئاجايىپ تىز پەرۋازكىم،
پۈتۈنلەي تاشقىرىدۇر تىزلىگى ئۆلچەم ۋە مىزاندىن.
مانا بۇ قۇش سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر ئى يازغۇچى بىلسەڭ،
تىرىش! پەرۋازىدىن قايتسۇن ئېلىپ سىر مارس، چولپاندىن-
تەپەككۇر ئەيلە! ياز! يازغان سۆزۈڭ كۆپ مەنىدار بولسۇن-
نە ھاسىل پايدىسىز سۆزدىن قۇرۇق قۇرلارنى تىزغاندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com

يېراقنى ئويلا، ھەرگىز قىسقا ئوي بى ئاقىۋەت بولسا،
كىشى بى ئاقىۋەتلىكتىن تولا چاغ ئايرىلۇر جاندىن.
«تومۇرنى قىسقا كەس ئۈيىغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇنراق كەس»①
بۇۋاڭ شۇنداق سالاتتى جار ئۆتمۈشتە تىيانشاندىن.
ئۈمىتلىك بول، ئۈمىتسىزلىك كىشىگە ئەڭ ئېغىر ئاپەت،
نەسىۋىسى ئۈمىتسىزنىڭ مۇرادسىزلىق بۇ داسقاندىن.
ئۈمىتتۇر روھ پەرۋەر تەن بىلەن جېنىڭغا زور قۇۋۋەت،
قارا ئۈمىت كۆچىنى سەن ھوسۇل خۇشتارى دىخاندىن.
قاناتى بىرلە قۇش ئۇچسا، ئۇچۇر ھىممەت بىلەن ئادەم،
زىيانلىقراق ئەمەس ھېچ نەرسە پەس ھىممەتتە بولغاندىن.
كۈرەش دۇنياسىدا مەخسەت قۇشىنى ئوۋ قىلۇر بولساڭ،
يېتەلەيسەن بۇ مەقسەتكە ئۈمىت تورىنى قۇرغاندىن.
كۆزى ئاچ تويمىغۇرلىقتىن ئۆزۈڭنى ساقلىغىل زىنھار،
بولۇپ قالما چۈمۈلدەككى چىشلەر ئۇچرىغان داندىن.
قاناتەت تاغىغا قون، بول! ھۇما② دەك ھەممىدىن ئازات،
كېتەر قەدرىڭ چىۋىندەك شىرىلىك ھەر جايىغا قونغاندىن.
ئۆزۈڭنى تۇت كىچىك، ھەرگىز تەكەببۇرغا ئورۇن قويما،
نەھاسىل مىۋىسىز شاختەك ئۆسۈپ شۇنداق غادايغاندىن.
غورۇرى بار كىشىلەرنى يەنە ئېيتما تەكەببۇر دەپ،
مەزەللەتكە③ تاۋازۇ - نام ئىبارەت سىرنى يالغاندىن.
غۇرۇرى بولمىغان شەخسدە كۈرەش روھىنى تاپماق تەس،
مەزەللەت قۇللىرىدۇر نا ئۈمىت ئىززەتشەرەپ - شاندىن.

---

① «دىۋان لۇغەت تۈرك» تىكى خەلق ماقاللىرىدىن.
② چىرىگەن سۆڭەك يەيدىغان قۇش، قانائەت سىمۋولى.
③ مەزەللەت - خارلىق.

غۇرۇر بىرلە تەكەببۇر، خارلىق بىرلە تاۋازۇنىڭ،
چېكى بار پەرق ئېتەر ھەركىم ئېقىل شەمىنى ياققاندىن.
كىچىكلەرگە ھاقارەتلىك قاراشتىن دائىما ساقلان،
قىلۇر بەزىدە يىگىنە ئەڭ مۇھىمراق ئىشنى بازغاندىن.
كىشىلىككە زىت ئولغان ھەممە ئىشتىن تۇت يىراق ئۆزنى،
تىرىش بارلىق جەھەتتە پاك بولۇشقا ئەيىپ - نۇقساندىن.
ئۆزىنى پاك تۇتماي باشقىلاردىن رەنجىسە بولماس،
ناھاسىل يۈزدە كىر، ئەينەك قاراپ، ئەينەكنى چاققاندىن.»
ئاخىردا نەي سادانى شۇ قەدەر مۇڭلۇق تۇس ئالدىكىم،
بۇ ئۈن تەسىرىدىن تولدى يۈرەكلەر ھىس، ھاياجاندىن.
دىدى نەي: ئى كىشى ئويغان! غەپلەت ئۇيقىدا ياتما،
كېتەر بىر خىش ھاياتىڭدىن مىنۇت ئۆمرۈڭ يوقالغاندىن.
غەنىمەتتۇر ھاياتىڭ، ياشلىغىڭ: ھەگىز زايا قىلما،
نە پايدا ۋاقتى ئۆتكەندە يىگەن قاتتىق پۇشايماندىن.
بولۇر بىر كۈن قارا باشىڭ چېچەكلىك شاخلىدەك ئاپپاق،
ئىگىلۇر سەرۋىدەك قەددىڭ، قالۇرسەن ھەممە دەرماندىن.
ئىپار باشىڭغە سۇرتۇلگەي زامانىڭ قولىدىن كافۇر،
كۆرەرسەنكىم تىنىڭدە ئۆزگۈرۈش ياشلىق يوقاتقاندىن.
ئاچۇرسەن شۇندا ئۇيقىدىن كۆزۈڭنى سەسكىنىپ، ئەمما-
تاپالمايسەن بۇ دەردىڭگە داۋا ئەيسا ۋە لوقماندىن.
نەتىجە شۇ ئىكەن ئەمدى نىمە ئىش قىلغۇلۇق ئاخىر؟
ئۆزۈڭ تاپ چارىسىنى تەكشۇرۇپ سەن ئەقلى دىۋاندىن.
يېشىل كۆك گۇمبەزى گىرۋەكلىرى ئالغاچ شەپەقتىن رەڭ،
چىقاردى نەي ئاخىرقى ئۈن، ئىبارەت ھىجرۇ - ئارماندىن.

دىدى: قۇرىغان قۇمۇشەن چىقتى مەندىن شۇ قەدەر ھىكمەت-
بۇنىڭ ئەسرارى شۇدۇركىم، سۇ ئىچكەنمەن نىستاندىن.①
ئۈزۈم ئۈنگەن تۇپا ھەم ئەسلى نەسلىمدىن قۇۋەتلەنگەن،
ۋۇجۇدۇمدا تۆشۈكلەر، نەغمە – سازدۇر بەھرەلىك ئاندىن.
شۇڭا، مۇڭلۇق سادايىم ھەم پۈتۈنلەي بىر ھەقىقەتتۇر،
تەپەككۇر قىلغۇدەك بولساڭ، قىممەتلىك ئۈنچە – مارجاندىن.
ئىشتىكەچ بىباھا شۇنچە نەسىھەتلەرنى شۇ تاڭدا،
كۆڭۈل ئاينەسى تاپتى جۇلا ھەر تۈرلى توزاڭدىن.
تەپەككۇر قۇشلىرى قوندى قەلەمنىڭ ئۇچىغا ئەگىپ،
دىدى: ئىلھامىغا چاپماسمەن، مۇشۇنداق مەنىلىك داندىن.
ئۈزۈلدى نەي ساداسى، بۇ زىيائى ئىنتىزارلىقتا،
تىزۈپ ئۈتسە گۈزەل گۈلدەستىلەر ئىلمى گۈلۈستاندىن.

## غەزەللەر

يار كىمەك بولسا ساڭا بار ياخشىلىقنى يار تۇت،
ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى دىلبەرۇ – دىلدارى تۇت.

نازىنىن قىز ھۆسنىگە سەن بولما مەغرۇر، ئەي يىگىت،
گەر تەرەققى ئىزدىسەڭ راھەتنى سەن ئەغيار تۇت.

بولما ئاشىق ھەر گۈلۈستان گۈلىغا بۇلبۇل كەبى،
تۇل ئۈزەڭ بۇلبۇل، ۋەتەننى بىر گۈزەل گۈلزارى تۇت.

① نىستان – قۇمۇشلۇق.

تاڭ سەھەر گۈل شاخىدا بۇلبۇل قونۇپ سايراپ دېدى،
گۈلغا كىم «ئەي گۈل ئۆزەڭنى ئويلا بىئازار تۇت».

تۇت دىلىڭدا ئەي زىبائى، ئۇشبۇ سۆزنى ھەر زامان،
تىزدىسە ھەركىم ھەقىقەتنى، ئۇنى سەن يار تۇت.

× × ×

قېنى تاڭنىڭ نەسىمى كەلسە كۆڭلۈمنى باھار ئەيلەپ،
خازان بولغان يۈرەكنى قايتىدىن بىر لالىزار ئەيلەپ.

قىزىل گۈل غۇنچىسىدەك دەرتلىك كۆڭلۈم تەبتە قاندۇر،
ئۈمىدىم بۇلبۇلغا ئۆتتى ئۆمرۈم ئىنتىزار ئەيلەپ.

بويۇن ئەگمە سەن چىمەندە سۇمبۇلۇ نەرگىسكە مەھبۇبۇم،
نازاكەت بىرلە ئەسىرۇ سۇمەنگە ئىپتىخار ئەيلەپ.

مېنىڭكى مەقسىدىم بولماق ئىرۇر يار كويىدا قۇربان،
ۋە لېكىن ئۇ يۈرەردائىم يەنە ئەغيارنى يار ئەيلەپ.

تىلەر مەنكىم كۈنى بولغايمۇ يارىم بىر نەزەر تاشلاپ،
ئىچۇك ھالىڭ دىگەي بارچە رەقىپنى شەرمىسار ئەيلەپ.

زىبائى دىلبىرىڭ ئاسان ئەمەستۇر كەلمىگى قولغا،
كىلۇرمۇ قولغا يا كەتكەيمۇ دۈشمەنلەرگە خار ئەيلەپ.

× × ×

يۈرت ئەل ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.

خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

جاھان شۇ جاھان كەلگەنلەر كىتەر،
ئۆزدىن ياخشى ئىز قويۇپ كەتكۈلۈك.

ياخشى ئىز نىمە؟ ئەل ئۈچۈن خىزمەت.
ئەمەس ياخشى ئىز مال ئىلە مۈلۈك.

ئەلنىڭ ھاياتى ئەگەر تىلەركەن،
جاننى شادلىنىپ ئۇنى بەرگۈلۈك.

تىرىشىپ ئالغا چەكسە ھەم مىھنەت،
تارىخ چارخىنى ئالغا سۈرگۈلۈك.

زامان گەرچە، ئۇ، نا مەرت زاماندۇر،
مەرت يىگىت بولۇپ دەۋران سۈرگۈلۈك.

ھايات كۆرەشتىن ئىبارەت ئىرۇر،
توسالغۇلارنى كۆرۈشۈپ يەڭگۈلۈك.

غايىلىق شەخسكە دۈشمەن كۆپ بولۇر،
ئۇنداق دۈشمەننى توزاقغا كۆمگۈلۈك.

شەخسى دۈشمەنلىك يىگىتلىك ئەمەس،
يۇرت ئەل دۈشمىنىنى دۈشمەن بىلگۈلۈك.

ئۇ تۇق ئالماقتا چىداملىق شەرتتۇر،
قىيىنچىلىقتا چىداپ كۆرگۈلۈك.

تاماگەر بولۇپ تىرىك تۇرغۇنچە،
قانائەت قىلىپ ئاچتىن ئۆلگۈلۈك.

بۇمۇ ھەم يەنە يىگىتلىك ئەمەس،
ئىشلەپ لوقما يەپ ئازات يۈرگۈلۈك.

سەئى غەيرەتكە تايىنىپ تۇرۇپ،
مىراد غۇنچىسىنى زاماندىن ئۈزگۈلۈك.

تۈلكىلىك قىلىپ ھايات سۈرگۈنچە،
شىرانە سۆلەت بىلەن ئۆسكۈلۈك.

ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىيا:
يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە كۈلگۈلۈك.



www.uyghurkitap.com



# تۇرغۇن ئالماس

تۇرغۇن ئالماس 1924 - يىلى قەشقەردىكى بىر شەھەر كەمبەغىلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرگە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان 1940 - يىلدىن باشلانغان. ۋەتەن - خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلغان. جەڭگىۋار شائىر ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 40 نەچچە يىل مابەينىدە «تارىم شاماللىرى»، «تاڭ سەھەر» قاتار-

لىق شېئىر توپلاملىرىنى؛ « پىچاق » دىراممىسىنى؛ « لەيلى »،
« قەشقەر قىسمىسى »، « ئەخمەتجان قاسىمى قەشقەردە » قاتار-
لىق رومان ۋە ھېكايىلارنى؛ « ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى »،
« ئۇيغۇر خاقانلىقى »، « قاراخانىلار تارىخى » قاتارلىق كۆپ-
لىگەن ئىلمى ئەسەرلەرنى يېزىپ، خەلققە تەقدىم قىلدى بىلەن
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدىبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا
تۆھپە قوشتى.

شائىر خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش
بولغاچقا، خەلق ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ.
ئۇنىڭ « تەنلىرىم ياپراق » ناخشىسى ئۇزۇن يىللار مابەينىدە
تېخىمۇ چوشمەي، ئەيتىلىپ كەلمەكتە.

# جەنۇپ سەپىرىدىن خاتىرىلەر

## ئازاتلىق كۈيچىسى

(ل. مۇتەللىپنى ئەسلەپ)

خانتەڭرى باغرىدىن كېلىدۇ ئېقىپ،
كۆكىرەپ، دولقۇنلاپ ئاقسۇ دەرياسى.
شۇ دەريا بويىدا، يالغۇز قەۋرىدە،
ياتىدۇ مۇتەللىپ ـ ھۆرلۈك بىماسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلگەندە مۇقەددەس قەۋرە تۈۋىگە،
جۈغرۇقۇپ تەنلىرىم، ئېگىلدى بېشىم.
قوشۇلدى دولقۇنلۇق دەريا سۈيىگە،
ھەسرەتتە تاراملاپ ئاققان كۆز يېشىم.

سەن ئىدىڭ بىر يۇلتۇز قاراڭغۇ تۈندە،
بۇلۇتلار كۆكسىنى يېرىپ چاقنىغان.
سەن ئىدىڭ بىر بۇلبۇل ئەلنى ئويغىتىپ،
ئازاتلىق كۈيچىسى بولۇپ سايرىغان.

سېنىڭدىن ئۆلگەندەك چۈچىگەن قانخور،
بېشىڭنى كەسكەندە كۈلدى قاقاھلاپ.
ۋە لېكىن كۈلكىسى بارمىدى ئۇزاق،
ئازاتلىق مەشئىلى ياندى پاراقلاپ.

ھەيۋەتلىك خان تەڭرى قىيا تاشىغا،
شۇ ئۆلمەس نامىڭنى نەقىشلەپ ئويدۇق.
قەۋرەڭنىڭ ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق باشىغا،
ياپ-يېشىل ئارچىدىن كۆچەتلەر قويدۇق.

ھەر كېچە رۇجەكتىن باقسام يىراققا،
چاقنايدۇ بىر يۇلتۇز قەۋرەڭ ئۈستىدە.
شۇ يۇلتۇز غايەڭگە بولۇپ بىر نىشان،
ئەبەدى چاقنايدۇ ۋەتەن كۆكىدە.

1983-يىل 22-ئىيۇل، ئاقسۇ.

## ئەسلەش

(كورلا قىزىغا)

I

بىلمىدىم نە سەۋەپ سىنى چۈشۈمدە،
پات - پاتلا كۆرىمەن ئايدىڭ سەھەردە.
تۇرسەن، ياشلىقىڭ چىچەك ئاتقان شۇ،
قىرق يىل بۇرۇنقى گۈزەللىگىڭدە.

ئويغىنىپ قارىسام كىلەر يادىمغا،
دەل ئەشۇ چاغدىكى ھۆسنى- جامالىڭ.
ھەر قاچان ئەسلىسەم سىنى ئەي دىلبەر،
ئوت بولۇپ كىرىسەن قەلبىمگە مىنىڭ.

II

قىرقىنچى يىللىرى باغراش دولقۇنى،
غەزەپلىك قوزغىلىپ گۈكىرەپ تۇرغان.
تۇمانلىق كۆنلەرنىڭ قىممىتى بىزنى،
زار- زار قاخشىتىپ، يىراقلاشتۇرغان.

شۇ كۈنى كىتەردە قارىسام ئارتقا،
سەن قالدىڭ ياش تۆكۈپ، ماڭا تەلمۈرۈپ.

سەل ئۆتۈپ تۇمانلار قوينىدا گويا-
مەن سېنى كۆرەلمەي كەتتىم ئاھ... ئۇرۇپ.

× ×

ئېھ... بۈگۈن ئۇچرۇشۇپ قالدۇق تۇيۇقسىز،
چېچىڭغا قونۇپتۇ كۈمۈشرەڭ قىرو.
ۋە لېكىن نۇرلىنىپ كېتىپتۇ ھۆسنىڭ،
بىلمىدىم، بەختىڭنىڭ بەلگۈسىمۇ بۇ؟

1983 - يىل 24- ئاۋغۇست، گورلا.

## پارچىلار

تۈزۈلمىسە ئۆمرۈم سازىنىڭ تارى،
ئېرىتالماس ئۆمۈرنىڭ چاچتىكى قارى.

× ×

ئىچى تار مەخلۇقتىن چىقمايدۇ ئادەم،
ئۇيۇل تاش ئىچىدىن چىقمىغاندەك سۇ.
ساتقۇنلار بولىدۇ رەسۋايى ئالەم،
تۈلكىدىن مىڭ ھەسسە بولغاندىمۇ قۇۋ.

× ×

دەپتىكەن دانىشمەن: «تەسادىپ ئامەت-
ئىنسانغا ئۇشتۇمتۇت يولۇقماس ئاسان».

بەختلىك، بەختسىز بولۇشمۇ بەلكى،
تەبىئى تەقدىرمۇ، جاۋاپ قىل ئىنسان.

× ×

قىزغۇنغا ياندىشىپ لاچىنىڭ قاچان،
بىر شاخقا قونغىنىن قېنى كىم كۆرگەن؟
بۆرىنى دوست تۇتۇپ مەردانە سەركە،
ئۆمرىنى تىنچ ئامان قەيەردە سۈرگەن؟

1983-يىل 4-ئاۋغۇست، قەشقەر.

# ئىككى شېئىر

## گۈلباھار

كەتكىنىمدە باغلار ئارا كۆرۈندۈڭ،
كۈلۈمسىرەپ قولۇڭ سوزۇپ يىراقتىن.
يېنىپ ساڭا باققىنىمدا تەلمۈرۈپ،
غايىپ بولدۇڭ كۆز گۆھىرىم چىراقتىن.

تاڭدا كەلدىم باراقسان باغ ھويلىغا،
يوق ئىكەنسەن، باشلاندىمۇ جۇدالىق؟!
شاختا ئالما مارىشىدۇ قىزىرىپ،
تەبەسسۇمى سېنىڭكىدەك خۇمالىق.

يورۇق، جىم- جىت دېرىزەمنىڭ ئالدىدا،
ئۈستى ئالما، سېنى ئەسكە سېلىپ، يار.
چېچەكلەردىن كەلسە خۇشبۇي ھىدلىرىڭ،
كەپتۇ دەيمەن ئالدىمغىلا گۈلباھار.

قاچتى، ئۇيقۇ، تاشتى ئارمان بۇلاقىم،
باغدا بۇلبۇل سايرىماقتا يېقىملىق.
سەھەر باقسام يىراق تاغدىن قۇياشىم،
چىقىپ كەلدى خۇددى سەندەك چىرايلىق.

1964 -يىل، ئۆكتەبىر، قەشقەر

## مېھمان

ھاياتلىق قىسمىتى قىلدىمۇ شەپقەت،
ئەجىبا، يولۇقۇپ قالدۇق ئىككىمىز.
ئۆزۈڭدىن سېغىنىپ يۈرگەن يۈرەكتەك،
شۇ كېچە سىردىشىپ قالدى مېھرىمىز.

گۈل بەرگى شامالدا پىچىرلىغاندەك،
نىمانچە تىترەيدۇ سېنىڭ ئاۋازىڭ؟
چىمەندە كېپىنەك قوغلىغان قىزدەك،
نىمانچە يېقىملىق سېنىڭ شوخ سازىڭ.

ئىككىمىز جاھانغا قانچە كۈن مېھمان،
ھازىرچە بۇ بىزگە سىرلىق تېپىشماق.
بىر كۈنى يا سېنىڭ، يا مېنىڭ كۆزۈم،
يۇمۇلسا ھاجەتمۇ ئۆكسۈپ يىغلىماق.

1964 - يىل، ئۆكتەبىر، قەشقەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قۇربان ئىمىن

قۇربان ئىمىن 1914 ــ يىلى قەشقەر شەھەرىدە ئوقەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937 ــ يىلدىن باشلاپ ئەدەبى ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

ئۇ، 40 نەچچە يىلدىن بېرى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن باشقا سەھنە ئەسەرلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بالىلار ئەدەبىياتى، نەسىر ۋە ئەدەبى ماقالىلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جامائەت ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان. ئازاتلىقتىن بۇرۇن «شىرىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ( باشقىلار بىلەن بىرلىكتە )

نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قامال قىلىنى—
كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

پارتىيە 3- ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، شائىرنىڭ «تارى— غەزەللىرى»، «قەشقەر ئاۋازى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئارقا— ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يەنە «مېنىڭ ناخشام» ناملىق 3- شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپ— شۇردى.

قۇربان ئىمىن ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭ— گو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## مېنىڭ ناخشام

(ناخشا تېكىستى)

جاراڭلايدۇ مېنىڭ ناخشام،
تىيانشاندىن سەھەر، ئاخشام.
يۈرەك يايرايدۇ شاتلىقتا،
ئۇلۇغ بېيجىڭگە مەن باقسام.

مېنىڭ ناخشام بىلەن سىرداش،
ۋەتەننىڭ تاغۇ - دەرياسى.
غۇلاچ ئاتقان ئىلىم - پەنگە،
تۈمەنمىڭ گۈلى رەناسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوقۇيدۇ مەدھىيە دائىم
كۆرەشچان ئەلگە دۇتارىم.
يېڭى مەزمۇن- ھايات بەردى،
مېنىڭ ناخشامغا دەۋرانىم.

## تولۇن ئاي

(ناخشا تېكىستى)

ئاسماندىكى تولۇن ئاي،
سەن نىمانچە خۇشچىراي؟
نۇر چاچىسەن ئالەمگە،
سەيلە قىلىپ توختىماي.

توسسا بۇلۇت يۈزۈڭنى،
رۇجەكلەردىن مارايسەن.
كۆرسىتىپ سەن قېشىڭنى،
زوقىمىز بىلەن قارايسەن.

سۇ تۇتسام سەن بېشىمدا،
ئىلھامچى سەن قېشىمدا.
ھەممۇ ئەلگە نۇر چاچاي،
ئىجادىمدا- ئىشىمدا.

1980 - يىل، 31- دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# ياڭرات يېڭى ناخشاڭنى!

(مەكىت ناھىيىلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا بېغىشلايمەن)

خۇشتارلىق بولۇپ كەلدىم، ياڭرات يېڭى ناخشاڭنى،
ئىجات گۈلىگە پۈركە بۇ گۈزەل گۈلۈستانىنى!
ئالتۇن قەلىمىڭ تىزغىن ئۈنچە - دۇردانە،
خەلقىمىزگە تەقدىم قىل، كۈتكەن ياخشى داستانىنى!
دەۋرىمىز ئۈمىدى زور بارچە قىرى، ياشلاردىن،
يېڭى مىۋىلەر بىرلە تولدۇر سەنمۇ داسقانىنى!
يىڭنىدە قۇدۇق كولاپ، سۈزۈك سۇ چىقارغاندا،
گۈللەتمەك ئەمەس مۇشكۇل قەلب دۇنياسى- بوستاننى.
تارىم بويىدا كۆردۈم، جۈرئەتلىك ئوغۇل- قىزنى،
دەستە - دەستە قەغەزگە مەرۋايىتنى تىزغاننى.
سايراشلىرى گوياكى يېڭى باغدىكى بۇلبۇل،
قالىغاچلىرى ئويناپ، ئوت چاقناتتى مەيداننى.
سازەندىلىرى مەشرەپتە كۆڭۈللەرنى شاد ئەتتى،
سالدى لەرزىگە ئاخشام داپ، راۋابى... ئاسماننى.
چوققىغا قاراپ ئۆرلە، مېھنىتىڭ بىلەن گۈللە،
سەنمۇ تۆھپە قىل قۇربان ئەلگە يېڭى چولپاننى!
ئىلھامغا تولۇپ قەلبىم، ئاقتى خۇددى تارىمدەك،
دولان خەلقىغە تۇتتۇم، خۇشپۇراق بۇ رەيھاننى.

1982-يىل، 27-ئاۋغۇست، مەكىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مۇخبىر ئىنىمغا

—خوش كېلىپسىز!
ھال سوراپ مۇخبىر ئىنىم،
يايرىدى سىزنى كۆرۈپ جانۇ تېنىم.
سىزگە نەدىن سۆز ئاچاي، دەپ ئويلىدىم،
يۈز كۆرۈشتۇق گال پىچاق بولدى تىلىم.

ئېيتتىڭىز:
«قانداقچە تۆھپەڭ بار سىنىڭ؟»
بۇ خىجالەتتىن قىزاردى يۈزلىرىم.
خۇددى ئۇچراشقان كەبى باغدا "سەنەم"،
ھەن "غېرىپ» ئاشىق مىسال سۆزلەلمىدىم.

1982- يىلى، قەشقەر.

## ئىز باسارىم بولۇپ قال

ئىز باسارىم بولۇپ قال، ئىلمۇ پەننى ئۆگىنىپ،
يورۇسۇن قەلبىڭ تولۇق مەرىپەتتىن نۇرلىنىپ!
ئىلمۇ-ئىرپان بۇلىقى تەشنا دىلنى قاندۇرار،
ئاچ بۇلاقنىڭ كۆزىنى شىجائەتنى قوللىنىپ!
تىلىم-بىلىم بىلسەڭ سەن بولالايسەن مۇنەۋۋەر،
يېتەلەيسەن مۇراتقا مېھنەت قىلىپ كۆللىنىپ.

بۇ دەۋردە نومۇس-تۇر-بىلىمسىزلىك، نادانلىق،
پەن - تېخنىكا ئىگەللە، سەن ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ،
دەۋرىمىزگە مۇناسىپ مۆجىزىلەر بەرپا قىل،
ئال تارىختىن مۇكاپات ئەلگە ياخشى ئىش قىلىپ!
ئىز باسارىم بولساڭ سەن، بولالايسەن شەرەپلىك،
بىللە مىۋە بىرەيلى مەرىپەتنى كەڭ يېيىپ!
ئىلىم - پەننىڭ چېكى يوق، خۇددى چوڭقۇر دېڭىزدەك،
ئۈنچە - گۆھەر سۈزۈپ ئال، شۇ دېڭىزنى سەن كېچىپ!

1984 - يىل، 29- ئوكتەبىر.

## گۆھەر قىز

(ناخشا تېكستى)

ھەجەپمۇ چىرايلىقسەن،
قانچە كۆرسەم تويمايمەن.
قايىل قىلغاچ جۈرئىتىڭ،
ياخشى يار دەپ ئويلايمەن.

باغدا كاككۇك سايرايدۇ،
تاغدا كەكلىك يايرايدۇ.
ئىش- ئىزىڭنى كۆرگەنلەر،
سېنى ئەلگە داڭلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەن ئۆزۈڭ بىر كەمتەر قىز،
ئەل ئىچىدە گۆھەر قىز.
پەزىلىتىڭ خۇلقۇڭغا،
ھەممىدىن بەك خۇشتار بىز.

1983- يىل، 27- مارت، قەشقەر.

## يېقىملىق

(ياش ناخشىچى ھەبىبە ئىبراھىمغا بېغىشلايمەن)

تورغاي دىسەم، سەھەردە سايرىشىڭىز يېقىملىق،
قەلبىم بېغىدا ھەر كۈن يايرىشىڭىز يېقىملىق.
سىز ئېيتسىڭىز ناخشىنى قۇلاق سالۇر پەرىشتە،
كەلگەي زىمىن لەرزىگە ئاۋازىڭىز يېقىملىق.
ئۆزۈمزاردا تۇرۇپ سىز، بەزمىلەرنى قۇرۇپسىز،
ئاپىرىنلار ئوقۇپ بىز، يوللاشىمىز يېقىملىق.
ئۆزىڭىزنى كۆرمىدىم، غۇنچە گۈل دەپ ئويلىدىم،
دىللاردا بار نامىڭىز، پەرۋازىڭىز يېقىملىق.
ھەن ئۇزاقتىن مۇشتىرى ناخشىڭىزغا ئەزەلدىن.
ئالتۇن كەبى تاۋلانغان ئەشئارىڭىز يېقىملىق.
سىزنىڭ ھەر بىر ناخشىڭىز جانغا ھوزۇر ـ ھالاۋەت،
روھى ئوزۇق ئالامەت، مۇزىكىڭىز يېقىملىق.
رادىيودىن ئاڭلىدىم، سىزنى راستىن داڭلىدىم،

كۆرۈشەرمىز تۇرپاندا، ــ ئويلاشىمىز يېقىملىق.
ياخشى تىلەك تىلەيمەن، كۈللەپ كېتىڭ دېگەيمەن،
ياخشى كەسپنى تاللاپسىز، ئارزۇيىڭىز يېقىملىق.
ناخشىڭىزنى تۇرپاننىڭ كىشمىشىگە ئوخشاتتىم،
دىلدا قالدى تاتلىقى، ئىجادىڭىز يېقىملىق.
ئىجادىيەت تېغىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، دۇر ئېلىڭ،
بولسۇن ئىلىم ــ بىلىمگە بەرداشىڭىز يېقىملىق!
روناق تېپىڭ ھەببەم، غەيرەت قىلىپ ھەمىشەم،
سالام يازدى قەشقەردىن قۇربانىڭىز يېقىملىق.

1984 ــ يىل، 2 ــ ئاپرېل، قەشقەر

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

كوممۇنىستمەن ئىرادەم چىڭ،
چوققىلارغا ئۆرلەيدىغان.
مۇشەققەتنى تاغ سۈيى دەپ،
چوغلۇق كەبى كۆللەيدىغان.

×

يەپ تۇرسەن خەلقنىڭ تۇزىنى،
ئاڭلىمايسەن توغرا سۆزىنى.
قانۇن ــ تۈزۈم بىلەن كۆدەكمۇ،
چەكلىيەلىسۇن مەڭگۈ ئۆزىنى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر بولسا كىشىكى خۇلقى كەمتەر،
شۇدۇر چولپان كىشى قەلبىدە ئەختەر.
باھانى بەرمەسەڭ توغرا ئۆزۈڭگە،
رەقىپ سەمىرىپ ساڭا سانچىدۇ نەشتەر.

×

چىراي بولغان بىلەن ئەنبەر ئەمەس ئۇ،
سىپسىق سۇدۇركى ئۇ كەۋسەر ئەمەس ئۇ.
مۇناپىققا ئىشەنچ قىلسا ئەگەر كىم،
پۇشايمانغا قېلىشىنى ئويلىماسمۇ؟

×

بۈگۈن دوست، ئەتە دۈشمەن بولغۇسى كىم؟
سوئال قويسام بۇ ھەقتە تۇرما سەن جىم.
ئادەم، چىلبۆرىنى پەرق ئەتكۈچى بول،
گويا ئالدىن بىلەر ئالىم، مۇنەججىم!

×

ئىتلەرنىڭ ئادىتى كىشىنى قاۋاش،
قورقما ھىچ، سەن بولغىن يۇۋاش!
دانىشمەنمۇ سەن ياكى جاھىلمۇ؟
ئىتقا بەرىبىر ھەممىسى ئوخشاش.

×

قەلەمنى ھەر كۈنى تەۋرەتكۈم كېلەر،
ھەسرەتلىك قەلبىمنى شاد ئەتكۈم كېلەر.
ئىلھاملار لەشكىرى تەك قىلغاچ ھۇجۇم،
ئۆزۈمنى ئىت كەبى يىۋەتكۈم كېلەر.

×

ئادەمنىڭ ئادىمى ياخشى كىشىدۇر،
ياخشىلىق دانىشمەن زاتنىڭ ئىشىدۇر.
كىبىردىن، غەيۋەتتىن خالى بولماقلىق
يۈكسىلىش يولىدا ئىشنىڭ بېشىدۇر.

×

كوممۇنىست — ۋەتەننىڭ پولات تۈۋرۈكى،
ھەم پويىز ھەم تۆگە... ئۆتەر كۆۋرۈكى.
نۇرانە قوياشنى يەرگە تىكلىمەك —
ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۇنىڭ يۈرىكى.

×

خوشاللىق، قايغۇ، گويا شامغا ئوخشاش،
كىشىلىك لەززىتى مەي — جامغا ئوخشاش.
كىشىنىڭ قەلبىگە مەنمۇ تارالسام،
قىشتىن — ياز غۇنچە گۈللۈك جانغا ئوخشاش.

×

كۆزۈمگە ياش كېلەر ئۆتكەن كۈنۈمگە،
ئۈنى يازدىم يۈرەكتىن راس كۆيۈمگە.
مېنى بىلمەكچى بولسا ھەر كىشىكىم،
قۇلاق سالغاي تولۇق ناخشام — ئۈنۈمگە.

1983 - يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئەينەك

كىشى رۇخسارىنى ئەينەن ئۆزىدە كۆرسىتەر ئەينەك،
چىرايلىقمۇ ۋە يا سەتمۇ، شۇئان تېز ئەكس ئېتەر ئەينەك.

كىشىلىك تۇرمۇشىدا شۇنچە لازىملىق ئىكەن ھەر كۈن،
يىگىت قىزلار ئاراسىدا تولاراق مۆتىبەر ئەينەك.

ئەگەردە قايسى بىر كىمنىڭ يۈزىدە زەررە داغ بولسا،
يېقىن يولداش كەبى شۇدەم ئۇنى سۆزلەپ بېرەر ئەينەك.

جامائەت ئىشلىرىدا شۇنچە مەرغۇپ ھەم گۈزەللىك كۆپ،
مۇساپىپا ئۇنچىدە بارمۇ بىرەر قوم، ئەسلىتەر ئەينەك.

دىمەك: خالى ئەمەس ئادەم ھاياتى ئىچرە نۇخساندىن،
شەرەپ قايسى، نومۇس قايسى؟ كىشىگە ئۆگىتەر ئەينەك.

بۇ ئەينەك بولسا تەنقىتتۇر، زۆرۈر تۇرمۇشتا ئۇ بىزگە،
باھارنىڭ يامغۇرى ئوخشاش چىمەنگە سۇ سىپەر ئەينەك.

قەدىردان دوستقا ئىلھامچى، توسالغۇ رەزگىگە قامچى،
تارازۇ ھەق ۋە ناھەققە، دۇرۇس تەنقىت گۆھەر ئەينەك.

كىشى ئايرىلسا ئەينەكتىن قەيەر مەينەت بىلەلمەيدۇ،
ھېمىشە ياخشى دەرسلىكتۇر، خاتانى تۈزىتەر ئەينەك.

ئومۇملۇقنى تۇتۇپ كۆزدە، قەلەمدىن چاقنىدى چاقماق،
يۈرەككە نۇرىنى چاچقۇن بولۇپ گويا قەمەر ئەينەك.

ۋاراقلاپ كۆرگىنە دوستۇم، يۈرەكتىن چاقنىغان ئوتنى،
ئاچار كۆڭۈلنى بۇ سەنئەت- نەپاسەتلىك ھۈنەر، ئەينەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# نۇر مەھەممەت ئېركى

(ئۆزبېك)

مەرھۇم نۇرمەھەممەت ئېركى 1927 – يىلى قەشقەر شەھىرىدە بىر زىيالى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1944 – يىلى «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا نابورشىك بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا باشلىنىپ، "ئېركى" تەخەللۇسى بىلەن جامائەتچىلىككە تو-

نولغان. ئۇ ئازاتلىقتىن ئىلگىرى « قايىنام ئۆركىشى غەزىلىگە مۇ
خەممەس» ، «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش » ، « ئاق » قاتارلىق
شېئىرلىرى ئارقىلىق خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قار
شى كۈرەشكە ئۈندىگەن ، ئازاتلىقتىن كېيىن ، يۇقۇرى بەدىئى
سەۋىيىگە ئىگە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان . ئۇ پىشقەدەم شا
ئىر بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇ
ناس ۋە چەت تىل ئەدىبى تەرجىمانى ئىدى. ئۇ پارس شائىرى
ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى بىلەن « تەببى يۇسۇپى» ناملىق
كىتاپنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان . 1983 ـ يىلى قەشقەر
ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ « بۇلبۇل ۋە باھار » ناملىق شې
ئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى . شائىر ھاياتىنىڭ چېغىدا جۇڭگو
يازغۇچىلار جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ، « قەشقەر
گېزىتى » نىڭ مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ 1984 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ
14 ـ كۈنى مىڭگە قان چۈشۈش كېسىلى بىلەن بەختكە قارشى ۋا
پات بولدى.

# ۋەتەن ھەققىدە شېئىرلار

## 1

## مىسىرنىڭ پادىشالىقىدىن كەنئاننىڭ گادايلىقى ياخشى

ئىت ئۈچۈن ھەر جايدا بولسا، بىر سۆڭەك بىرنان تۈزۈك،
تەڭ دىمەس ئۆز يۇرتىغا جەننەتنى ھەم ئىنسان تۈزۈك.

"قايدا بولسام كۈن ئۆتەر" دەپ، ئويلىماق ھايۋان ئىشى،
بىر قوساق دەپ ياشىغاندىن بولغىنىڭ ھايۋان تۈزۈك.
پادىشالىق ئوردىدا، ئالتۇن قەپەزدە باقسا ھەم،
بۇلبۇلى شەيداغا ئاندىن، ساددا بىر بوستان تۈزۈك.
بەختۇ - ئامەت ئۆز ئېلىڭدە كەلسە، ئۇ بولغاي لەزىز،
يات ئىچىدە كۈلگىنىڭدىن ئۆز - ئارا ئەپغان تۈزۈك.
ئۆتتى ئۆمرۈم بىر زامان ھەرخىل مۇساپىرلىق ئارا،
ياقمىدى نى - نى مەئىشەت، نى گۈزەل جانان تۈزۈك.
ئۆيگە كەلدىم مەن قاچان، سۆيدۈم ئۆيۈمنىڭ تېمىغا،
مەن دېدىم: ئەي ۋەتىنىم، سەن ھەممىدىن ئوبدان - تۈزۈك...
"ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوشلىغىدۇر، پۈت قولۇمنىڭ بوشلىغى"،
يىغلىغاي ئۆلگەندە سەن، مۇشتىلاشىمۇ تۇققان تۈزۈك.
ياقا يۇرتتا سەيلى قىلغاندىن چۈشۈپ پىكاپقا باغ،
ئۆز ۋەتەن ئىچرە ياتاي، ھەتتا ماڭا زىندان تۈزۈك.
مەرت كېچەردوستۇمۋەتەن دەپ، خانۇ- ماندىن ھەرقاچان،
ياخشى ئادەمگە ئەمەس ئۆز يۇرتىدىن بىرجان تۈزۈك.
ھەممىدىن ئىنسانغا شەكسىز مەرىپەت شۇنداق ئۇلۇغ،
سۆيمىسە ئالىم ۋەتەننى، سۆيگۈچى نادان تۈزۈك.
ئەيتتى بۇنداق "ئېركى" بىر چاغ تەختكە چىققاندا يۇسۇپ:
" مىسىرنىڭ پادىشالىقىدىن، غۇربەتتى كەنئان تۈزۈك".

2

## „ كەنئان ،، توغرۇلۇق ھىكايە

بىر شەھەرنىڭ ئىسمى "كەنئان"، بۇ شەھەردە بارئىكەن، "كاتتا پەيغەمبەر" ئاتالغان بىر كىشى "ياقۇپ" ئىكەن.

ئوغلى ئون بىر، ئەڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ ئىسمى "يۈسۈپ"-
جان ئىكەن ئۇ، بارچە پەرزەنتلەر ئاڭا بولغاندا تەن.
ئايرىلىپتۇر ئوغلى يۈسۈپ بۇ شەھەردىن قىستا گەپ،
مىسىر ئاتلىق مەملىكەتكە، چاپلىنىپ تۆھمەت ئىۋەن.
بەختىگە ئاخىردا بولىش كاتتا سۇلتان مىسىرىگە،
كۆتۈرۈپتۇ ئۇنى ھەممە تاكى ئاسماندىن بەلەن.
ئىككى يۇرتنىڭ پەرقى ئۇچاغ: مىسلى خۇدئاسمان-زېمىن-
چۆل دىسەڭ كەنئاننى گويا، مىسىرى ھەييات بىر چىمەن.
گەرچە كەنئاندا يۈسۈپنى خارلىدىش تۇققانلىرى،
مىسىرىدا سۇلتان بولۇپ، غەم ئورنىدا ئۇ يەپتۇ قەن.
كۆڭلىگە سىغماپتۇ شاھلىق، سېغىنىپتۇ يۇرتىنى،
"ياخشى،- دەپ ئەيتىپتۇ يۈسۈپ،- زاغرا يېسەممۇ ۋەتەن"-

3

## ئەڭ يۈكسەك مۇھەببەت

قايسى بىر دىلدا ۋەتەن ئىشقى ئەگەر پەيدا ئەمەس،
بىر قۇرۇق كۆش دەپ قىياس قىل! ئۇ يۈرەك ئەسلا ئەمەس-
دەل ۋەتەننىڭ سۆيگۈسىدۇر ھەر يۈرەكنىڭ ئۆلچىمى،
ئايرىلار چۈشكەندەبۇ مىزانغا ئىنسان، يا- ئەمەس.
چاغلىغىن سەن قانچىلىك باغرىڭدىكى ۋەتەن ئوتى،
كۆز، قۇلاق، بۇرۇن بىلەن ئادەم ئۆزۈك ھەتتا ئەمەس-
شۇنچە سۆزلەيسەن مۇھەببەت ماجراسىدىن ئاداش،

ھېچ مۇھەببەت ئۆز ۋەتەنىنىڭ ئىشقىدىن ئەلا ئەمەس.
نىمە ئۇ "شىرىن"، ۋەتەن شىرىنلىكىنىڭ ئالدىدا،
قانچە "زوھرا"لەر ۋەتەن زوھراسىدەك رەنا ئەمەس.
ئىلمۇ ھېكمەتتە ئەگەر كىم ئېبنى سىنا بولسىمۇ،
گەر ۋەتەننى سۆيمىسە ئەخمەق دىگىن، دەنا ئەمەس.
ئىزدىسەڭ ئەڭ ئاقىلانە ئىشنى سەن ۋەتەننى سۆي،
ھەر نىچۈك قۇربان بېرىش بۇ يولدا بى مەئنا ئەمەس.
سەن ئەگەر سۆيسەڭ ۋەتەننى، سېنى سۆيگەي كائىنات،
دوست چىقار ھەتتاكى مەھبۇس چاغدا، سەن تەنھا ئەمەس.
كىم ۋەتەننى سۆيسە ئىشلەر ئۇ ۋەتەن راۋاجىغا،
ئىشلىگىن سۆيسەڭ ۋەتەنگە، "ئېركى" سەن مەددا ئەمەس.

## 4

## تۇغۇلماسلىقنىڭ سىرى

چېكرا ساقلامدۇ سوغۇقتا، دىلدا ئاتەش بولمىسا،
قەلبىدە ۋەتەن ئوتىدىن كاتتا بىر مەش بولمىسا.
خۇددى بۈركۈتتەك قونۇپ تاغ ئۈستىگە باتۇر يىگىت،
يىمىگەي ئاچچىق سوغۇق، ئەل يۇرتنى ئەسلەش بولمىسا.
مۇز قۇچاغلامدۇ يىگىت، قەلبىدىكى ۋەتەن ئوتى،
ياخشى قىزنىڭ ئوتىدىن بەك ئۇنى ئۆرتەش بولمىسا.
ياشلىغىنىڭ چىققاي خۇمادىن، ياش كۆچۈكنى ئەلگە بەر،
ياش ئاتالماس "ياش" بىلەن، ياشلىقتا ئۆرلەش بولمىسا.

بولما ئۆلپەت ، قىلما سۆھبەت، دوس بولۇشقا ئەرزىمەس،
ئۆز ۋەتەنىنىڭ بەختىنى ھەركىمدە ئىزلەش بولمىسا.
قىلسا كىم ئۆز زىكرىنى ، قىلماي ۋەتەنىنىڭ پىكرىنى
دىمە ئادەم " ئەل"دىگەندە، ياخشى تەۋرەش بولمىسا.
شېئىر يازماق بىرلە "ئېركى" سەن ئەمەس شائىر تېخى،
جان-دىلىڭدىن ۋەتىنىڭ ئۈستىدە سۆزلەش بولمىسا.

5

## كەپتىرىمدىن ئۆگىنىپ

مەن قىزىقتىم يۇرت سۆيۈشكە كەپتىرىمدىن ئۆگىنىپ،
قىسسە يازدىم سىزگە يانچۇق دەپتىرىمدىن ئۆگىنىپ.
ئىككى كەپتەر بار ئىدى، باقتىم ئۇنى سالدىم قوما...
بەزى كەپتەرۋاز بۇرادەر - دوسلۇرۇمدىن ئۆگىنىپ.
بىرسى نەر، بىرسى مىدە، ئەمما كىچىك ئەردى يېشى،
قالدى ئۆگزەمگە كۆرۈك، بەرگەن دىنىمدىن ئۆگىنىپ.
ئۇچتى كۆككە، سەيلى قىلدى كۈندە نەچچە ئىككىسى،
چۈشتى قايتىپ بەلگە بەرسەم: چىك-چىكىمدىن ئۆگىنىپ.
كۆپ قېتىم تەكرارلىدى بۇ ئىشنى ھەر كۈن بىخەتەر،
بولۇشۇپ قالدى كۆڭۈللۈك دىلبىرىمدىن، ئۆگىنىپ.

× × ×

ئۇچتى بىر كۈن كەچقۇرۇندا، بىرسى قايتىپ كەلمىدى-
بولدى غايىپ ئۆزى ئۆسكەن پەغزىمدىن ئۆگىنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى ئادرېسى

بولدى غەش كۆڭلۈم يېرىم، بىر نەچچە كۈن كەلمەي، كۈتۈپ.
سورۇدۇم ئەھۋالنى مەن ئەتراپلىرىمدىن ئۆگىنىپ.
يادلىنىپ نەر مىدىسىنى، چۆرگۈلۈپ ئۇ ئۈنلىدى...
يىغلىدىم مەنمۇ ئاڭا، شۇ يولدۇشۇمدىن ئۆگىنىپ.
ئۆتتى ئايلار، ئۆتتى يىللار ياتقا ئۇ بولدى ئەسىر،
دەيتتى كەچمەيمەن بىراق، ئۆسكەن يېرىمدىن ئۆگىنىپ.
ئىزدىدى قاچماقلا پۇرسەت، ئۇ بوغۇلغان ئەردى چىك.
دەيتتى ئۇ: بىر كۈن قاچاي، كادالڭ پىرىمدىن ئۆگىنىپ.
كەلدى ئاخىر بىركۈنى ئۆگزەمگە بەش يىلدىن كېيىن،
بولدى ئۇ-شۇنداق ۋاپادار قىرداشىمدىن ئۆگىنىپ.
قوندى ئۇ پەغەزگە بىر چاغ، ھاسىراپ كەتمىش ھېرىپ.
بىل دىدى كەلگەن يېرىمنى چارچىشىمدىن ئۆگىنىپ.
دانلىغان، ئۆسكەن يېرىنى ئۇ كۆرۈلڭ ئۇنتۇمىدى...
قىلدى تەسىر بۇ ماڭا، شۇ جانىۋىرىمدىن ئۆگىنىپ.
ئاھ ۋەتەن شۇنداق ئېزىز: چۆرگەلدى كەپتەر ئۆگزىنى.
قۇمىسىن قىلدى تاۋاپ، ئۇچتى بېشىمدىن، ئۆگىنىپ.
بولدى شۇ كۈن كاتتا بايرام ئىككى كەپتەرگە ئەجەپ.
يوردى قەلبىم ۋەتەنپەرۋەرلىرىمدىن ئۆگىنىپ.
قىلدى ھايۋان جىنىدا دان ھەققىنى شۇنداق ئادا،
مەن نىچۈك بىلمەي بۇ ئىشنى، جان-تېنىمدىن ئۆگىنىپ.
نان ۋە سۇ بەرگەن زېمىن ھەققىنى بىلمەس-كور بولۇر،
"ئېركى» بولدۇم بىر ۋەتەنچى كەپتىرىمدىن ئۆگىنىپ.

6

## ۋەتەننىڭ ئىززىتى ـ سىنىڭ ئىززىتىڭ

كىشىگە ئاخىر ۋەتەندەك ياخشى ئۆلپەت يوق ئىكەن،
كىم ۋەتەنسىز، ئەل ئىچىدە ئاڭا ھۆرمەت يوق ئىكەن.
ئىززىتى ئۆسسە ۋەتەننىڭ، ئىززىتىڭ ئۆسكەي سىنىڭ،
ئەل ۋە يۇرتىنىڭ ئىززىتىسىز، ساڭا ئىززەت يوق ئىكەن.
ياخشى يۈز، كۆركەم لىباس... بەرمەس ھەقىقى بىر جۇلا،
دىل ئارا ۋەتەن سۆيۈشتەك زىبۇ ـ زىننەت يوق ئىكەن.
نىمە بولساڭ بول ئاداش، ئالما ۋەتەننىڭ قاغىشىن!
بارچە ئىللەت ئىچرە بۇنداق ئەسكى ئىللەت يوق ئىكەن.
كىشىلىك مەناسى چوڭدۇر دەل ۋەتەن سۆيمەك بىلەن،
ئەكسىچە ئىنسانلىغىڭدا زەررە قىممەت يوق ئىكەن.
ئابىرۇي ـ ۋەتەن ئۈچۈن يەيت كەلسە كۆرمەگىلىك جاپا...
قارشى ئال ئىزدەپ ئۇنى، شۇ بىر غەنىمەت يوق ئىكەن.
ئوقۇدۇم مەن پەلسەپە ھەم خىمىيە... ھەر ياڭزا پەن!
نەكىبىرەك؟!... ۋەتەن سۆيۈشتەك ئىلمۇ ـ ھىكمەت يوق ئىكەن.
كۆزدە تۇت ھەر ئىشتا ياران سەن ۋەتەننىڭ نەپئىنى،
ئۆلگە تەڭ بارلىق ئىشىڭ، شۇ بىر پەزىلەت يوق ئىكەن.
ئۆلسەن بىر كۈن بىراق، ئۆلمەي دىسەڭ بىر چارە بار:
ئىشلىگىن ۋەتەن يولىدا... غەيرى نىيەت يوق ئىكەن.
ئۆلمىگەي ھەرگىز ۋەتەنچى، زاھىرەن ئۆلگەن بىلەن،
ئۆلتۈرۈشكە ھىچ كىشىدە ئۇنى قۇدرەت يوق ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ى ۋەتەنپەرۋەر جاھاندىن ئۆتتى ئەمما ئۆلمىدى…
شۇ ئىزىزلەرگە بۇ كۈندە كىمدە ھۆرمەت يوق ئىكەن؟!
كەل "مۇھەببەت"لەر تاماملىق! باشىنى قويغىن سەن ئاغا-
سۆيگىندە ئەل سۆيگىنىدەك زور مۇھەببەت يوق ئىكەن.
يارنى تۇتتۇم، سەيرە قىلدىم، چايىندىم ئەنجۇر، ئانار،
قارىسام ۋەتەن سۆيۈشتەك كاتتا نىمەت يوق ئىكەن.
بىر كۆپۈك ئوخشاش ھاياتىڭ ئۆتكۈسى… جەريان ئاشۇ،
ۋەتىنىڭگە بىر تۇتاملىق سەندە خىزمەت يوق ئىكەن.
ۋەتىنىڭ يولىدا ئىشلەپ قىل قازا، بولسا نەسىپ…
مەرت يىگىت سەن ئۆز ئىشىڭغا سەندە مىننەت يوق ئىكەن-
"ئىركى" ئاختارسام دىلىمنى، بەلكى ئالەمگە پۈتۈن،
پادىشالىققا ۋەتەنسىز، مەندە رىغبەت يوق ئىكەن.

1982 - يىل، ئوكتەبىر، قەشقەر.

## شائىرلىق توغرىسىدا پاراڭ

— ھەۋەس قىلسام شائىرلىقنى،
بولامدىكەن ئۆگەنسىكە…
دىدى شۇنداق بىر ئاغىنەم،
— بىركىم بولسا ئۆگەتسىكە.

بەك تەرىشسام ساڭا ئوخشاش،

يالغۇز ئۆيگە كىرىۋېلىپ،

مەن ئۆچۈرسەم، مەن كۆچۈرسەم،

ئالتە قۇرنى يېزىۋېلىپ...

دېدىم : مۇمكىن ئۆگىنىشكە،

تىلىسىم ئەمەس شېئىر دېگەن.

"شېئىر" ئاتاش بىراق قىيىن،

شېئىر يازدىم دېگەن بىلەن.

شېئىر يېزىش ئۈچۈن پەقەت —

شائىرلىق بىر يۈرەك كېرەك.

يۈرىكىڭنى ئۆلچەپ باققىن،

شائىرلىقنى قىلساڭ تىلەك.

— قانداق يۈرەك ئېيتساڭ، — دېدى —

شائىرلىق بىر يۈرەك دېگەن؟

ئاڭلاپ باقسام، چاغلاپ باقسام،

يۈرەكنى شۇ ئۆلچەم بىلەن.

— ۋۇلقان چىقار ھارارەت تاغ،

ئويلا شائىر يۈرىكىنى!

ئاتىيالماس ھېچكىم ئۇنىڭ،

ھېچ ئۆلۈك دەپ ئۆلۈكىنى.

ئەسىرلەرنىڭ كۆز پەسلى ھەم،

سولدۇرالماس پەلىگىنى.
كەسسە كېسەر قىلىچ، ئەمما ـ
قايرىيالماس بىلىگىنى...
ئېقىن سۇدەك توختىمايدۇ،
تۇندە ئايدەك ئۇخلىمايدۇ...
شائىر يۈرەك شۇنداق بىر ئوت،
ئاددى ئوتقا ئوخشىمايدۇ...
كىشى تارتقان ئەلەم ئۈچۈن،
شائىر يۈرەك جىزىلدايدۇ...
ھەقسىزلىقتىن قىلىچە كۆرسە،
پارتلايدۇ ئۇ، شۈك تۇرمايدۇ...
تۇرسا بۇ ئىش ئالەم ئارا:
ھەر ئىككىسى ئادەم تۇرسا،
تۇرسا بىرسى كۆلكە ئىچرە...
بىرسىگە كۈن ماتەم تۇرسا...
بىرى قىشتا يالاڭ ئاياق،
بىرسى "نان" دەپ سازا قىلسا،
بىرى يۇرسە شىكەر سىگمەي،
بىرىگە كېسەل جازا قىلسا...
ناھەق دەيدۇ شائىر يۈرەك،

ھەممە ئادەم دەپ يارالغان.

ئالەم ئۈچۈن بىر ھاياتتىن،

ئۇ پەرۋاسىز بولۇپ قالغان...

شائىر ئىشى، دىدىم پەقەت،

بىر ھەقىقى يۈرەك ياساش.

ھايات ئۈچۈن بىر يۈك ئەمەس،

تالمايدىغان بىلەك ياساش.

1959 - يىل، مارت، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز
## (سۆزۈك)

شائىر سۆزۈك 1920 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1929 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1943 - يىلى باشلانغان ۋە "سۆزۈك» تەخەللۇسى بىلەن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئازاتلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ "4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ،

يېڭى باھار باشلانغاندىن بۇيان، ئۇ قولىغا يېڭىۋاشتىن قەلەم ئ
لىپ، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي ئىجادىيەت بوستانى
يېڭى - يېڭى گۈللەرنى ئېچىلدۇردى. شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئارۇ
ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىيا
تىدىكى كىلاسسىكلارنى ئۈلگە قىلىپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ
ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1983 - يىلى ئۇنىڭ
«يادىگار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ھازىر ئۇ
2 - توپلام ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ
ئەزاسى.

## سۆي ۋەتەننى جان بىلەن

ئى كىشى، سۆيمەكچى بولساڭ، سۆي ۋەتەننى جان بىلەن،
قىل ۋەتەننىڭ خىزمىتىنى جان تىكىپ ۋىجدان بىلەن.
ئورنۇتۇپ مېھرى ئوتتۇك، قەلبىڭنى روشەن ئەيلىگىن،
مىسلى زۇلمەت يورىغان يەڭلىغ ماھى تابان① بىلەن.
كىمكى مەزلۇم ئەل تەرەپتە ، بول ئاڭا مۇشپىق، رەپىق،
تارتما بوي بۇ جايدا ئەلنىڭ غېمى يوق نادان بىلەن.
سال دىلىڭغا ئارزۇ - ئارماننىڭ يەكتا ② گەۋھىرىن،
قىممىتى بولغاي ھاياتنىڭ ئارزۇ - ئارمان بىلەن.
كەل ئۆلۈم مەيدانىغا پۇرسەت تەقەززا ئەيلىسە،
ئەرنىڭ ئالەمدە سىنالغاي ئەرلىكى مەيدان بىلەن.

---

① تولۇن ئاي ② بىرلا، يالغۇز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

قۇژغۇنەك بولماقنى ئار بىل، بول كۆرەشنىڭ بۈركىتى،
تىرە - زۇلمەتنى پاچاقلا خەنجىرى بۈرران③ بىلەن.

## ھايات قانۇنى

كىم تىرىشچاندۇر تاپار روناق - بۇ قانۇنى ھايات،
كىم ھورۇن بولسا ئەگەر، بولغاي سائادەت ئاڭايات.
كىم جاپاسىز بەخت ئىستەر، تاپمىغاي ھەرگىز ئۇنى،
"ئۈژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش"-دەپ تەلمۈرۈپ ياتماق ئۇيات.
ئەمگىكىڭ بىرلە ياشا، تەييار غەنىمەت كۆزلىمە،
ئەمگىكىڭ بىرلە يېگەن لوقماڭنى بىل قەندۇ - ناۋات.
ساقلا ئىنسانى شەرەپنى چىن كىشى بولساڭ ئەگەر،
ئەمگىكىڭ بىرلە گۈل ئۈندۈر، تەر تۆكۈپ بوستان يارات!
يۈگۈرۈپ ئاسانغا - تەييارغا ئىگە بولماق ئۈچۈن،
باشقىلارنىڭ يېمىشىگە كۆز قىزارتما، بولما مات!
كىرمە ئى دوستۇم ئىجازەتسىز بىراۋنىڭ بېغىغا،
بى ئىجازەت كىمكى باققا كىرسە ئالغاي ئوغرى ئات.
ئى سۆزۈك، قىلما تاجاۋۇز غەيرىنىڭ ھەققىگە سەن،
ئۆز كۈچۈڭ - ئۆز ئىقتىدارىڭ سايىسىدا قىل ئىجات!

1981 - يىل.

③ ئۆتكۈر خەنجەر

## كەكلىك بىلەن قاغا

(مەسەل)

يورغىلاپ كەكلىك يۈرەتتى جىلغا ئىچرە شاددىمان،
نازىنىنلارچە نازاكەت كۆرسۈتۈپ ئويناپ ئامان!
ئۇ، تەبىئەت قۇچىغىدا ئەرك بىلەن يايرار ئىدى،
تاغۇ - تاشلارغا جاراڭلاپ كۈلكىسى ياڭرار ئىدى.
بىر كۈنى كۆردى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا ناگىھان،
بىر قارا مەخلۇق ئۇنى دوراپ يۈرەتتى ھەر قايان.
دېدى: "كىم سەن مېنى دوراپ مۇندا يۈرگەن، ئى قار
قايسى مەقسەت بىرلە كەلدىڭ سەن بۈگۈن بۇ تاغ ئارا
دېدى: "مەن پەررەندە جىنسىدىن ئىتىم قارغا بولۇر،
مەن ئەمەس يوچۇن كىشى بەلكى مېنى ھەممە تونۇر.
مەن سېنىڭ گۈزەل سىياقىڭنى كۆرۈپ بولدۇم ئەسىر،
بۇ چىرايلىق يۈرۈشىڭنى ئۆرگىنىشكە مۇنتەزىر".
دېدى كەكلىك قاغىغا: "ئاۋارە بولما، ئى نادان!
كەلمىگەي بۇ ئىشنى ئۆرگەنمەك قولۇڭدىن ھېچ قاچان
تۇغما مۇنداق چىرايلىق يورغۇلاپ يۈرمەك ماڭا،
يارىشىملىق قەھقەلەر ئەيلەپ بۇ خىل كۈلمەك ماڭا".
كۆنمىدى بۇ سۆزگە قارغا ئۆز كېيىدە چىڭ تۇرۇپ،
چۈشتى كەكلىك يۈرۈشنى ئۆرگىنىشكە يەڭ تۈرۈپ.
قارغا كەكلىكتىن ئۆگەنمەكنى ئاسان قىلدى گۇمان،
ئارىدىن ئۆتتى بۇ سەۋدالار بىلەن نەچچە زامان.
قارغا ئەسلى يۈرۈشنى ئۇنۇتۇپ، قولدىن بېرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۈرگۈنەلمەي قالدى كەكلىك يۈرۈشنى ھېچ قىلىپ.
كىم قولىدىن كەلمىگەن بىر ئىشقا ھەركەت ئەيلىسە،
يوق ئەجەپ، بۇ قارغىدەك ئاخىر نادامەت ئەيلىسە.

1981 - يىل.

## تارىم دەرياسى

ھەۋج ئۇرۇپ ئاقىسەن تارىم دەرياسى،
شاۋقۇنۇڭ خەلقىمنىڭ يۈرەك ساداسى.
دوستلارغا شەربەتسەن، دۈشمەنگە ئوغا،
ۋادىلار باغرىنىڭ سۆيۈك داۋاسى.

سەن بىلەن بۇ دىيار بولغاندۇر گۈلشەن،
سەن بىلەن بۇلبۇللار قاقىقاندۇر قانات.
سەن بىلەن ھاياتنىڭ كۆزلىرى رۇشەن،
سەن بىلەن توقچىلىق تاپقاندۇر ھايات.

خامەلۇم زاماندىن بىرى ئاقىسەن،
گاھ تېشىپ، گاھ پەسلەپ، چاقىسەن گىرۋەك.
دالىلار باغرىنى قاندۇرۇپ سۇغا،
ئازۇ - نېمەتلەرنى بېرىسەن ئەلۋەك.

قوينۇڭدا زۇمۇرەت كەبى سۇلىرىڭ،
دۆزەخنىڭ قولىدا تىزگىن - چۇلۇۋۇرۇڭ.

ئاقسەن ئېقىننى بۇزۇپ ئۆزگەرتىپ،
ئاجايىپ كۈچلىكتۇر سېنىڭ غۇرۇرۇڭ.

مەغرۇر قىياپەتتە ئېقىپ ھەر قاچان،
جىمىرلاپ، تىنىمسىز بوپ كەلدىڭ راۋان.
يېشىڭ كۆپ ئۇزۇندۇر سېنىڭ بى گۇمان،
كۆزۈڭدىن تارىخنىڭ سىرى نامايەن.

قۇشلار تەلپۈنۈپ قاققاندەك قانات،
قىرغاقلار، داللار تەلپۈنەر ساڭا.
سېخى سەن، لىۋىڭدىن تۆكىسەن ناۋات،
شۇڭلاشقا لەززەتلىك لوقماڭ ھاياتقا.

ئۇ يەرنىڭ چامىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن،
نۇرلۇنۇپ ئاقىدۇ سەندە سىماپسۇ.
ھۆسنۈڭگە تىكىلىپ قانماس يۈرەكلەر،
ھاياتقا ھاياجان، ئىپتىخار تۇيغۇ.

ئاق تارىم دەرياسى، ئاق ئابى ھايات!
ھەر قەترە سۈيۈڭنىڭ قىممىتىدۇر قان.
ئۆركەشلە مەۋج ئۇرۇپ دىلنى ئەيلە شات،
سەن ئەزىم دەريا سەن، تونۇيدۇ جاھان!

نىلۇپەر گۈمبەزدۇر تاكى بەر قارار،
داۋالغۇپ، مەردانە ئۈزۈپ ئېقىۋەر!
سەن بىلەن گۈللەنگەن بىزنىڭ بۇ دىيار،
سەن بىلەن ھەمنەپەس بىزنىڭ قانۇ - تەر.

1982 - يىل

www.uyghurkitap.com

## بەخت - كۈرەشتە

ئىستىسەڭ بەختىڭنى، بول ئوت ئىستىگەن پەرۋانىدەك،
تۆك تېرىڭنى بەخت يولىدا، تۆكمە ياش خۇنابىدەك.
بارمىغىن ئىستەپ يىراق، بەختتۇر ئۆزەڭنىڭ ئىلكىدە،
ئۇ كېلۇر قولغا، كۈرەش قىلغاندىلا مەردانىدەك.
بەخت قاچار كۆز ياشىدىن، يىغلاڭغۇنى ئۇ خۇشلىماس،
قايسى كۆز بولسا قۇرۇق بولغاي ئاڭا جانانىدەك.
سارغىيىپ يۈرمە تەرەھھۇملار① سوراپ ھەر كۈي ئارا،
ئۆلگۈنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ يۈرگىنىڭدىن سايىدەك .
تىلىمە شەپقەتنى، شەپقەتچىلىك ئۆزەڭنىڭ ئەمگىكى،
بىلمىسە ئۆز قەدرىنى كىم بولغاي ئەزىز دۇردانىدەك.
باغلا ئۆز بەختىڭنى ئەل بەختىگە تەقدىرداش بولۇپ ،
كىم تاپار بەختىنى بىر چەتتە تۇرۇپ بىگانىدەك ؟
ئى سۆزلۈك، دۇنيا كۈرەشتىن بىر مىنۇت خالى ئەمەس،
بىلمە سەن تىپ - تىنچ ئۇنى ئۇخلايدىغان بىر خانىدەك.

## ھەرگىز

كۆڭۈل ئايىنەدۇر پاك ساقلا - كىر قوندۇرمىغىن ھەرگىز!
ئۇنى ئاسرا، جاھالەت ئىلكىدە سۇندۇرمىغىن ھەرگىز!
ئىلىم - پەندىن يورۇت، نۇر چاچسۇن، ئەتراپقا چىراق يەڭلىغ،
ئۇنى بۇ ياخشى خىسلەتتىن قۇرۇق قالدۇرمىغىن ھەرگىز!

① رەھىم قىلمىش، ئىچ ئاغرىتمىش .

پورەكلەپ گۈل ئېچىلغان باققا ئايلاندۇر بۇ كۆكلۈكنى،
بۇ گۈلزارنى زېمىستان قولىدا سۇندۇرمىغىن ھەرگىز!
ۋەتەن ئىشقىدا يانغان بۇ كۆكۈلنىڭ شەمئىنى، شائىر،
ۋەتەندىن ئۆزگىنىڭ يادى بىلەن ياندۇرمىغىن ھەرگىز!
ئۇنى تولدۇر ۋەتەن مېھرى، ساداقەت ھەم ۋاپا بىرلە،
سۆزۈڭ قەلبىڭنى پاك ساقلا، تۇزاڭ قوندۇرمىغىن ھەرگىز.

1983 - يىل

## بىلىم ئال، ئوغلۇم

ئەگەر بولماقچىسەن، بولغىن ئى ئوغۇل!
مەرىپەت بېغىدا سايرىغان بۇلبۇل!
بىلىم ئال، نادانلىق چاھىدىن قۇتۇل!
چىق يورۇق دۇنياغا — يېڭىدىن تۇغۇل!
ئىجادى ئەمگەكتىن ئەل ئىچرە تونۇل!

كۆچلىنىپ بىلىمى بىلەن ھەر ئادەم —
تەبىئەت سىرىغا بولىدۇ مەھرەم،
بىلىم ئال، ۋەتەنگە بول ياخشى خادەم،
بىلىمگە مۇھتاجدۇر ۋەتەن ۋە ئالەم،
بىلىمدىن بەختكە ئېچىلىدۇ يول!

1983 - يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## كەتسە

ئەبىمەت ـ قانۇنىدۇر، ــ كېتىدۇ ھەركىم قاچان كەتسە،
ئەجەپ بۇ دۇركى ياخشى نامى قالماستىن يامان كەتسە.
ئەگەر بىر ياخشى زات ئۆلسە، تۇتار ئەل قايغۇرۇپ ماتەم،
خوشاللىقلار قىلۇر ئەمما چىقىمچى ــ بىر چايان كەتسە.
جاھاندىن ئۆتسە بىر ئادەم ۋەتەننى، خەلقىنى ئويلاپ،
كۆمۈلمەس نامى تارىختا ئەگەر قانچە زامان كەتسە.
ھەقىقەت يولىدا ھەركىم يولۇقسا قارا كۈنلەرگە،
دەقىقىلىقتۇر بوران ـ چاپقۇن، سۈزۈلگەي كۈن بوران كەتسە.
تۆكۈپ تەر بەلكى قان يۈتسا ئادالەت قوغداپ ھەركىم،
قاچان زايا بولۇر ئەجرى، ئېچىلغاي غۇنچە قان كەتسە.
ئۇزۇن يىللىق ھاياتىڭدىن ساۋاقلار ئال، ئېچىل ئى كۆز!
بولۇر ئاسىلىق، ــ ئۆتكەن كۈن ئېسىڭدىن ناگىھان كەتسە.

1982 ـ يىل.

## چال، ئى سازەندە!

چال ئى سازەندە، سازىڭدىن كۆڭۈلنى بەھرىمەن ئەيلە،
ئۇنۇڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كۆكلەت، چىمەن ئەيلە.

كۆڭۈل قۇشنى سەيد ئەت، دىلرەبا چالغۇ ئاۋاسىدىن،
يېقىملىق بۇ ئاۋاغا جىسمىم ئۇيىنى ۋەتەن ئەيلە.

يۈرەك تارىغا تەگكەش ئەيلە چىرتىپ سۆيگۈ تارىنى،
بۇ ئاۋاز رىشتەسىن جان بۇرغى بوينىغا كەمەن ئەيلە.

ئەجەپ ئەييامى گۈلشەن بولدى، بىزنىڭ بەختىمىز كۈلدى،
ۋەتەن گۈلزارىدا بۇلبۇل كەبى شىرىن سۇخەن ئەيلە.

تۈزۈپ سازىڭنى ماسلا دەۋر سازىغا، ئاڭا ئەگەش،
سۆزۈك، پارتىيىگە دىلدىن تەشەككۈرلۈك تۈمەن ئەيلە.

1982 - يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھامىد مەھمۇدى

ھامىد مەھمۇدى 1924 - يىلى قەشقەر شەھرى قازانچى مەھەللىسىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ ھازىر دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئائىلىسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.

شائىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، شېئىر ۋە دىرامما يېزىشقا باشلىغان. دەسلەپكى شېئىرلىرى غۇلجا مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان،

بىر قىسىم شېئىرلىرى ئالمۇتىدا بېسىلغان ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتى دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا بېغىشلان-
غان «تارىخى ساۋاق»غۇلجىدا نەشر قىلىنغان.
ئۇ ھازىر «كۆرەش كۈيلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى-
نى نەشرگە تاپشۇردى.

# ئانا - ۋەتەن

(قەسىدە)

**1**

سېغىندىم مەن سېنى چوڭقۇر يۈرەكتىن ئى، ئانا جانىم!
ئانا دىسەم كېتەر ئويناپ تومۇرلاردا قىزىل قانىم...
تۇغۇپ سەن چوڭ قىلىپ قوشتۇڭ قاتارغا مىڭ مۇشەققەتتە-
ئۇنۇتمايمەن شۇڭا ھەر جايدا بولسام ئى، قەدىردانىم!
«ئانادەك مېھرىبان قايدا؟ ئانادەك غەمگۇزار قايدا؟...»
دىبان دۇنيانى كەزسەم يوق سىنىڭدەك كاتتا غەمخانىم!
ئانا دىسە جاھاندا مېھرىدىن كۆيمەيدىغان كىم بار؟
پەلەكنى قاپلىغاي ئۈچمەس ئوتۇڭدىن ئاھۇ - ئەپغانىم...
بوۋاق چاغدىنلا ئاپپاق سۈت بىلەن سىڭگەچ سېنىڭ مېھرىڭ،
ئانا دىسەم، شۇئان ئۆرلەپ، بېسىلمايدۇ ھاياجانىم...
ئانا دىسەم، يېپىلغاي دىللىرىم ئاق شايىدەك ھەريان...
ئانا دىسەم، باھارغا ئايلىنۇر كۆڭۈل زىمىستانىم!
كۆڭۈل باغىمدا ئاچىلغاي ئانالىق يالقۇنۇڭدىن گۈل...
بۇ گۈلزارنى سەير ئەتسەممەن قاچار قايغۇ - پەرىشانىم.

ئۆزەمنى ھەر مىنۇت - ھەر بىر سېكونتتا ئەچچە ئۆلچەيمەن...
سېنىڭ ھەر بىر سۆزۈڭ بولغاي مېنىڭكى توغرا مىزانىم.
" بالام بول مەڭگۈ ۋىجدانلىق!"-دېگەن ئەردىڭ قوشۇپ ھەتتا،
شۇڭا بولغانىمدى، بولغانىمغاي ئوتلۇق بۇ ۋىجدانىم!
" بالام بولغىن ۋەتەنپەرۋەر!"- دېگەن ئەردىڭ يەنە ھەرئان،
بۇ يالقۇنلۇق خىتابىڭدىن يېزىلدى ئوشبۇ داستانىم.
قىلىپ ئەردىڭ سۇباتلىق بول-مەقسىمنى ھەممىدىن تەكىد،
ئۈزۈلمەيدۇ يېرىم يولدا مېنىڭكى ئەھدۇ- پەيمانىم!
يۈرەگىم خۇددى مىڭ ۋاتلىق چىراغدۇر شۇل سۆزۈڭ بىرلە...
يورۇتقايكى، كۆڭۈل سەھنەمنى كۈندەك ئوشبۇنۇرانىم!
ئانا! مەن تەربىيەڭنى بوشقا كەتكۈزمەيمە ھېچ ۋاختا،
يولۇڭنى قانچە ماڭسامۇ ئۈزۈلمەس قىلچە دەرمانىم.
مۇبادا دۇچ كېلىپ قالسام جاپالىق تاغ-داۋانلارغا،
ئېشىپ مەنزىلگە يەتكۈنچە بىلمىنەس بەلكى ھارغانىم.
ئېسىمدىن زادى كەتمەيدۇ بوۋاق چاغىم - ئوماق چاغىم،
بۆشۈكتە سۈت ئېمىپ «ئەللەي» ئىچىدە بەلكى ياتقانىم...
يۈدۈپ بارسام ھەرەمگە، شۇندىمۇ بەلكى قالۇر ھەققىڭ،
ئېغىر كەلمەس مۇشەققەتلىك قىيىن يوللاردا ماڭغانىم...
ھەقىقەت ھەمدە تارىخ ئالدىدا مۇتلەق گۇناھىم يوق،
گۇۋا بولغاي مېنىڭ باسقان ئىزىمغا بەلكى سۇبھانىم!
لېكىن، ئاپپاق سۈتۈڭنىڭ ئالدىدا ئوغلۇڭ خىجالەتتۇر،
سېنى رازى قىلىشتا چۈنكى بارغۇ بەزى نۇقسانىم...
جېنىم تەندە ئامان بولسا يۇيارمەن ئوشبۇ نۇقسانىنى،
تەسەددۇق سەن ئۈچۈن بارلىق كىچىمدىن يۈزدە توقسانىم.

2

سىنىڭ نامىڭ ئانامنىڭ نامىغا چىن مەئىنداش بولغاچ،
ۋەتەن دىسەم كۆز ئالدىمغا كېلۇر بىر باغى - بوستانىم…
ئەگەر بولغاندىمەن گويا سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەمەسمۇ مەن ئۈچۈن سەن ئاچىلىپ تۇرغان گۈلۈستانىم!
قىزىل گۈلگە بولۇپ رەڭداش تۆكۈلگەچكە قېنىم مۇندا،
تۇيۇلغاي بۇ مۇقەددەس جاي مېنىڭ فىردەۋسى، ئەدنانىم!
سىنىڭ ھەتتاكى بىر چىمدىم توپاڭمۇ تۇتىيا كۆزگە،
بولۇر ھەتتا قۇمۇڭنىڭ دانىسىمۇ مىسلى دۇردانىم.
يورۇپ تۇرغاي پۈتۈن قەلبىم - دىلىممۇ سەن بىلەن ھەردەم
ماڭا سەن كۈندۈزى كۈن، ئاخشىمى ئاي، تاڭدا چولپانىم.
سىنىڭسىز شامى يوق گوياكى بىر پانۇس بولۇر گەۋدەم،
سەۋەپ سەندىن مىنۇتلاپ ئاجرىسام گوياكى يوق جانىم!
تىلىپ بۇ چاغدا بىر ھەسرەت - نادامەت تىغلىرى تەننى،
ۋۇجۇدۇمنى تامامەن كۆل قىلىپ تاشلاركى ھىجرانىم…
پۈرايدۇ ئەترە - ئەمبەردەك يىراقتىن بەشكىرەم باغى……
ئەمەسمۇ ئۇ مېنىڭكى ئەسلى «خان ئۆي»بار ئەزىزانىم!
يۈسۈپ خاس… ھەمدە مەھمۇت قەشقەرىنى ئىزلىسەم ھەتتا،
گۇۋا - شاھىد بولۇپ تۇرغاي، ئەنە ئاتۇشتا سۇلتانىم!
"سۈرۈپ سۈرئەتتە تارىخ چەرخىنى سەن ئالغا ئىلگىرلە…"
دىبان ئۈستۈمگە تاغدەك يۈك-ۋەزىپە ئارتتى دەۋرانىم!
پۈتۈن ئۆمرۈمنى سەرپ ئەتسەم، ۋەتەن، قەرزىڭ ئادا بولماس-
ئادا قىلماق ئۈچۈن بەلكى تۇغۇلدى ئەمدى ئىمكانىم.
جۈگۈن تۆرتتە زامانلاشماق ئۈچۈن پەنگە يۈرۈش قىلدۇق،

ئېرىشتۈرگەي سائادەتكە ۋەتەننى ئىلمۇ - ئىرپانىم.
ۋەتەن سۆيمەس بىلىملىكتىن ئۆزەمنى تارتىمەن چەتكە،
ۋەتەنپەرۋەر يىگىتلەر ھەر قاچان داستىخاندا مېھمانىم!
بوشاشمايمەن ۋەتەنگە باغلىغان تاغدەك ئىرادەمدىن،
ئەگەر يەر تەۋرىسە، ھېچ تەۋرىمەس مەۋقەيى-مەيدانىم!
ۋەتەن گويا چىراق بولسا، بولۇپمەن خۇددى پەرۋانە،
ئۆكۈنمەيمەن پەقەت، ھەتتا كۆيۈپ كۈل بولسا جىسمانىم.
لېكىن بىھۇدە كۈل بولماقنى ئەسلى خالىماس كۆڭلۈم،
ئۈمىتۋارلىق ئىچىدە توختىماس بۇ ئىشقى جەۋلانىم!...
ئانام سۈت بىرلە سىڭدۈرگەن "ۋەتەنپەرۋەر" دىگەن روھنى،
ئانام ئۆلگەندىمۇ، ئۆلمەيدۇ مەڭگۈ ئۇشبۇ ماكانىم.
ماڭا ئەڭ مېھرىباندۇر جان ئانامدىنمۇ - ئانا تۇپراق،
شۇڭا مەن قەدىرلەيمەنكى، ھامان ئۈستۈن قويۇپ دائىم...
لېكىن، ياشلىق باھارىمنىڭ تېڭى بىھۇدە كەتكەچكە،
ھۇجۇيدۇ يۈرىگىمنى دىلدىكى ھەسرەت ۋە پۇشمانىم...
بىراق، شۇنداقتىمۇ ئۆچمەس ئۈمىتنىڭ چىرىغى مەندە،
ئاشار ئاخىر ئەمەلگە كۆزلىگەن كۆڭلۈمدىكى سانىم!

3

تەبەسسۇم كۆز بىلەن جىلۋە قىلاتتى كۆكتە ئاي، چولپان...
ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى بارچە بىدار ئەھلى ئىنسانىم.
قارايتتىم، زادى قانمايتتىم،... ئۇنىڭ گۈلھۆسنىگە مەنمۇ،
بىلىنمەيتتى كۆزۈمگە تاغ - داۋاننى قانچە ئاشقانىم!
قىلىپ سەييارە بۇ تاڭ ئەلچىسى باشىمغا تىكلەشتى...

قوياشمۇ يالتىراپ چىقتى، سۆزۈلدى كەڭرى ئاسمانىم.
كۆمۈش ئۈستى، تېگى ئالتۇن، ئېتەكى پارلىغان[3] يالقۇن...
مېنى جەلپ قىلدى ئۆزگە ھۆر گۈزەل مەغرۇر تىيانشانىم.
ئېچىلغان غوزىلارنىڭ تەھتىگە مۈككەن چېگىتلەردەك،
يا تار قار ئاستىدا بۇغداغا ئوخشاش گەۋھەرى كانىم...
چېگىت چىغرىق بىلەن تاشلاپ لىباسىن يەرگە چۈشكەندەك
ئېچىلغاي ئاقۋەت مۇز - قارتېگىدىن ئۇشبۇ پىنھانىم...
سەھەر پەيزى ساباسىدا ئىگىز بۇغداغا ياماشتىم،
ھاياجانلار ئارا ئاقتى كۆزۈمدىن ئۈنچە - مارجانىم...
يۈرەك تەشنالىقىم شەربەت كۆلۈڭدىن سۇ ئىچىپ قاندى،
تۆكۈلگەن ياشلىرىمدىن ئۇلغىيىپ، ئۇ بولدى ئوكيانىم.
قۇيۇلغان ئۆپكىدەك، ئۆپكەم ئېچىلدى ساپ ھاۋايىڭدىن-
يېرىپ تۇردى دىماقنى خۇش پۇراقلىق لالە - رەيھانىم...
چىقىپ ئەڭ چوققىغا ئەتراپ ئېتىزلارغا نەزەر سالسام،
تىراكتور، كومبايىنلار ھەيدىمەكتە ئىشچى - دىخانىم...
تۇراتتى يالتىراپ گوياكى مەرۋايىت سەدەپلەردەك...
ئەشۇ بۇغدا بىلەن بويلار تالاشقان قانچە خىرمانىم!
ئېقىپ تۇرغاي گۈزەل باغرىڭدا گويا ھەۋزى كەۋسەردەك...
ئەجەپ دولقۇنلاپ - ئۆركەشلىنىپ تارىم، زەرەپشانىم!
يېشىل يايلاقلىرىڭدا باش كۆتەرمەي ئوتلىشۇپ يۈرگەي،
مىسال سايىنىڭ تېشىدەك سان - ساناقسىز چارۋا-ھايۋانىم...
"پۈتۈن تۆرت پەسىلدە قىش-ياز دېمەي قارىغاي كەبى كۆكلەر
دېبان ئىلھام بېرىپ تۇرغاي كۆرۈنگەن بارچە ئورمانىم...
ساما تۇرۇكلىرىدەك ئىگىلغان تۇرخۇن كۆتەرگەي قەد،
چاراغلاپ سىتانوك، ماڭغاي گۈرۈلدەپ زاۋۇت-كارخانىم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ چاغ ئۇچتى تۆمۈر قۇشلار بېشىمدا ئايلىنىپ مەغرۇر،
ئۇنى تېز قىلدى جەلپ، بەلكى قولۇم شىلتاپ ئۇزاتقانىم!...
تۆۋەنگە قارىسام پويىز، ماشىنا بەسلىشىپ ئۇچقاي...
توشۇيدۇ يۈكلەرنى توختىماستىن يولدا كارۋانىم.
بىكار تۇرغان خالايىقنى پەقەت ئۇچراتمىدىم قاراپ...
"ۋەتەن!" دەپ ئىشلىگەي ھەر ساھەدە ئىشچان ـ تىرىشچانىم!
جاھانغا ياڭرىتىپ سەنئەتتە ئۇن ئىككى مۇقامىمنى،
كۈرەشچان كۈيلىرىنى كۆيلىمەكتە كەڭ غەزەلخانىم!...
ئاجايىپ ھەم غارايىپ مۆجىزاتلارنى كۆرۈپ مۇندا،
بىلىندى مەن ئۇچۇن گويا ئۇيۇقلار كىنو ئىكرانىم...
شۇ بۇ ئىكرانغا چۈشكەن بارچە ئوبرازلارنى يازماققا،
قەلىمىم تەۋرىسە مىڭ كۈن، تۈگىمەس بەلكى جەريانىم.

4

مىسال: جەننەتنى كۆردۈم، ئۆز كۆزۈم بىرلە بۈگۈن گويا،
مېنى جەلپ قىلدى ئۆزىگە بىر پەزىزات ھۆرى غۆلمانىم!
يۈزى توغاچ، لەۋى ياقۇت، كۆزى ئاھۇ، چېچى سۇمبۇل...
كۆرۈپلا "ئاھ!" دېدىم، بولدى "ۋەتەن" دەردىمگە لوقمانىم.
دېمەك، بۇ چاغ ۋەتەن ئىشقى كېلىپ يار ئىشقىدىن غالىپ،
ئۆزىنى ئۇرمىدى مۇنداق كىچىك ئوتلارغا پەرۋانىم...
"ۋەتەن!" دەپ سوقتى بۇ چاغدا يۈرىكىم جۇش ئۇرۇپ ھەردەم،
كۆڭۈلنىڭ مەيلىنى توستى خىتابىم، ئەمرى ـ پەرمانىم!
"كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەك، كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ،
سەمەرقان ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ..."
دېگەن خەلقىنىڭ قوشاقى دەرماھال ئەسكە چۈشۈپ بۇ چاغ،

ئەگەر ئۇ بولسا بىلقىس، تارتىمدى كۆڭۈل سۆلەيمانىم!...
ۋەياكى بولمىدىم بىر لەيلىنىڭ ئىشقىدىكى مەجنۇن...
پەقەت كەلمەسكە كەتتى، بولدى مەغلۇپ ئىشقى شەيتانىم.
"ۋەتەن - خەلق ھەممىدىن ئەلا!» دىگەن ئوتلۇق شۇئار بۇچاغ.
ماڭا بولدى پۈتۈن مەپكۇرىۋى جەڭدە قوماندانىم.
ۋەتەننىڭ ئىشقىغا دۇنيادا تەڭداش ئىشقىيات يوقكەن،
ئەشۇ ئىشق ئەھلىدىن بولماق مىنىڭ زور شانى-ئۇنۋانىم!
بۈگۈن چوڭ پەخىرلەنگەيمەن ئۇلۇغۋار شۇ ئىلىم بىرلە،
ۋەتەننىڭ شۆھرىتى ھەر چاغ مىنىڭكى ئەڭ شەرەپشانىم!
جاھاندا بەلكى ئەرمانسىز كىشى ئۆتكەنمىدۇ زادى؟
ۋەتەن يولىدا جان بەرسەم مىنىڭ قالمايتتى ئەرمانىم!
ماڭا ئۇچاغ ئۆلۈم بولماي ۋە بەلكى بىر تويۇم بولغاي،
چىلىنغاي بەلكى ماتەم سازىنىڭ ئورنىغا شادىيانىم!!
تۆرەلدىم ئەسلىدە سەندىن، يەنە ئەسلىمگە قايتارمەن،
شۇ چاغ قوينۇڭغا ئالغاندا دىگەيسەن "كەل، ئى قۇربانىم...".
مۇيەسسەر بولغىنىمدا بۇ شەرەپلىك بىر ئۆلۈمگە مەن،
ئەبەت گۈللەرگە پۈركەنگەي مىنىڭ ياتقان گۆرۈستانىم!
ۋەتەن پەرۋانىسى كۆيگەي ۋەتەننىڭ ئىشقىدا دائىم...
مۇرادىم ھاسىلىغا ھەر قاچاندا كامىل ئىمانىم!

## ۋەتەن ئىشقىدا

ۋەتەندۇر باغۇ بوستانىم،
گۈزەل بىر گۈل - گۈلۈستانىم.
بۇ باغدا سايرىشۇر بۇلبۇل،
ئۇ بۇلبۇل مەنىڭكى - كانىم.

ۋەتەندۇر ئۇ مېنىڭ جانىم،
ئېزىز جاندىنمۇ جانانىم.
شۇڭا مەن ئىنتىقات باغلاپ،
يۈرۈيمەن ھەممە ۋاخ دائىم.

ۋەتەن ئىشقىدا قاينايدۇ،
كۆيۈپ تۇرغان بۇ ۋىجدانىم.
ۋەتىنىم دىسەم ھەر ئان،
چىددىمايدۇ يۈرەك قانىم.

ۋەتەن دەپ ئىشلىسەم ھەردەم،
ئۆزۈلمەس مەڭگۈ دەرمانىم.
ئۇنىڭ يولىدا جان بەرسەم،
پەقەت قالمايدۇ ئەرمانىم.

يەنە يازسام تۈگىمەيدۇ،
ۋەتەن ئىشقىدا ئىلھامىم.
ۋەتەن دەپ ئىشلىسەم دائىم،
قالار تارىختا بىر نامىم.

## ئىلمگە

ئەي ئېزىز ئېلىم سىنى،
مەن كۆپ سېغىندىم ياد ئېتىپ.
ھەر قېتىم قەشقەر دىسە،
ئىشقىڭدا مىڭ پەريات ئېتىپ.

چۈنكى سەن ئانا ماكانىم،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىم.
مەن تۇغۇلغاندا تۆكۈلگەن،
قېپ - قىزىل كىندىك قېنىم.

سەن گۈزەل ئېلىم مېنىڭ،
تەۋرەنمەس چىڭ تۈرۈكۈم.
بەلكى مېنىڭ ئۇ ھاياتىم،
قان تومۇر ھەم يۈرىكىم.

## ئۆمۈر

دۇنياغا بىر قېتىم كېلىدۇ ئىنسان،
تىرىلمەس ئۆلسە ھەم ھەر قانداق مەخلۇق.
ئۆمۈرمۇ چەكلىكتۇر — مىڭ ياشقا كىرمەس،
مېنىڭدەك نادانلار چۈشەنمەس تولۇق.

ئۆلمەكلىك — دۇنيادا تەبىئى قانۇن!
ئۇنىڭغا تېپىلماس ھېچقانداق ئاغى.
ئۆلۈمگە بويسۇندى كاتتا ئەپلاتۇن،
ئۆلۈمدىن ياماندۇر ھەسرەتنىڭ داغى.

شۇڭلاشقا ئۆمۈرنى مەنىلىك ئۆتكۈز،
جانان چىمەندەك جارالاپ ياشنا!
قاداقلار چۈشمىسۇن ھەتتا كېتىپ دەز،
ئورنىغا كەلمەيدۇ كېيىنكى پۇشمان.

ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەر ھامان،
بولىدۇ يىراقنى كۆرگۈچى دانا.
ياشلىقنىڭ بېھۇدە ئۆتسە ھەرقاچان،
ئۇنداق ھاياتتا بولمايدۇ مەنا.

ئويلىسام بىر سىكۇنت بىر سەر ئالتۇندۇر،
ياق، لېكىن ئۇ ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت!
ئۆمۈرنىڭ مېھرىمۇ كۈندەك يالقۇندۇر،
مەنىسىز ئۆتمىسۇن بىر مىنۇت پەقەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئابدۇرېھىم توختى

ئابدۇرېھىم توختى 1919 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ تارقۇت يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1937 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە پېنسىيىگە چىقتى.

ئۇ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، بىر قىسمىنى گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلغان. 1983 - يىلى شائىرنىڭ «ئۆچمەس تىلەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك

بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) نى
نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلدى
ئۇنىڭ «قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى» دى
گەن ئىلمى ماقالىسى «قەشقەر مائارىپى» دا ئېلان قىلىندى. ئۇ
ھازىر ناۋايىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئەسىرىنى جىددى نەشر-
گە تەييارلىماقتا.

ئابدىرېھىم توختى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات چىلار جە-
مىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## سۆيگۈ ناخشىسى

سۆيگۈنۈمدۇر ئىپتىخارىم شۇ گۈزەل رەئنانى مەن،
بەرق ئۇرۇپ تۇرغان قوياشتەك شۇ ئېسىل بەرنانى مەن.

ياد ئوقۇرمەن سۇبھى شام ئىخلاس بىلەن جان كۆيدۈرۈپ،
شۇ گۈزەل رەئنا يۈزىدە سۆيگۈدىن مەئنانى مەن.

سۆيگۈنۈم ئاچقاندا يۈز، نۇرى جامالى تەپتىدىن،
تەكشىسىز يەردە سىماپتەك بى تىنىم لەرزانە مەن.

دىلبىرىم كۆلگەن ھامان، تىرەمگە سىغمايدۇ تېنىم،
دەيمەن شۇ چاغ مەن ئۆزەمنى سۆيگۈنىڭ سۇلتانى مەن.

تۇرسە ئۇ قوشۇمىسىنى «تىت - تىت» بولۇپ مەن تەلمۈرۈپ،
شەمئىدەك يانسا كۆزى ئەتراپىدا پەرۋانىمەن.

ۋەسىل يار بولغاچ خوشاللىق كۆكىدە جەۋلان قىلىپ،
ئۆرلىگەچ پەرۋاز بىلەن شۇ دەمدە ئەرش ئەلادەمەن.

چىن مۇھەببەت گۈللىكىدە چېچەك ئاتسا بىر گۈلۈم،
ياقىدۇرمەن دۇنيادا ھەرگىز ئەمەسمەن پانىمەن.

1980 - يىل، 5 - ئاي.

## ئەمالار ئارىسىدا ساھىپجامال

ئۆتتى چوڭ كوچىدىن بىر ساھىپجامال،
چاچتى نۇر كوچىغا، تولۇن ئاي مىسال.
قۇياشمۇ يا ئايمۇ ھۆرمـو يا پەرى؟
تىكىلگەن جۈپ كۆزلەر بىرەتتى سوئال.

باغدىكى سۆۋادان قەددىگە ھەيران،
كۆزىدىن خىجىلدۇر كۆكتىكى چولپان.
قاشلىرى قۇندۇز ھەم ھالقىدار كاھان،
زۇلفىنى يايغاندا چەكسىز بىر ئورمان.

گۈزەلگە قارىماي ئۇنامدۇ كۆڭۈل،
تىكىلىپ تەلمۈردى ھەيرەتتە كۆزلەر.
چېچىلدى گۈزەلنى تەرىپ، تەۋسىپلەپ،
ئۈنچىدەك ھەر ياقتىن مەدھىيە سۆزلەر.

• • •

تۆت ئەماجەم بولۇپ ئېرىق بويىدا،
شۇ گۈزەل ھەققىدە قىلىشتى تالاش.
بىرى دەر: بويى پەس، جىلۋە ساز ئەمەس،
بىرى دەر: كۆزى كۆك، قېشى بەك قىسپاش.

بىرى دەر ( تاياقتا بىرىنى نوقۇپ):
قامىتى كېلىشكەن، ئەمما چېچى ئاز.
بىرى دەر: كېلىشكەن بىرمۇ يېرى يوق،
سىرتىنى يالتىراق كۆرسەتكەن پەداز.

ھەر بىرى سۆزىدە مەھكەم تۇرۇشتى،
قىزىشىپ ھاسىسىنى يەرگە ئۇرۇشتى.
كۆرۈشتىن بى نەسىپ بۇ بىچارىلەر،
گۈزەلنىڭ ئەيۋىنى قانداق كۆرۈشتى؟......

1980 - يىل.

## سەن ئۈچۈن

(مۇۋەششەھ)

1

خەت مۇشۇ: دىل ھەم تىلىمدىن جانىنى تىكتىم سەن ئۈچۈن،
نەدىسەڭ شۇنى قىلاي ئۆزەمنى تۇتتۇم سەن ئۈچۈن.
ئەگىگىم بىلەن قۇراي دەپ دىلدىكى گۈل باغچىنى،
بەلنى مەھكەم باغلىدىم يېڭىمنى تۈردۇم سەن ئۈچۈن.

لەۋزە قىلدىم سەن ئۈچۈن دەپ كىشىنىڭ لەۋزى ھالال،
ئەۋرىسەم نامەرت بولاي، شۇ لەۋزى ـ ئەھدىم سەن ئۈچۈن.

قانچە قىلسام ياندۇراالماسمەن زۆرۈر قەرزىڭنى مەن،
بەختىيارمەن يەتسە گەر زەررىچە نەفئىم سەن ئۈچۈن.

ئۆستۈمە يۈكلەنسە تاغ ـ بەختۇ ـ ئىقبالىم ساناپ،
دەۋرىنىڭ ئارزۇسىغا سازىمنى تۈزدىم سەن ئۈچۈن.

چۆلنى بوستان، تاغنى تالقان قىلدۇ غەيرەت ـ سۇبات،
سەندىن ئەپ پۈتمەس قۇۋۋەت قەلبىمگە يىغدىم سەن ئۈچۈن.

ئۇلۇغ، غالىپ، مەدەتكار كۈچ قولۇڭنى تۇتتى،يول پارلاق،
غالىبىيەت، شان ـ شەرەپ خاس ۋە تەقدىم سەن ئۈچۈن.

نۇرى بەختىڭ يالتىرار ئالدىڭدا زەر قۇياش بولۇپ،
ۋەسلىدۇر قىسمەت ساڭا، مۇتلەق ئىشەنچىم سەن ئۈچۈن.

## 2

ۋەدە قىلدىم ۋەدىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئەيلەي قەسەم،
ئەۋۋەلا ئال تاپشۇرۇپ، قەلبىمنى تۇتتۇم سەن ئۈچۈن.

ئەقلۇ ـ ئىدرىكىم سېنىڭدۇر، جانۇ ـ تېنىم ھەم سېنىڭ،
ھەممىنى مەن سەندىن ئاپتىم، يەنە تەقدىم سەن ئۈچۈن.

تەندە جانىم سەن ئۆزەڭ، يۈرەكتە قانىم سەن ئۆزەڭ،
چىن مۇھەببەت رىشتەسىن جانىمدا ئەشتىم سەن ئۈچۈن.

ئەقلۇ-ئىدرىكىمنىڭ جاھاننىڭ مەرىپەت گۈلزارىدا،
ئەڭ بۇرۇن ئاچقان چېچەك، پەخرىم- غۇرۇرۇم سەن ئۈچۈن.

نامىڭ بىلەن ئاقسام ئەگەر مېھرىدىن دەريا ياساپ،
ئەتىۋا ئۇلۇغلۇق بولۇپ ياشنار ۋۇجۇدۇم سەن ئۈچۈن.

ئۈمىت - ئارزۇ بۇلىقىنىڭ مەڭگۈ يۇمماس كۆزىدە-
مەنمۇ شۇنداق كۆز بىلەن ئىستىقبالغا باقتىم سەن ئۈچۈن.

چاغلىماي دۈشمەن ئالايتسا كۆزىنى، كىرپىكلىرىم-
ھەر تالى بىر پاسىۋاندۇر تاغ ۋە دەشتىم سەن ئۈچۈن.

ئۇخلىماي خۇشخىي كەبى ئويغاق ۋە ھازىر تۇرىمەن،
ھەركىتىم، ئويۇم - خىيالىم، پىكرۇ - زىكرىم سەن ئۈچۈن.

ئى كۆكۈللۈك، شات، گۈزەل ئالدىڭدا ئىستىقبال تۇرار،
ئىنتىزار مىڭ كۆز بىلەن ھازىرقى ئەسرىم سەن ئۈچۈن.

1956 - يىل.

## ھەرىكەتتە بەرىكەت

باھارى قەدرى-قىممەتلىك ئۇلۇغۋار،
پەسىللەر غۇنچىسى خىسلەتلىك داڭدار.

بۈگۈن ھەر يەردە يار شاتلىق ناۋاسى،
كىشىگە زوق بېرەر ئەمگەك ساداسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېرىق ـ ئۆستەڭدە سۇلار شاقىرايدۇ،
قوياش كۈلسە كۈمۈشتەك پاقىرايدۇ.

دەرەخلەر بەرگىدىن سۆيۈپ شاماللار،
ھاياتنىڭ مەنىسىن ئەيلەر بايانلار.

قۇرۇت ـ قۇمرۇسقىمۇ جىرلاپ بىرەر ساز،
ئۇچار قۇشلار قىلار يان ـ ياندا پەرۋاز.

يېڭى بىر تۇس ئالار ھەر كۈندە ئورمان،
تۇرامدۇ ھاك بېقىپ بىر جانلىق ئىنسان.

تېرىلغۇ پەسلىدە كىم قىلسا ھەرىكەت،
ھوسۇللار مول بولۇر، ھەرىكەتتە بەرىكەت.

1944 ـ يىل، قەشقەر.

## رۇبائىلار

ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم قىلمايسەن پۇشمان،
ئاچچىقنى ـ غەزەپنى يۇتساڭ ھەر قاچان.
كۈندە نەچچە ۋاخ چېكسەن ھەسرەت،
تەنتەكلىك، ئورۇنسىز ئاچچىقتىن ھامان.

× × ×

ئاقىللار جەم بولۇشسا دوستلۇق ئۈلپەتتىن،
قويار ھەيرەت ئىچرە تاغنى قۇدرەتتىن.

كۆكۆللەر بىر ـ بىرىدىن سۇ ئىچىشىپ،
باغى گۇلزار ياسىلار ياخشى سۆھبەتتىن.

× × ×

ئۆتەر دۇنيادىن رەنجىپ ھەسەتخور،
خاپىلىقتا دائىم ئالجىپ ھەسەتخور.
ئۆزىدىن ئارتۇقلۇق كۆرسە كىشىدە،
كۆل قىلسام دەيدۇ يەنچىپ ھەسەتخور.

× × ×

ئىززەت ـ نەپسىڭنى ئۇرىدۇ يەرگە خوشامەت،
ئۇمۇستۇر، خارلىقتۇر چىن ئەرگە خوشامەت.
گەر بىر شەخسكە خوشامەتتىن گۇل كۆرۈنسەڭ،
سەت كۆرۈنۈر نىجاسەتتىن، ئەلگە خوشامەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com



# مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى (ئىشقى)

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 1914 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1948 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، 1980 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىدىن پېنسىيىگە چىقتى.

ئۇ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا ھېكايە، نەسىر، سەھنە ئەسەرلىرى، ئەسلىمە ۋە تارىخىي خاتىرە قاتارلىقلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جامائەت ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدى. شائىر ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە

كېيىن « كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمدىن پارچىلار » ناملىق ھېكايە ۋە « نومۇس داغلىرى »، « ئاچچىق كۈنلەر خاتىرىسى » ناملىق پوۋېستلارنى،« ئازدۇرۇش كومىدىيىسى » ، « قۇتلۇق ھاجى شەۋقى » ، « ئابدىقادىر داموللام ھەققىدە » ، « قەشقەردە 6 ـ فېۋرال ۋەقەسى » ، « روزەكباشى ھەققىدە ئەسلىمە » قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر، ئىلمىي ماقالىلارنى يازدى. ھازىر « ئاچچىق كۈنلەر پاجىئەسىدىن پارچىلار »دېگەن ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدىبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى

## نازاكەتلىك خىيال

چىلىپ سازىنى مۇڭلۇق دىلرەبايىم كەلدى قاشىمغا،
ئاجايىپ ناز بىلەن سەۋدانى سالدى قايتا باشىمغا.
قىلىپ ۋەدە ۋىسالى نەشئىسىدىن دىلنى خۇش ئەتتى،
شۇڭا كۆڭلۈمنى بەرگەنتىم ئۇ ئاي يۈزلۈك قوياشىمغا.
كۆزۈمنى تاشلىدىم رەنا جامالىغا بولۇپ مەپتۇن،
ھەسەت ئەيلەيتتى كۆكتە "زوھرە" ھەردەم بۇ قاراشىمغا.
قاراشتىن مۇددىئا تەشنا يۈرەككە ئىردى سۇ سەپمەك،
تەئەسسۇپ ئوت تۇتاشتى بىر قاراشلە ئىچ ۋە تاشىمغا.
يۈرەك دولقۇنلىدى بىتتى بەدەندە قالمىدى تاقەت،
ئورۇن قالدۇرمىدى شەھلا كۆزى تەندە چىداشىمغا.
خۇسۇسەن مېيىنىدا كۈلمەكلە جانىم ئالدى ئويلايمەن،
سەۋەپ ئەردى ئەزەلدىن جىلۋىسى دايىم ياداشىمغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

قېشىنىڭ ياسىدىن بىر ئوقنى ئاتتى تەگدى كۆكرەككە،
دېدىم: رەھىمگىمۇ كەلمەس تەلمۈرۈپ تۇرغان قاراشىمغا.
دېدى: تاشلا! بۇدەم قايغۇڭنى يارىڭ ياندا تۇرغاندا،
دېدىم: بۇلۇتقىڭىز بائىس ئىمرۇر مەڭگۈ ياشاشىمغا.
ۋىسالىڭ ئىلتىماتىدىن - دېدىم - قويما مېنى مەھرۇم،
دېدى: كۆز تۇتما مۇندىن سۈك سېنىڭدىن يۈز بۇراشىمغا.
دېدىم: بۇ ئىلتىماتقا قانچىلەپ قىلسام تەشەككۈر ئاز،
دېدى: ھېچ بىۋاپالىق قىلمىغانمەن سەن ئاداشىمغا.
ۋىسالىم ئىزلىسەڭ ۋەسلىمگە يەتمەكلىككە قىل ھەركەت،
ھەقىقى ئاشىق ئەرسەڭ باقما يالغۇز كۆز ۋە قاشىمغا.
كۆرۈپمەن سەن كەبى كۆيگەننى ئۆمرۈمدە تولا، ئەمما،
چىدام يوق ۋەسىل يولىدا مېنىڭ تۇرلۈك سىناشىمغا.
ئەگەر مەرت سەن، دىلىڭنى ئۆزگە مەھبۇبلەرگە قايلاتما،
يېتىشكەيسەن ئۇچاغدا بەختلىك تۇرمۇش قۇراشىمغا.
ۋاپاسىزلىققا قارشى ئەھدە قىلدىم، قىلدى ئۇ مەقبۇل،
كاپالەت بەردى ۋەسلى بىرلە راھەتلىك ياشاشىمغا.
ئىككىلەن باغ سىرى قويدۇق قەدەمنى ھەر تەرەپ گۈلزار،
چىمەندە رەشىك ئوتىنى چاچتى گۈللەر ھۆر ئاداشىمغا.
قولىنى تاشلىدى يار بويىنىمە، ئىخ!! قالمىدى تاقەت،
ئەجەپ شوخلۇقلە سىلكىندى مەن ھەم بەلدىن تۇتاشىمغا.
كەرەشمە بىرلە كۈلدى- ئالدى گويا بۇ تېنىمدىن جان،
دېدىم لۇتىف ئەيلە! جايىز كۆرمە! ئارماندا قالاشىمغا.
لىۋىن كەلتۈردى سۆيمەككە كەرەشمە بىرلە ئۇ دىلبەر،
بىلى تولغاندى ئاھ شىرىن لىۋىدىن بىر شوراشىمغا.

يوقالدى ئۆرتەڭمىزدا تارتىنىش چۈنكى كەرەملىك بار،
جاھان رەنالىرى تەڭ كەلمەگەي مۇنداق ياۋاشىمغا.
پىغان ئاۋازى چىقتى باغ ئىچىدىن رەشىك ئېتىپ بىزگە،
دېدى بۇلبۇل: ئۇرۇن قالدۇرمىدىڭ باغدا تۇراشىمغا.
قىزىل مەگزىنى كۆرگەچ گۈل ئانارخان ئەيلىدى ھەسرەت،
چىمەن گۈل ئەيلىدى تازىم، پىغان بىرلە ئاداشىمغا.
ئۇنىڭ توپتوز بويى، گۈل سەرۋىنىڭ باغرىغا ئوت قويدى،
دېدى رەيھان: ئىجازەت قىل! سېنى قارشى ئالاشىمغا.
ئۇنىڭ ھەر جىلۋىسى ئالەمنى سەرگەردان قىلىپ ھەردەم،
شۇڭا ياغدى ھەسەتنىڭ تاشلىرى قومدەك بۇ باشىمغا.
بەدەندە قالمىدى سەبرىم، ئۇنى باستىم كانارىمغا.
كۆرۈڭ بۇ شۇم پەلەكنى! توپا سالدى پىشقان ئاشىمغا.
يۈرەك سىلكىندى، كۆز ئاچسام قېشىمدا يوق ئۇ جانانىم،
بېشىمدىن ئۇچتى ھوش - ئەقلىم، پىغانلار چۈشتى باشىمغا.
خازاندەك گۈل يۈزۈم سارغايدى يارنىڭ «ئىشقى»دا يىغلاپ،
جاھان غەرق بولغۇسى ئەمدى، كۆزۈمدىن ئاققان ياشىمغا.

1951- يىل، فېۋرال، قەشقەر.

## تاڭ ئاتقۇنچە

نىگارىم يادىدا كۆز يۇممىدىم ھەرتۈن تاڭ ئاتقۇنچە،
خىيال ۋادىسىدا يۈردۈم بولۇپ مەجنۇن تاڭ ئاتقۇنچە،
ئېقىپ چىققان يېشىمدىن بولدى يەر جەيھۇن تاڭ ئاتقۇنچە
پىغانىم بۇ جاھاننى ئەيلىدى دولقۇن تاڭ ئاتقۇنچە.
نىگارىمغا دېدىم: يادىڭدا مەن مەھزۇن تاڭ ئاتقۇنچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆزۈمدە جىلۋە ئەيلەيتتى نىگارىمنىڭ گۈزەل ھۆسنى،
يۈرەككە ئوتنى تاشلايتتى ماڭا ئۇ كۆرسىتىپ يۈزنى،
دېدىم: ۋەسلىڭدە كۆرسەتكىل ھايا تلىق ئىچرە كۈندۈزنى،
جاھان كۆرگەن ئەمەس سەندەك پەرۋەش سېپىرىگەر كۆزنى.
ۋە لېكىن لۇتق ئورنىغا دېدى يۈرسۈن تاڭ ئاچقۇنچە.

ئۈمىدىم زور ئىدى ئاندىن ئىككەن يوق روھى جىسمىدە،
ئىزىش ئادەت ئىككەن دائىم ئىزىلگەنلەرنى رەسمىدە،
بۇ سىنىغان دىل نى بولغاي بولسا خوش بىر كەررەبەزمىدە،
قويۇپ ئۆلسەم ئىدىم كاش، بۇ بېشىمنى يار كۆكسىدە،
تەئەسسۇپ بولدى توسقۇن "ئىشقى"غا قوزغۇن تاڭ ئاتقۇنچە.

1949 - يىل، فېۋرال، قەشقەر.

## كۆڭۈل تەمەننالىرى

چۇشۇپ يادىمغا ئۇ نازۇك بەدەننىڭ ناز ئىماسى،
سېلىپ ئوتلارنى قايتا قايغۇلۇق كۆڭلۈمگە شەيداسى.
ئىدى ھەر لەھزە ئارام، بۇ ۋۇجۇدۇم ئىچرە نەيلەيكىم،
كۆرۈنسە بىر تەبەسسۇم بىر لە گاھى كۆزى شەھلاسى.
بولۇپمۇ ئالمىلىق باغى ھاياتىمغا كېپىل ئەردى،
ئۇنىڭ ئايدەك يۈزى سۆيگەن دىلىمنىڭ سۆيگۈ رەناسى.
ۋىسالى نەشئىسى كۆڭلۈم ئارا مەۋج ئۇردى ھەر دائىم،
ئۇنىڭ مەۋجىگە تارلىق ئەيلىدى كۆڭلۈمنىڭ سەھناسى.
ئاجايىپ مەھلىمقا ئۇ، جان پىدا قىلسام يوق ئارمانىم،
نىچۈك ئارمان؟ يولىدا تاپسا دىل پىردەۋس مەئۋاسى.

كۆڭۈل ئارمانى شۇلكىم يەتمىسە ۋەسلى ھايات ئىچرە،
ئۈنىڭسىز بۇ تىرىكلىكنىڭ جاھاندا نىمە مەئناسى!؟
ئىرۇر تەشنا لىۋى بارلىق ھاياتقا "ئىشقى" ئىشقىلە،
ئەگەر تۇتماس ئىكەن ۋەسلى مەيىدىن قەترە زوھراسى.

1948 - يىل، نويابىر، قەشقەر.

## بىر كۈن باھارىم بار

( بىر شائىرغا تەقلىت )

غەزەلخان بۇلبۇلۇم كۈلگەن گۈلۈستان نەۋ باھارىم بار،
گۈلۈستانىم ئارا يايراش ئۈچۈن شوخ گۈلئۈزارىم بار،
گۈزەللىك بىرلە داڭ كەتكەن مېنىڭ مەھبۇبە يارىم بار،
مۇشۇنداق يار بىلەن ئالەم ئارا زور ئىپتىخارىم بار،
ۋىسالى گۈلشەنىدە يايرىماقچۇن چىن قارارىم بار.

گۈزەل يارىم جامالىڭدۇر تولۇپ چىققان تولۇن ئايدەك،
ئۈنىڭ ھۆسنىگە مەپتۇنمەن، ۋىسالى مەندىكى ئىستەك،
شۇڭا ئۈستۈمگە پەرز ئولدى جاھاندا مەن ئاڭا كۆيمەك،
مۇيەسسەر بولسا بىر كۈن ۋەسلى باغى ئىچرە بەزم ئەتمەك
مۇھەببەت باغىدا شۇڭلاشقا يايراشقا خۇمارىم بار.

گۈزەل يارىم قىزىل گۈلگە ئەجەپ ئوخشايدۇ رۇخسارى،
شۇڭا گۈلشەندە گۈللەر ئەيلىشەر رەشكىنى ئىزھارى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئسسپ بولغايمۇ كۆرمەككە ھاياتتا ماڭا ددارى،
مەگەر ھەسرەتتە كەتكەيمەن كۆرەلمەي ئۆلسەم بر بارى،
شۇڭا تەشنا لىۋىمچۇن ۋەسلدىن مەي ئنتىزارىم بار.

مۇبادا ئستسە دلبەر كەرەمدىن لۇتۇ ئەتمەكنى،
پىراق دەشتدە كۆرمەسمۇ بتالەي ھجرى مەندەكنى،
ئەگەر ئستەر ئسەشەنگە دۇشمەن داغ چۈشۈرمەكنى،
بۇ يولدا جان پدالەر تائەزەل تككەنتى كۆكرەكنى،
كۆرەشلەر برلە كۆز يۇمغان تۇمەنمڭلاپ مازارىم بار.

"چمەن دوپپا كىيىپ مەغرۇر تەبەسسۇم ئەيلسە جانان"
ئۇنىڭ شوخ كۇلكىسى ئۆلگەن يۈرەكنى ئەيلگەي خەندان،
كۆزەللكتە جاھان رەنالىرى قۇل، ئۇ ئىرۇر سۇلتان،
دىگەي شۇڭلاشقا ئاشق، يولىڭىزدا سەدىقە بولسۇن جان،
بۇ يولدا مەنمۇ ھەم مەجنۇن كەبى بر جان نسارىم بار.

چمەن گۈلزارىنىڭ بۇلبۇللىرى سايراپ ناۋا قىلسا،
ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سۇنغان كۆڭۈل زەۋقۇ ـ ساپا قىلسا،
ئەگەر دىلبەر كەرەمدىن سۆھبىتىگە ئاشنا قىلسا،
چالاي بەزمىگە سازىم، ئاڭلىماقنى مۇددىئا قىلسا،
مىراس مۇسقىيۇندىن چاك، غىجەك، تەمبۇر دۇتارىم بار.

ھكايە ئەيلگەي مەن يارغا تارىخنىڭ مىراسىدىن،
جاھان ھەيران قالۇر سۆزلەرئىسسەم يىللار ئىرادسىدىن،
كۆرۈنگەي ئىپتخارىم نۇر چىچىپ مەشئەل ئارارسىدىن،

كۆۋالىق كۆرسىتەرمەن «خاس»، «مەھمۇد»نىڭ ئاساسىدىن،
« قۇتادغۇ بىلىك»ھەم«دىۋان»كەبى مەشئەل تۇمارىم بار.

كۆرۈپ يارىنى مەيدە ھەرزامان كۆڭلىنى شاد ئەتكەن،
بۇ يارنىڭ ئىشقىدا سايراپ ئۇنىڭ شەۋقىدە دات ئەتكەن،
پۈتۈن ئۆمرىدە ھەق دەپ، چىن ھەقىقەتنى مۇراد ئەتكەن،
بولۇپمۇ ئۆز ئېلىگە قايغۇرۇپ ئۆز تىلنى ياد ئەتكەن،
«ناۋايى» ئول ئېلى شېردەك دىلاۋەر نامدارىم بار.

غەزەلخاندۇر ئېلىم گۈلزارىدا «نازىم»نى كىم بىلسە،
مۇسا يازمىش، كەچۈرگەن ئەل بېشىدىن بىباھا قىسسە،
«فارابى» يۈكسۈلۈشچۈن ئالەمگە قوشتى كۆپ ھىسسە،
ئۇلۇغ «سەككاكى» دەۋرىدە ئېلىم يۈكسەلدى يۈز ھەسسە،
«غېرىبى»«لۇتفى» «يۈكنەكى»... كەبى كۆپ شەھمۇۋارىم بار.

يەنە ئاسلام ئۇلۇغلارنىڭ گۈزەللىك يادىنى تىلىغا،
«ئەزىزى» «شەۋقى» نى... ئۇچراتتى تەقدىر شۇم ئازازىلغا،
تەمەننايى ۋىسال بىرلە ئۆتۈپ كەتكەچ يىلى - يىلىغا،
پەلەك رەھىم ئەتمىدى ھەرچاغ، ئەلەملىك-قايغۇلۇق دىلىغا،
جاپالەر تارتىسمۇ «ئىشقى» دىدى بىر كۈن ناھارىم① بار.

1957 - يىل، سېنتەبىر، قەشقەر توققۇزاق.

---

① ناھار — كۈندۈز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## ئىزدىنىش يولى

ئاغرىماس ـ بىلمەس كىشى ساقلىقتا ساقلىق قەدرىنى،
دەرت كىشىدە بولمىغان بىلمەيدۇ شاتلىق قەدرىنى.
بەختلىك چاغلاردا ئىنسان قاپلىغاچ كىبرو ـ غۇرۇر،
بىلمىگەي دەۋراندىكى راھەتنىشاتلىق قەدرىنى.
كەمبەغەللىك قەدرىنى مۇھتاج بولغاندا بىلۇر،
باي ـ دۆلەتمەن چىغى بىلمەسكى بايلىق قەدرىنى.
يايرىماس ھېچبىر كۆڭۈل گەر بولمىسا ئاندا ئۈيات،
ئەھلى ۋىجدانلار بىلۇر شانلىق ھاياتلىق قەدرىنى.
ياردەپ يۈرمەك جاھاندا ئىشقىسىز ـ بىھۇدىلىق،
ئىشق ئىلە ئىنسان بولۇر، بىلسە ئىنجاتلىق قەدرىنى.
ئەي يۈرەك! مەي ئىچ ئىلىگىدىن، بەخت ئىرپاندىن كىلۇر،
چىن مۇھەببەتلىك كىشى بىلگەي ئۇياتلىق قەدرىنى.
باس قەدەمنى توغرا يولغا، بولمىغىل سۆلەتكە دوست،
سەن ئۇنۇت بىھۇدە ئۆتكەن دەۋرە ياشلىق قەدرىنى.
ئىشقىيا! سەن دەھردىن ئۆتتۈڭ پىغانلىق غەم بىلەن،
بىلمىگەچ ياشلىقتا ئۆتكەن ئىتىبارلىق قەدرىنى.

1981 ـ يىل، ئاۋغۇست، قەشقەر.

## مېنىڭ ئارمانلىرىم

تۇيىمىدىمەن بۇ جاھاندا نەچچە يىل دەۋران سۈرۈپ،
سالمىدىم ھېچ بىر قۇلاق، خەلقىمنى مەن كىريان كۆرۈپ.

بولسا بەسدۇر مەنگە تاپماق پۇل ۋە مەنسەپ ـ ئابرۇي-
نى كېرەك دۇنيادا ئەلنىڭ قايغۇسى دۆلەت تۇرۇپ.
ئايدا ئالسام نەچچە قىزنى بۇ ئەمەسمۇ دۆلىتىم ؟!
بەخش راھەت ھەر كېچە بەزم ئەيلىسەم ئويناپ كۈلۈپ-
ئەيلىسە كۆڭلىنى ھەركىم ئەيشىدىن خەندانۇ ـ شات،
ئالمىدىمۇ؟! دەۋردە شاھانە دۆلەتنى قۇرۇپ.
تولدۇرۇپ تۇرسا شاراپنى رۇمكا ـ جامغا لەپمۇ ـ لىپ،
جان قوراتسام ھېچ كېرەك يوق نازىنىنلارنى قۇچۇپ.
"دەردى كەم!" دەپ سۆز توقۇپتۇ ئۇل قىمارۋازنىڭ پىرى،
دەرت ئەمەسمۇ؟! تاۋىكا①دا قويسا بارنى ئوتتۇرۇپ.
قويسا چوغنىڭ ئۈستىگە مېھرى گىيانى②دەمبىدەم،
بىر چېكىپ چىقسام ساما③غا نەشئىن كۆرسەم ئۇچۇپ.
قىلسىلا ئىززەت مېنى، خوش ـ دېسە بەلنى ئېگىپ،
كىم ماڭا بوي ئەگمىسە ئەتسەم چىشىنى سۇندۇرۇپ.
ئارزۇيۇم كۆپ ئىرۇر ـ دۇنيادا ئارمانىم تولا،
ئىخ!!! ماڭا كەيپۇ ـ ساپادىن ئۆزگىسى چامغۇر، تۇرۇپ-
ئەمدى ئىنساپ ئەيلە "ئىشقى" كەلگۈسى ھالىڭغا باق!
سايرىماس بۇلبۇل قۇشۇڭ باغىڭدا نادانلىق تۇرۇپ.

1984 ـ يىل، مارت، قەشقەر

---

① تاۋىكا — قىمارۋازلارنىڭ سەھنىسى.
② مېھرىگىيا — نەشە، ئەپيۇن قاتارلىق چېكىملىكلەردىن كىنايە.
③ ساما — ئاسمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتى

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

كىشى قەلبىگە نۇر ناشىسا ھورۇنلۇق،
ۋۇجۇدىغا سىڭەر ھەرخىل قوبۇللۇق.
دۇنياتنى تاشلىغان ئىنسانىنى «ئىشقى»
ھاياتتىن چەتنىگەن دەپ ئېيتسا يوللۇق.

× ×

ياشاش ئالىمىگە كىرەك ئىتتىپاق،
يوقالماق جاھاندىن سەۋەپتۇر نىپاق①
ياشاشچۇن ئۇممەت «ئىشقى» بولسا ئەگەر
ئۇنىڭ شەرتىدۇر ئىلىم ھەم ئىتتىپاق.

× ×

ئەدەپسىز بولمىغىل ئەي ياش! ئەدەپنى ئۆزگەيارئەيلە،
گۈزەل ئەخلاق بىلەن ياشناپ ئېلىمگنى بەختىيار ئەيلە.
نومۇسنى بىلمىگەي ئالەم ئارا كىم بولسا ئەخلاقسىز،
ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن «ئىشقى»جاھانغا ئىپتىخار ئەيلە.

× ×

ھەر كىشى بولسا شىھنىشاھ، كەيسە ئالەم تاجىنى.
ئۆرلىسە پەرۋاز ئېتىپ كۆككە كىزىپ مىراجىنى.

---

① نىپاق — ھۇنا پىقلىق

خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشتەك «ئىشقى» ئاندا بولمىسا،
كىم ئۇنى ئىنسان دىگەيكى ئۇ كەبى «قۇنتاج»نى.

× ×

ھەر كىشى مەجنۇن كەبى بولسا سادا قەتكە ئىگە،
بولغۇسى ئالەمگە مەنزۇر ھەم سائادەتكە ئىگە.
چۈنكى ئۇ جان ـ دىلدا سۆيدى «لەيلى»نى تا ئۆلگىچە،
بولدى سادىق «ئىشقى»دا بولدى كامالەتكە ئىگە.

× ×

ئۆلىمىدىن قىلچە قورقمام چۈنكى ئۇ قانۇنىيەت،
قورقمىغان مەرتلەر ئۆلۈمدىن، قالمىغان بولغاچ ئەبەت.
قورقىمەن لېكىن ھاياتتا بولسا ئارمان يار ماڭا،
«ئىشقى» دا غەم، ئارزۇغا يەتمەيىن كېرسە لەھەت.

× ×

قەدىردان يارىڭنى تاشلاپ ساقتىنى يارىم دىمە،
يار دىسەڭ ئارماندا قالساڭ، ئاغرىدى جانىم دىمە.
چىن ھەقىقى يارىدۇر ئىنسان ھاياتىغا كېپىل،
بىۋاپانى «ئىشقى»سەن ھەرگىز ۋاپادارىم دىمە!

× ×

ياشاش بارلىق دىمەك، بارلىق ياشاشتا،
ئەمەس ھايۋان كەبى ئاش ـ نان ئاشاشتا.
ياشاش "ئىشقى" شۇڭا بارلىق ئاساسى،
جاھان ئۆتكەن ئەمەسمۇ شۇ تالاشتا.

× ×

ۋەتەن! دىگەندە مۇھەببەت يۈرەكتە مەۋج ئۇرۇدۇ،
ئۇنىڭ چىرايلىق ئېتىدىن كۆڭۈلگە زوق تولىدۇ.
گۈزەل جامالىغا "ئىشقى" قاچانكى تەلمۈرسە،
سۆيۈملۈك مېھرى بىلەن قوينىنى ئېچىپ كۈلىدۇ.

× ×

ماختىدىم دۇنيادا بىرغىنا سېنى،
بارمىدۇر؟ جاھاندا مەندەك كۆيگىنى.
بۇلبۇلدەك سايرىدىم كۈيۈگنى كۆيلەپ،
باقمىدىڭ!سەندىكى مېھر ـ ۋاپا قېنى؟

× ×

كۈلۈپ ئۆلسەم دىدىم غەمدىن قۇتۇلغاچ،
ۋە لىكىن كۈلمىدىم، يەغلاپ تۇغۇلغاچ.
قاچان كۈلسەڭ بالام، بارغىل مازارىم،
بۇ "ئىشقى" روھى خوشلانسۇن ئېغىز ئاچ!

× ×

زامان غەمىلە يۈرسەن قاچانغىچە مەھزۇن،
يۈرەكنى پارە قىلىپ ھەم تۆكۈپ كۆزۈڭدىن خۇن.
ئۈمىتنى ئۈزمە ۋە ئىشلە! گۈزەل ھايات تاپقىل،
ھەگەركى "ئىشقى" چىلىشماس، يوقالمىغى قانۇن.





# ھوشۇر ئىبراھىم

ھوشۇر ئىبراھىم 1937 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاچچىق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1951 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. شۇندىن بۇيان ئۇ ھازىرغىچە كۆپلىگەن شېئىر، داستانلارنى ۋە بىر قانچە پارچە ھېكايە، دراممىلارنى يازدى. شائىرنىڭ 1981 - يىلى «چېلىش تەنتەنىسى»، «باھار ئىشقى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى

ئەشىر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە "قەلب كۈيى» ناملىق شېئىر
توپلىمى ئەشىرىيا تقا سۇنۇلدى.
ئۇ،ھازىرجۇڭگويازغۇچىلارجەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزا-

# تۆھپىكار

(داستان)

(«ئۇيغۇربىنا كارلىق سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر» كىتاۋىغا بېغىشلاپ)

## مۇقەددىمە

ئاتىنىڭ ئىزىنى باسمىسا ئوغۇل،
نەۋرىگە بۇۋىدىن قالىدۇ نىمە؟
نەۋرە كەرئاتىغا بولمىساۋارىس،
چەۋرىلەر بوۋىنى بىلىدۇ دىمە؛
دىمەككى ، نەۋرىنى بوۋىغا چاتقان،
ئوغۇلنى دىگىنكى كۆۋرۈك ياكېمە.

ئەجداتلار كۆچىتى ئەۋلات ئەجرىدە،
ياشىرىپ ئەڭ گۈزەل ئاچىدۇ چېچەك.
ئەۋلاتلار كۆچەتنى بارلاقلاتمىسا،
چوقۇمكى ئۇ چېچەك قالىدۇ پۇچەك.
تۈنۈگۈن بۈگۈنگە ھامىلدار ھامان،
بۈگۈنسىز بولمايدۇ پارلاق كېلەچەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ھاياتلىق ئۇزۇلمەس بىر ئەزىم دەريا،
ئۆمۈرلەر قوشۇلۇپ ئۇلايدۇ ئۇنى.
قولۇمدا بوۋامنىڭ ئويما ئەسۋىپى،
ئاتامنىڭ مىراس قىپ قالدۇرغان بۇنى؛
ھاياتلىق قانۇنى ئەزەلدىن شۇنداق،
تۆۋەنكى قۇرلاردا يازىمەن شۇنى.

# 1 - باپ

## ئارزۇ

ياش رەسسام ئىلھامجان ئالتە يىل بۇرۇن،
رەسساملىق مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن.
مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن يىللار،
شىجائەت، ئەجىردىن مىۋىلەر بەرگەن؛
جاپالىق تەرىدىن يارىتىپ ئىجات،
گۈلزارلار ئىچىدىن سەرخىل گۈل تەرگەن.

ئۇ ئىدى كەم سۆز ۋە كەمتەر ھەر قاچان،
ياشقىلار ئالدىدا بىر سەبى بالا.
بۇرۇتى خەت تارتقان يۇمران مايسىدەك،
قاشلىرى ئۆسكىلەك، كۆزلىرى قارا.
تەپەككۇر كۆكىدە قىلاتتى جەۋلان،
يوش ۋاقىت تاپسىلا ئايلىنىپ دالا.

ئېخ! گۈزەل تەبىئەت، رەڭدار تەبىئەت،
خىلمۇ - خىل رەڭ - بوياق تارتقان يۈزىگە.
كۆرىنەر ئىدىكى، سىرلىق بىر دۇنيا،
رەسسامنىڭ خىيالچان، ئوتكۈر كۆزىگە؛
قايسى كۈچ قىلغان - ھە؟
شۇنچىلىك گۈزەل،
دەيتتى ئۇ، سوئاللار قويۇپ ئۆزىگە!

تەسەۋۋۇر ئىلكىدە قىلاتتى پىكىر،
ھەر يېڭى نەرسىنى كۆزىتەتتى ئۇ.
ئومۇمى نەرسىلەر ئىچىدىن خاسلىق-
ئىزدەشكە كۈچ بىلەن تىرىشاتتى ئۇ؛
ئۆزگىچە يېڭىلىق سېزىپ قالسا گەر،
يىلىمدەك چاپلىشىپ يېپىشاتتى ئۇ.

ئىجات ۋە خىزمەتكە قىلمايتتى ھىلە،
"ئەستايىدىل" بولۇشتى خۇيى- خىسلىتى -
زەررىچە سەۋەنلىك سېزىلسە ئەگەر،
كۆچۈرۈم قىلماسلىق ئىدى زىننىتى؛
باشقىلار ئىشچۈن چەكسە رىيازەت،
چىقمايتتى ئاغزىدىن ھەر چاغ مىننىتى!

كەسپىگە ئىخلاسمەن، تىرىشچان يىگىت،
مىسرالار ئۈستىدە ئويلۇنۇپ قالدى.
باغچىلار، مەنچىتلەر، مەقبەرە ئارا،
ئايلىنىپ ئەڭ گۈزەل نۇسخىلار ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارىخى ئويمىلار ــ نەقىشلەر ئۇنىڭ،
قەلبىگە ئۇلۇغۋار ئارزۇنى سالدى.

بۇ ئارزۇ مەزمۇنى شۇنچىلىك چوڭقۇر:
تارىخىي مىراسنى خاتىرگە ئېلىش،
تەتقىقات يۈرگۈزۈپ ئويما ئۈستىدە،
نەقىشلەر رەتلەنگەن كىتاپچە قىلىش؛
بۇ مېھنەت ـ ئەجرىدىن ئەجدات ئىشىنى،
ئەۋلاتنىڭ ئېسىگە مۇكەممەل سېلىش.

ئۇ بىردىن جانلىنىپ كەتتى شۇ بىلەن،
قەلبىدە ھىسسىيات باھار دولقۇنى.
دۇنياۋى ئورۇنغا ئىگە سەنئەتنى،
رەتلەشكە قوزغاتتى ئۈمىت يالقۇنى؛
ئەجداتلار ئىشىنى ئەۋلاتقا ئۇلاش،
دېمەككى ئۇلۇغ ئىش ــ
پارتلاش ۋۇلقىنى!

ياش رەسسام مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ،
ئىشتىياق باغلىدى ئۇلۇغ ئىشلارغا.
بۇ يولغا ئۆمرىنى پىدا قىلدى ئۇ،
چىقىشمۇ قىلىچتەك ئىگىز تاغلارغا؛
جاسارەت يامغۇرى ياغدى شاقىراپ،
ئىشەنچى گۈل ئاچقان چىمەن باغلارغا!

شۇ ۋەجدىن موبىنى قىلدى ئۇ شەمشەر،
ئايلاندى قەغىزى ئۇچار گىلەمگە.

رەڭ ـ بوياق بەپايان ۋەتەن تۇپرىغى ـ
ئاتلاندى تەشنا بوپ ئابى زەمزەمگە؛
نەقىشلەر ماكانى قەدىمىي يۇرتلار،
ئايلاندى ئۇ ئۈچۈن شىپالىق دەمگە.

## 2 - باپ

### ئىزدىنىش

نەقىشلەر تارقالغان جاي ـ ئورۇنلارنى ـ
ئايلىنىپ چىقتى ئۇ، زىيارەت چېكىپ.
نۇسخىلار تاللاشتا ئۆتتى قانچىلاپ،
تاغ ـ دەريا، جىرادا سۇلارنى كېچىپ؛
سىزدى ۋە سۈرەتكە ئالدى ئىخلاستا،
ئويمىلار شەكلىنى چوڭقۇر ئىزدىنىپ.

ئەنە ئۇ، كۆرمەكتە نۇرلۇق كۆز بىلەن،
«كاشغەر» ـ ئەزەلدىن كاھىش ماكانى.
گۈللىگەن بۇ يەردە ئويما ـ نەققاشلىق ـ
رەڭ بەرگەن ئويمىغا بوۋىلار قانى؛
ئاتىنىڭ ھۈنىرى بالىغا مىراس،
شۇ سەۋەپ قەدىم يۇرت ئويمىكار كانى.

ئەسىرلەر مۇقەددەم سۇتۇق بۇغراخان،
دەۋرىدە كاھىشقا نەقىش ئويۇلغان.
قەدىمى سۈرەتلەر ئەندىز قىلىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

خىلمۇ - خىل ئۇبرازلار تامغا قويۇلغان؛
ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا ئالتۇن ھەل - بوياق،
قورغۇشۇن سۈيدەك دىلغا قۇيۇلغان!

كۆردى ئۇ «بىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم»-
قەۋرىسى نەقىشنىڭ گۈل - گۈلۈستانى.
ئەجداتلار ئەجرىدىن قالدۇرغان مىۋە،
دەۋرىمىز ئۇچۇنمۇ ئىجات بوستانى؛
دىمەككى، ھاياتنىڭ جەۋھىرى قەشقەر،
دۇنياۋى سەنئەتنىڭ تاجۇ - سۇلتانى!

يەركەننى جاي قىلىپ ياتقان چىلتەنلەر-
مازىرى ئۇيىمكار ئەجرىنىڭ بىرى.
يالىلدار جۇلالاپ نەفىس سەنئەتتىن،
تۆھپىكار ئۇستازنىڭ كۆمۈشرەڭ تىرى؛
پەخىرلەن، دۇنياغا ئەي ئىزىز تۇپراق،
ئۇيمىكار ئۇستازنىڭ تۇغۇلغان يىرى!

ھېيتگاھ جامەسى ھەممىگە تونۇش،
زەرھەللىك ئويمىدىن كۆزلەر چاقنايدۇ.
سەرراپ ۋە جەگىلەر نەقىشلىرىدە،
قوياشنىڭ نۇرلىرى كۆلۈپ يايرايدۇ؛
مېھراپ ۋە تۈۋرۈكنىڭ ئۆزى بىر كىتاپ،
نەمۇيان① نەقىشى نۇردەك پارلايدۇ!

① نەمۇيان نەقىشى - بىر خىل بىناكارلىق نەقىش تۈرى.

تۇرپاندا «بېزەكلىك»
قورغاستا «تۆمۈر...»①
نەقىشلەر بېغىنىڭ گۈزەل لەيلىسى.
ئۇلاردا مۇجەسسەم ئويمىكار ئەجرى،
گويا ئۇ تارىخنىڭ ئۆچمەس قامۇسى؛
رەسسامنىڭ قەلبىدە تۇغۇلدى بىر ئوي:
«ئويمىكار پىردۇر ئۇيغۇر قەۋمىسى».

كىتاپلار مۇقاۋى زەركەبى چاقنار،
چىرايلىق نەقىشلەر چېكىلگەن ئاڭا.
شۇنچىلىك مەزمۇنلۇق، شۇنچىلىك گۈزەل:
ھېسسىيات بېغىشلار قەلبىڭگە شۇڭا؛
كىمخاپنىڭ ئۈستىگە گۈل بېسىلغاندەك،
تويۇلار بۇرادەر ماڭا ۋە ساڭا.

ئۈرۈمچى تىياتىرى، قەشقەر باغچىسى،
بەختىيار دەۋردە تىكلەنگەن بىنا.
ئۇندىكى نەقىشلەر نەفىس ۋە گۈزەل،
بۇنىڭدىن گۈللەنگەن ھۈنەرنى سىنا؛
بۇرۇنقى ئويمىلار زەر ئۈزۈك بولسا،
بۇندىكى نەقىشلەر ئالماس كۆز گويا!

خوتەننىڭ گىلىمى ئالەمگە داڭلىق،
دولقۇنلار ئۇنىڭدا باھار كەلكۈنى.
مەھلىيا قىلىدۇ ئۇندىكى ھۈنەر،

---

① قورغاستىكى «تۇغلۇق تومۇر خان» قەۋرىسى.

چاقنايدۇ ھۆسنىدە قۇياش يەلكىنى؛
ئۇندىكى خىلمۇ - خىل رەڭدار نەقىشتە،
مۇجەسسەم پاقىراق گۆھەرلەر كېنى!

دىللارنى لەرزىگە سالىدۇ ھەرئان،
ئۇيغۇرلار دىلىكىشى راۋاپىنىڭ تارى.
كۆزلەرنى چاقنىتار ئۇندىكى نەقىش،
سۆڭەكتىن چىرايلىق قويۇلغان بارى؛
ياڭراق داپ گەردىشى، ساتار دەستىسى،
تەمبۇرنىڭ قارنىمۇ ... نەقىش سۇۋارى.

كۆز سالدى چىمەنزار چىمەن دوپپىنىڭ،
نەقىشنى گۈل قىلغان جىيەكلىرىگە.
كۆز سالدى ئۆسمۈرلەر كۆينەكلىرىنىڭ
نەقىشلەر تىكىلگەن كۆكرەكلىرىگە؛
چۈشەندى:
نەقىشكە ئىشقىۋاز خەلقىم،
ئويۇشقان نەقىشنى يۈرەكلىرىگە...!

رەسسامنىڭ قەلبىدە ھەسسىيات قىيان،
ئۇزىدۇ دولقۇنلار ئۇستىدىن ھالقىپ.
قانائىتۇر ئۇ ئۇچۇن سىزىش تاختىسى،
ئۇچىدۇ ئۇ بىلەن جاپادىن بالقىپ؛
ئىرادە - پەللىگە چىقىش شوتىسى،
ئۆرلەيدۇ ئۇ بىلەن پەلەككە قاڭقىپ!

## 3 - باپ

## قان ۋە تەر

ئىلھامجان تاللانغان نۇسخە ئۈستىگە،
قېنى ۋە تېرىدىن بەرمەكتە بوياق.
تەپەككۇر كۆكىدىن ياغدۇرۇپ يامغۇر،
سىزماقتا قەغەزگە،
ئويلۇنۇپ ئۇزاق؛
كۆندۈزنى كېچىگە ئۇلىماقتا ئۇ،
كۆزلىرى قىزارغان - ئۇيقىدىن يىراق.

كەچتە ئاي شولىسى يورۇتسا سىرتنى،
ئۆي ئىچى چىراقتىن يورۇيدۇ ئاپتاپ.
بەدىنى ئېرىيدۇ قورغۇشۇن كەبى،
ھەر سىزىق قان - تەردىن پۈتىدۇ شۇ تاپ؛
ھېرىقىش تۆپەيلى بوشىسا بەدەن،
چىداملىق بابىدىن قىلىدۇ خىتاپ.

قانچە بەت قەغەزلەر بولىدۇ نابۇت،
قانچە تال موبىنىڭ ئۇپرايدۇ قىلى.
تاماقتا چاقىرىپ چىقىرالمىغان،
دىلدارنىڭ زارلاشتىن سايرايدۇ تىلى؛
ئىلھامنىڭ قادىلىپ ئولتۇرىشىدىن،
قاتىدۇ تاياقتەك بويىنى ۋە بېلى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئېقىل جامىدىن دىلدار شارابى—
ئىچىشچۈن بېرىلىپ قىلىدۇ ئىجات.
تەمكىنلىك ئىلكىدە مېھنەت ئەجرىدىن،
تاپىسىكەن دەيدۇ ئۇ كىتاۋىم نىجات؛
ئالىدۇ مەسلىھەت قەلەمداشلاردىن،
مۇجمەل تۇيغۇلار ئۈستىدە پات - پات.

× ×

قانچە كۈن ، قانچە ئاي ئۆتتى ئايلىنىپ،
دەسلەپكى ئارگىنال چىقتى قولىدىن.
پېشقەدەم ئويمىكار ئۇستىلار كۆرۈپ،
تەسىرات ئېلىشتى ئۇنىڭ روھىدىن؛
ۋە لېكىن چىقىشتى يەنە قانچىلار،
مەسخىرە ئىلكىدە ئوڭ ۋە سولىدىن:

— شۇنچىلا چوڭ ئىشنى ئىلھام ئالدىراپ،
بىر يولىۋۇجۇتقا چىقىرالامدۇ؟
قەلبىمىز قانائەت ھاسىل قىلغىدەك،
تارىخنى ھازىرغا باغلىيالامدۇ ؟
چۆجىنى كۈزلىككە سانايمىز تېخى،
كىتاپنى نەشىردىن چىقىرالامدۇ؟!

دېيىشتى بەزىلەر بۇرنىنى قېقىپ :
— پاھ، تېخى قونداقتا چىقامدۇ پاقا؟
بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارماق قېيىن،

بىز تۇرۇپ، ئۇ قانداق ئىشلەيدۇ،
يا قا!؟
ئۇرغاندەك بولىدۇ تۇخۇمنى تاشقا ،
كۆدەكلىك قىلىپ ئۇ ئويىنىسا ساقا!

ئاغزىدا كۈلكە بار، قەلبىدە زەھەر،
ئادەملەر غەۋغامۇ قىلمىسدى ئەمەس.
ئاڭلاپ ئۇ گەپلەرنى مۇنداق دىدى ئۇ:
"ئاق نىيەت ئادەملەر ئۇنداقمۇ دىمەس"
ۋە لېكىن، تەمكىنلىك ، ھوشيارلىق بىلەن،
ئەمگىكى ئۈستىدە قىلدى كۆپ پەخەس.

× ×

تەشۋىقات، نەشرىيات، ئىدارە كۆرۈپ،
ئىلھامغا سەمىمى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى.
ئىشەنچىنىڭ يوپ ـ يورۇق چىرىغىنى يېقىپ،
قەلبىگە ئۈمىتىنىڭ گۈلىنى تەردى.
پىشقەدەم نەققاشلار بىلەن سۆزلىشىپ،
كەم نۇسخە ـ تامغىنى ئەكىلىپ بەردى.

ئاتاقلىق رەسسام ۋە ئۈستىلار كۆرۈپ،
دېيىشتى: "ئىشىڭدىن كۆڭۈل يايرىدى.
ئەجدادلار مىھنىتى ئەۋلاد ئەجرىدە،
مۇناسىپ باراقلاپ گۈلدەك ئاينىدى…"
ئىلھام بۇ سۆزلەردىن رىغبەتكە تولۇپ،
ئىجادى ئۈستىدە قايتا چامدىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەرپ قىلىپ ماھارەت ـ ئىقتىدارىنى،
موبى ۋە بوياقتا قىلدۇردى جەۋلان.
ئاجايىپ زېھنى كۈچ، ئىجتىھات بىلەن،
ياراتتى نەقىشلەر بېغىدا بوستان؛
كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن قايتىدىن،
قەغەزلەر ئۈستىدە كۈلدى گۈلىستان.

## 4 - باپ

## شان - شەرەپ

ئەسىرگە سۇنغاندا،
رەھبەرلەر كۆرۈپ،
ئىلھامغا يۈرەكتىن ئۇقۇشتى تەھسىن.
ئاڭلاپ بۇ خەۋەرنى بېيجىڭ باسمىسى،①
بېسىشنى ئۈستىگە ئالدى چىن دىلدىن.
خۇش خەۋەر تارقالدى پۈتۈن رايونغا،②
ياغدى شان،
ئاپىرىن!
ھەممىلا تىلدىن.

ئۈرۈمچى قوينىغا ماڭدى ئىلھامجان،
مەدەت ۋە رىغبەتنىڭ ئېتىغا مىنىپ.

① بېجىڭ ھەللەتلەر باسمىسى «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» غا ۋاكالەتەن بېسىپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى.
② ئاپتونوم رايوننى دېمەكچى.

قىسمەن كەم جايلارنى تۈزەتتى دەرھال-
ئالىم ۋە ئۇستازلار پىكىرىنى ئېلىپ.
ئىشلىدى قانچە كۈن نۇقسان ئۈستىدە،
ھەر سىزىق، بوياققا زېھنىنى بېرىپ.

كىتاۋى ياسىمىغا مېڭىپ ئاز ئۆتمەي،
بېيجىڭدىن چاقىرىق كەلدى ئىلھامىغا.
تيانشان سالامىن يۈرەككە تېڭىپ،
چىقتى ئۇ تۈنجى رەت كۆمۈش لاچىنغا:
قەلبىدە خوشاللىق ياسىدى دولقۇن،
ۋۇجۇدى چۆمۈلدى زور ھاياجانغا!

باردۇ بۇلۇتلار ئۈستىدە ئىلھام،
شەرققە - ۋەتەننىڭ پايتەختىگە.
باردۇ، قەلبىدە مېھرى - مۇھەببەت،
ئاتالغان بېيجىڭنىڭ ئىشچان خەلقىگە.
كۆزىدىن ئىسسىق ياش ئاقماي قالامدۇ
ھەر كىشى يەتكەندە ئارزۇ - بەختىگە؟

ئەسسالام! بېيجىڭىم - گۈزەل پايتەخت،
ئەسسالام! قەلبىمدىن، قولۇم كۆكسۈمدە-
سېغىنىپ يۈرەكتىن،
كۆرەتتىم سېنى
ئاق ئايدىڭ كېچىلەر شېرىن چۈشۈمدە:

www.uyghurkitap.com

كەلدىمەن بۇ قېتىم خەلق تاپشۇرغان
ئۇلۇغوار ۋەزىپە مېنىڭ زىممەمدە!

× ×

پايتەخت قارشىلاپ ئوغلىنى قىزغىن،
بېشىدا كۆتەردى چوڭقۇر ھۆرمەتتە.
ئويمىلار ساقلانغان مۇزېيلار ئارا،
ئىشىكنى كۇشادە ئاچتى رىغبەتتە؛
ئۇنىڭ ھەر كۇنلىرى ئۆتتى ئىش بىلەن،
غۇبارسىز باشلانغان مېھرى شەپقەتتە!

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەر نۇسخىسى
تېپىلدى مەركىزى مۇزېيخانىدىن.
قايتىدىن ئەڭ گۈزەل بولۇپ چاقنىدى،
ئىلھامنىڭ ئەجرىدىن تەر ۋە قانىدىن؛
كىتاپقا يېڭىچە ھۆسۇن قوشتى ئۇ،
ئويمىلار گۈللەنگەن تارىخ بابىدىن!

مەركەزنىڭ رىغبىتى، ئىلھام ئەمگىكى-
ئارقىلىق ئويمىلار جانلىنىپ كەتتى.
ئىزاھات بىرىلدى ئۈچ خىل تىل① بىلەن،
بۇ ئىشتا لوۋاڭنىڭ خىزمىتى يەتتى؛
ئاخىرقى تۈزۈتۈلۈپ كۆرۈشتىن كېيىن،
دىيىشتى باشقىلار "ۋايىغا يەتتى".

---

① ئۈچ خىل تىل — ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئېنگىلىزچە.

بۇ ئالى مۇكاپات، ئالى شان ـ شەرەپ،
ئىلھامىمنىڭ جاپالىق مېھنىتى ئۈچۈن.
ئۇستاز ۋەرەھبەرلەر مەدەت ـ كۈچ بەردى،
ئىلھامىغا
كىتابىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن.
شائىرمۇ قەلبىدىن داستان توقۇدى،
" ... ئۆرنەكلەر توپلىمى "قىممىتى ئۈچۈن!

## خاتىمە

"... ئۆرنەكلەر توپلىمى" نەشردىن چىقىپ،
جاھان بازىرىدا شان ـ شەرەپ قۇچتى.
ئەجداتلار روھىمۇ ياساپ پەر ـ قانات،
شاتلىقتا پەرۋاز قىپ پەلەككە ئۇچتى؛
ئىلھامجان ئارزۇسى تېپىپ كامالەت،
كۆڭلىمۇ خاتىرجەم ئىزىغا چۈشتى!

1984 ـ يىل، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئابلىمىت ھاجى

ئابلىمىت ھاجى 1937-يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئوگېرىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، 1953-يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ، نۇرغۇن شېئىر ۋە ھېكايىلەرنى يازدى، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «چىلىش تەنتەنىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «تۇتىيا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، «ئاتا ئىزىدىن» ناملىق پوۋېستى، «قەمبەرنىسا» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار

بۇ جاھاننىڭ خورلىغى باستى مېنى بىر تاغ كەبى،
ۋادەرىخا بولدى زەپ ياشلىق گۈزەل باغىم خازان.

ئەدىكى چۈپرەندىلەر تارتقۇشلىشىپ خار ئەيلىدى،
بۇ ئېزىز مىلك بىر جېنىمدىن قالدى نىم جانىم ئاران.

شۇندىمۇ مېھرىڭ سەبى كۆڭلۈمگە ئوت ياققاچ ۋەتەن،
ئەگمىدىم تۆھمەتكە باش، قەددىمنى تىك تۇتتۇم ھامان.

1966-يىل،10-ئاي، قەشقەر.

## قەشقەر قىزى

ئەجەپ گۈزەل ئەتتىگەن،
ئاسمان سۈزۈك لالىرەك،
ئالتۇن ۋادا شامىلى
سۆيۈپ ئۆتەر مەگزىمنى.
كۆز ئالدىمدا تاناپتەك —
تۈپ - تۈز ئۇزۇن ھەر - ھەر يول
گۈل چىمەنزار ئىككى يان
تارتار ئىدى مەيلىمنى.

شوخ ئويانچى كەپتەردەك،
پەرۋاز قىلىپ باراتتىم؛
چوغلىناتتى ئەتراپىمۇ،
ئوتقاش گىلەم ياپغاندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاقىرايتتى شۇ ئەزىم
تۈمەن دەريا سۇلىرى؛
دولقۇنىغا كۈمۈش ھەم
زەردىن ئۈنچە چاچقاندەك.

يولداش ئەدى يېنىمدا
قەشقەر قىزى ئانارخان؛
نەقىزكى ئۇ، ھۆر - پەرى،
ئون بەش كۈنلۈك تولۇنئاي.
ۋاھ، قانچىلىك خىسلەتلىك،
بۇ گۈزەللىنى ئۆستۈرگەن؛
مۇشۇ ھاۋا، مۇشۇ سۇ،
مۇشۇ دىيار - ئېزىز جاي؟!

ئوڭ مەڭزىدە ياراشقان
بۇغدايچىلىك مېڭى بار؛
قەلەم قاشلىق، گىلاس لەۋ،
ئوقيا كىرپىك، بۇلاق كۆز.
تامىغىدىن پاقىراپ
ئىچكەن سۈيى كۆرۈنەر؛
خۇش تەبەسسۇم نۇر چىراي،
ئاق پوستلاق، ئانار يۈز.

قارا سۇمبۇل چاچلىرى
تاپىنىغا چۈشىدۇ؛

ساناپ باقسام 40 ئۆرۈم،
ھەر ئۆرۈشى بىر بوستان.
قارىغانچە زوقلۇنۇپ،
ھوزۇرلۇنۇپ، روھلۇنۇپ،
دولقۇنلايدۇ دەريادەك.
يۈرىكىمدە ھاياجان.

تاۋلىنىدۇ ئوتقاشتەك،
سېرىق ئەتلەس كۆينىكى؛
چىمەنلىككە ئوخشايدۇ
كىيگەن چىمەن دوپپىسى.
بىلىكىدە بىلەيزۈك،
جارىغىدا ئۈزۈكى؛
قۇلىقىدا چاقنايدۇ،
چېچەك نۇسخا ھالقىسى.

ۋىژدانىغا سۆيگىدۇر
چىن ھەقىقەت، ئادالەت؛
مېھنىتىدىن-ئەجرىدىن
تاپسام دەيدۇ سائادەت.
دۈشمەنلەرگە يۈرىكى
زىمىستان قىش داۋامەت،
ئۆز خەلقىگە قەلبىدە
بار مۇھەببەت شاپائەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدىدىن-بەستىدىن
ئۇرغۇپ تۇرار جاسارەت؛
قارىشىدىن ئاياندۇر
بىر دانالىق پاراسەت.
تەبىئەتلىك، سۈلكەتلىك،
خىسلىتىدۇر نازاكەت؛
سۆيگۈ، ۋاپا ئالدىدا،
ئۇ سەممىي، ساداقەت!

بارار ئىدىم يانىمۇ-يان،
دىدىم: قاراڭ ئانارخان!
بىر گېپىم بار ئاڭلىڭىز،
ئەمدى بايان ئەيلىبان:
بۇ جاھاندا بارمىدۇ،
پەر كەلگىدەك خىلىڭىز؟
سىزنى سۆيەر قەلبىمىز،
سىزگە قايىل يەر-جاھان.

"4 زىيانداش" ۋاقتىدا،
بوغۇلغان پۇت-قولىڭىز؛
تۇۋاقلىنىپ تىلىڭىز،
غازاڭ بولغان گۈلىڭىز.
گۇنا بولغان مىللىچە،
كىيىم كىيىپ يۈرسىڭىز،
ئەمدى مانا قايتىدىن
كەڭ ئېچىلدى يولىڭىز.

دىدى: قەشقەر قىزلىرى ــ
دېگىنىز بولسا ، مەن تامچە؛
ئۇلار بولسا گۈلباغچە،
مەن پەقەتلا بىر غۇنچە.
يىراق، ئوخشاش مېھرىمىز،
ۋىجدانىمىز ، پىكرىمىز ،
ۋەتەن ئىشقى دىللاردا
ئاسمان پەلەك گۈلخانچە.

بارار ئىدۇق بىز راۋان،
دىلدا چوڭقۇر ھاياجان.
ھېيتكاھقا بىز كەلگەندە،
ئايرىلىشتۇق شادىمان.
ئۇ، ئىشىغا ـ دۇككانغا
كەتتى مەغرۇر شۇ زامان.
مەن زاۋۇتقا سالدىم يول،
بولۇپ گويا قەھرىمان.

دەيتتىم: قەشقەر قىزى مەرت،
مەردانىلىق ئەندىزى؛
بارچە گۈزەل گۈللەرنىڭ
گۈزەللىكى ، پەدىزى.
ئىبىخ ، ئەجەپمۇ نۇرانە
قۇياش قىزى ، ئاي قىزى،
نۇزۇگۇمنىڭ ئەۋلادى،
قامۇس بولار بىر ئۆزى.

1980 ـ يىل،قەشقەر .

## مېھمان

مېھمان دىگەن ئۆيىنىڭ ھۆرمىتى،
دىلنى يايرىتار مېھمان سۆھبىتى.
مېھمانى يوق ھەر قانداق ئۆيىنىڭ،
بولمايدۇ يۇرتتا قەدرى - قىممىتى.

ئۆزى تېپىپ، ئۆزىلا يىسە،
بولامدۇ ئۇنىڭ تەمى - لەززىتى.
تۇتۇنىنى بۇلۇت، بۇندىسىنى ئىت-
كۆرمىگەن ئۆيىنىڭ نىمە زىننىتى؟!

ھەممە تىلىك كىشىلەر تاپىدۇ ھۆرمەت،
مېھمانلارنى كۈت، قولىغا سۇ بەر!
كىمزى كەلگەندە ئاچ قالساڭمۇ گەر،
ياخشى نەرسەڭنى مېھمانلارغا بەر!...

1980 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر.

## چولپان قىز

يۇلتۇزلار پەرىسى - چولپان ئاي جامال،
پارىلداپ چاقنايدۇ ئاسمان قەھرىدە.
خورازلار چىللىشى يېقىملىق ئەجەپ،
ياڭرايدۇ ۋەتەننىڭ گۈزەل سەھرىدە.

يېزىمىز چولپىنى ـ بىزنىڭ چولپان قىز،
چولپاندەك نۇر چېچىپ كېلەر ئەتراپقا.
ئۇ بەرگەن ئىشقىنى، يۈرەك باغرىنى،
بۈندىكى ھەر گىيا، ھەر بىر ياپراققا.

كېلەر ئۇ،
دولىدا پولات كەتمىنى،
قەلبىدە مول ھوسۇل تەلەپ ـ ئارزۇسى.
« ئۆزۈمنى بەختىيار سانايمەن » ـ دەيدۇ،
ۋەتەنگە قېتىلسا بىر ئۈلۈش كۆچى...

1978 ـ يىل 4 ـ ئاي، قەشقەر.

## شاخ مانتىسى

ئىچىدىن شەرۋەت ئېقىپ تۇرغان ئېسىل شاخ مانتىسى،
ئالدىدا پولۇ ـ ناۋات بولغاي خىجىل، شاخ مانتىسى.
تېنىسى سۈررەڭ بۈلۈت، ھەر يانغا كەڭ يايغان قانات،
ياپرىقى يۈرەك مەسەللىك، ياپ ـ يېشىل شاخ مانتىسى.
دانىسى ئالتۇن تاۋاقتەك ئېسىلىپ غول بەرگىدە،
ياشنىتىپ تەشنا يۈرەكنى، دەيدۇ: «يېگىل» شاخ مانتىسى.
ھەر يېزا، ھەر ئۆيدە گۈلباغ، قارىسام باش ـ ئۇچى يوق
مۇشۇ باغلار ئەنجۈرىنى سەن دېگىل: «شاخ مانتىسى».
ئەنجۈر ۋەتىنى ئاتۇش ساڭا چىن يۈرەكتىن ئاپىرىن!
توختىماس شەرۋەت بۇلاق بول، ئايىنىغىل شاخ مانتىسى.

1977 ـ يىل، 7 ـ ئاي، ئاتۇش.

# قارىغايغا قاراپ...

چوققىدا ھەيۋەتلىك بىر تۈپ قارىغاي،
تۈت يەسىل شۇنچە ئۇز ياشىرىپ تۇرار.
قارايمەن تىكىلىپ، زوقلىنىپ قانماي،
قەلبىمدە دولقۇنلاپ چەكسىز ئىپتىخار.

تەۋرەنمەي جۇت، قۇيۇن، دەھشەت زەربىگە،
بوي سوزغان شاخلاپ ئاسمان قەرىگە.
ئوخشايدۇ ئۇ خۇددى باھار پەسلىگە،
يۈرەكلەر تەلپۈنەر گۈزەل ۋەسلىگە.

ئۆتكۈزگەن قانچىلاپ شىۋىرغان ـ قارنى،
ئۇزاتقان شۇنچىلىك كۆكلەم باھارنى.
بولغاچقا خىسلىتى ـ باتۇرلۇق ـ چىدام،
يەڭگەن ئۇ ھەر قانداق مۈشكۈل ـ خەتەرنى.

قۇشلار مۇ ھۆرمەتتە ئۆتەر ئەگىشىپ،
ئادەملەر ئاپىرىن دەيدۇ قارىشىپ.
قوزغايدۇ دىللاردا ھاياجان، ئىلھام،
چوققىغا گۈزەل تۈس بېرىپ، يارىشىپ.

ياش دوستلار بويىغا ئۆلچەر بويىنى،
باللار ھەيرەتتە سوزار بويىنىنى.
بوۋايلار، مومايلار سۇنار قولىنى،
قىسىشار چىرايلىق، خۇشبۇي گۈلىنى.

ئېيتەيتۇ رىۋايەتتە بىر تال ئۇرۇغى.
چۈپ قالسا چۆللەرگە، ياكى سۇنۇغى؟
بىخ سۇرۇپ، كۆكىرىپ سالاركەن سايە،
بۇ — ئۇنىڭ خىسلىتى، چىن باتۇرلىقى.

× × ×

مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قەھرىمان — مەرتلەر
ئوبرازى — مەن يازغان قەيسەر قارىغاي.
ناخشامدا مۇھەببەت ئېھتىرامىمنى،
ئىزھارلاپ ئۈستىگە گۈل دەستە ياپاي.

قەھرىمان ئۆلمەيدۇ، ياشايدۇ ھايات،
سۆيۈنەر روھىدىن ۋەتەن خەلقى شات.
نەقىش بوپ دىللارغا شانۇ — شۆھرىتى،
ئۇنتۇلماس ئەبەدى، ياد ئېتەر ئەۋلات.

تىرىكلەر چامدايدۇ ئۇلۇغ غەلىبىگە،
يېتەكلەر، كۈچ بېرەر قەھرىمان روھى.
چېچەكلەپ داۋامەت بېرىدۇ مىۋە،
ئەل ئۈچۈن ئاقفۇزغان ئۇنىڭ قان — تەرى.

1977 — يىل، قەشقەر.

## ئاتۇش ھەققىدە ناخشا

ناخشا ئۇ — يۈرەكنىڭ ناۋاسى.
ناخشا ئۇ — قەلبىنىڭ ئاۋازى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

ناخشا ئۇ ـ مۇھەببەت ، ئەقىدە،
يالقۇنلۇق ھاياتىمنىڭ خوش سازى.
ناخشا ئۇ ـ غەزەپ ھەم نەپرەتىمنىڭ ـ
دىللاردىن ئۇرغىغان ساداسى.

× × ×

ئېيخ ئاتۇش ! سۆيۈملۈك ئانامسەن،
ئېيخ ئاتۇش ! مەن سېنىڭ ئوغلۇڭمەن.
قوينۇڭدا تەربىيەت ، كۈچ تېپىپ،
پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلۈڭمەن.
مۇھەببەت ـ ئىشقىڭدا پەرۋانە ـ
بوپ سېنى كۈيلەيمەن ، بۇلبۇلمەن.

قەدىمدىن ۋەتەننى دەيمىز بىز،
سۆيۈنۈپ ، ئېزىزلاپ : ئانىجان.
شۇ ئۇلۇغ نام بىلەن مەن سېنى ـ
ئاتىدىم ، قەلبىمدە ھاياجان.
يۈرىگىم تېپىندۇ سەن ئۈچۈن،
تومۇردا ئۇرغۇيدۇ قىزىل قان.

بىر يېقىڭ كۆك سۆيگەن "ئۇستۇن تاغ"،
بىر يېقىڭ قاتمۇ ـ قات "قومالتاغ"
قاپ بېلىڭ چىمەنزار ، گۈل ـ ئاتۇش،
شەرۋىتى ئەنجۈرلۈك گۈزەل باغ.
قوينۇڭدا ھاياتىمىز مەمنۇن بىز،
راۋابىڭ شوخ سايراپ ئۆتەر چاغ.

تېنىمگىدىن ، جىلغىدىن ، بۇلاقتىن،
يىغىلىپ زۇمرەت سۇ ـ كەۋسىرى؛
تاش يالاپ، گۈل سۆيۈپ توختىماي،
ئاقىدۇ دولقۇنلاپ يىل بويى.
سىڭىدۇ ھاياتقا قان بولۇپ،
ياڭرايدۇ ھاياتنىڭ شات كۈيى.

قارايەن ھۆسنۈڭگە زوقلىنىپ،
پايانسىز مۇنبەت يەرلىرىڭ.
قىممەتلىك بايلىققا پۈركۈنۈپ،
ياتقاندۇر مويسىپىت تاغلىرىڭ.
گۆھەردۇر ھەر پارچە تاشلىرىڭ،
ئوخشايدۇ تاشلىقتا ئاشلىرىڭ.

تارىختا شۆھرەتلىك نامىڭ بار،
ناخشىۋاز ، ئۇسسۇلچى شانىڭ بار.
شۇ توققۇز ھوجرىدەك قەدىمى ـ
يادىكار، مىراسىڭ ، جايىڭ بار.
كۆڭلۈڭ كەڭ، سىلىكەتلىك، مېھماندوست،
مېھنەتچان ، ئىرىشچان ھالىڭ بار.

گۈزەل سەن بۇ ئىقلىم رەناسى،
قۇچىغىڭ باتۇرلار سەيناسى،
شۇڭلاشقا قوينۇڭدا ھەر زامان،
ياڭرايدۇ زەپەرنىڭ ناۋاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈللەنگەن بەختىڭنىڭ كېپىلى-
خەلقىمىز - دەۋرىمىز داناسى.

پارلاق ھەم گۈزەلدۇر كېلىچەك،
كۆكلەردە بۈركۈتتەك ئۇچ، ئاتۇش.
ۋەتەندە باشلاندى زور ئىشلار،
غۇلاچلاپ قاينامغا چۈش، ئاتۇش.
قوينۇڭغا ئەڭ يېڭى سۈرەت سىز،
تېخىمۇ شان - زەپەر قۇچ، ئاتۇش!

1977 - يىل، ئاتۇش.

## يامغۇردىن كېيىن...

يامغۇردا يۇيۇندى زېمىن پاكىزە،
گويا قاش تېشىدەك گۈزەلدۇر ئاسمان.
ھەسەن - ھۈسەن نۇرىدا تاۋلىنار تاغلار،
ئۇپۇقتا قالغاچلار شۇڭغىشار راۋان.
بى پايان، زۇمرەتتەك دېڭىزلار كەبى،
دولقۇنلار زىرائەت، دەل - دەرەخ ئورمان.
چاچىدۇ ئەتراپقا خوش پۇراق ئەتىر،
گۈلزارۇ، چىمەنۇ، ئاۋات باغ - راۋان.
ئۆتمەكتە شوخ سالقىن، ھاۋا خۇي ياخشى،
كۈلمەكتە كائىنات، ناباتات، جاھان.
تۇرىمەن كۆز تىكىپ چەكسىز شاد - خورام،
قەلبىمدە جۇشقۇنلاپ ئۇتلۇق ھاياجان.

يامغۇردىن كېيىنكى كۆركەم بۇ ھالدىن،
ۋەتەننىڭ جامالى ئالدىمدا ئايان.

1977 - يىل ، قەشقەر .

## ئوقۇتقۇچىمەن

قانداقمۇ شاتلانماي ئۇلۇغ ۋەتەندە،
شەرەپلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرۇقلۇق؟
نىمىشقا ئېيتمايتتىم ئوتلۇق ناخشامنى،
ئالەمچە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق؟

«ئىنسانلار روھىنىڭ ئېنژېنېرى» مەن،
بۇ ماڭا خەلقىمىز بەرگەن زور ئۇنۋان.
رازىمەن بىر ئۆمۈر مەكتەپ ــ باغچىدا،
تەربىيىچى ــ باغۋەن بوپ ئاققۇزسام تەر-قان.

ئىلىم ــ پەن بېغىدا «بۇلبۇل گويا» بوپ،
سۆزلەيمەن زوق بىلەن بۈيۈك داستانلار.
ئالدىمدا ئىلىم ــ پەن، ھىكمەتتىن بىلىم،
قەلبىمنى يورۇتۇپ مىڭلاپ ياش بالىلار.

مەن قويغان كۆچەتلەر ۋەتەن قوينىدا،
بەرق ئۇرۇپ ھەر سەپتە قىلىدۇ جەۋلان.
ئۇلارغا خەلق ئەلا، ۋەتىنىم ئەلا،
تەييار دۇر ئىمنى كۆتەركىن دەۋران.

بىرىدۇر- خەلققە قەلبداش باشچى،
كۆرەشتە، مېھنەتتە ، جەسۇر قەھرىمان.
بىرىدۇر - جەڭگىۋار ، ئاۋانگارت ئىشچى،
مۇشكۇللەر ، زەپەرلەر ئالدىدا ھامان.

بىرىدۇر- گۆكشىمىز گۈلزارلىقىدا،
قانا تلار قاققۇچى سۆيۈملۈك دىخان.
بىرىدۇر - تەگداشىمىز، يېڭىلمەس جەڭچى،
ئۇ بىلەن ۋەتەن، خەلق تۇرار تىنچ ئامان.

بىرىكى - ئالىم ۋە ئىنژېنىر ، تېخنىك،
ئۇي - پىكرى ھەمىشە تەتقىقات بىلەن.
خى سىرلىق تىلسىملار سىرىنى چۇۋۇپ،
يىللارغا ئىز سالار كەشپىيات بىلەن.

بىرلىرى - شائىردۇر، پاكى سەنئەتچى،
دەۋرىمگە كۆيلىرى دولقۇنلاپ ئاقار.
بىرلىرى - سىنىپتا ئىز باسار ماڭا،
ئىلىمدىن دىللارغا پارلاق نۇر چاچار.

يېزا، تاغ، چۆل-جەزىرە ھەم شەھەرلەردە،
شاگىرتلار تۆھپىسى تۇرىدۇ چاقناپ.
ئەجرىمنىڭ مېۋىسى - ۋەتىنىم ئۈچۈن،
بەرىكەتە ھارارەت قۇياشتەك پارلاپ.

قانچه يىل "تۆت ئاپەت"، سىنىق دەپ غاجاپ،
قىلسىمۇ يۈەكنى لەختە - لەختە قان.
ئۈمىتۋار كۆز بىلەن باقتىم مەن ئۇزاق،
پارتىيە مېھرىدىن ھوزۇرلاندى جان.

ئىپتىخار، ھىسسىمنى قىلاي مەن بايان،
مەن ئۈچۈن شەرەپلىك، بەخت بۇ كەسپ.
ئىرادەم - مەڭگۈگە بار كۈچۈم بىلەن،
ئىلىم - پەن بىخىدا ئۆتۈش نۇر چېچىپ.

1978 - يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئابدۇسەمەت خېلىل

ئابدۇسەمەت خېلىل 1937 يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شەيخ باغ يېزىسىدا بىر دىھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1954- يىلى يەكەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتەۋىنى پۈتتۈرۈپ، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، «يەكەن گېزىتى» ئىدارىسىدا مەدەنىيەت خادىمى، تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

شائىر ئابدۇسەمەت خېلىلنىڭ تۇنجى شېئىرى 1952- يىلى

مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان، شۇندىن بۇيان ئۇ «زەرەپشان» «ياشلىق كۆچۈپتۇ»، «لەيلىگۈل» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىر، با... دا، داستانلارنى يازدى. 1982- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيا... ئۇنىڭ «زەرەپشان» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلد... شۇ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «زەرەپشان چېچەكل... رى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇ، جۇڭگو يا... غۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## كۆڭۈل ئارزۇسى

شائىر ئىجادى ياڭراق كۈي بولۇپ،
دىلنى شاتلىققا چۆمدۈرەلىسە؛
ئەلگە بېغىشلاپ ئۈمىت ۋە ئىشەنچ،
گۈزەل مەنزىلگە ئۈندىيەلىسە؛

"ئاپىرىن !" - دەيتتىم شۇنداق شائىرغا،
ھۆرمەت تۇيغۇسى تېشىپ قەلبىمدە.
سۆيۈپ ئوقۇيتتىم شېئىرلىرىنى،
چىن يۈرىكىمدىن باغلاپ ئەقىدە.

1955- يىل سىنتەبىر

## ساۋاق

ئويغانسام سەھەر ۋاقتى دەرىزەمدە،
بىر ھەرە تۇرۇپتىكەن بولۇپ نىمجان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

شۇ ھامان ئويلىسامۇ ئۆلتۈرمەكنى،
دېدىم مەن: «قويە ئۇمۇ ئىكەن بىرجان...»

لېكىن ئۇ ئۇچۇپ كېلىپ چاقتى مېنى،
بۇ بىر ئىش بولدى ماڭا ئاچچىق ساۋاق.
ئەزەلدىن دۈشمىنىڭگە رەھىم قىلساڭ،
دېگۈزەر مىڭ پەندىيات سېنى ھەرۋاق.

1960-يىل، ماي.

## ئالتۇن ۋە يالقۇن

گەر نىمەرسە چاقنىتىپ كوز، يالتىراپ تۇرغان بىلەن،
چاڭ ـ توزاڭدا كىرلىشىپ داتلاشسا، ئۇ ئالتۇن ئەمەس.
دىلدا ئوت بولغان بىلەن ئۇ كۆيمىسە ئەل ئىشقىدا،
ئۇ گويا كى ئىس ـ تۈتەكتۇر، ئوت ئەمەس، يالقۇن ئەمەس.

كىمكى جەڭنىڭ ئوچىغىدا چىقسا گاڭدەك تاۋلىنىپ،
شۇ كى ئەلنىڭ چىن غۇرۇرى، داتلىماس جىڭ ئالتۇنى.
كىمكى كۆيدۈرسە رەقىپنى قەھرىدىن ئوت ياغدۇرۇپ،
شۇكى شانلىق ئىنقىلاپنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس يالقۇنى.

1960- يىل، نويابىر.

# يۇلغۇن چېچىگى

يۇلغۇن ئۆسەر چۆللەردە ـ سايدا،
ئانا يەردىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېلىپ.
زەپ چىرايلىق ئۇنىڭ چېچىگى،
زوقلاندىم مەن تويماي كۆز سېلىپ.

قىلمىسىمۇ پەرۋىش ئۇنىڭغا،
ئاسانلىقچە كەتمەيدۇ قۇرۇپ.
سوققاندىمۇ بوران ـ چاپقۇنلار،
ئالالمايدۇ ئۇنى قومۇرۇپ.

شۇنداق مەزمۇت يۇلغۇننىڭ تېنى،
يىلتىز تارتقاچ تۇپراقتا چوڭقۇر.
جەسۇرلۇقنىڭ سىمۋولى ئۇ،
تۇرار شۇڭا تەمكىن ۋە مەغرۇر.

يۇلغۇن كەبى مەردانە ياشاش ـ
دىلىمدىكى ئۇتلۇق قارارىم.
بەختىم ئىدى يۇلغۇنغا ئوخشاش،
چېچەكلىسە ئۆمرۈم ـ باھارىم.

1963-يىل، ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئانا يەر ھەققىدە

مەن كۆلۈپ ئېچىلغان بىر تال قىزىل گۈل،
يىلتىزىم ئورناشقان ئانا تۇپراققا.
ئۇنىڭسىز ئېچىلىپ چاچماسمەن پۇراق،
كۆچۈرسە ھەتتاكى ئالتۇن يامچاققا.①

مەن بىر تال قىزىل گۈل خۇشبۇي ئېچىلغان،
ئېلىمگە، دوستلارغا چاچىمەن پۇراق.
تىكىنىم گوياكى خەنجەر، ئوق بولۇپ،
قادىلار دۈشمەنلەر باغرىغا ھەر ۋاق.

1963-يىل، دېكابىر.

## ئىنسان ھەققىدە

ئىنسان تۇغۇلۇپ ئۆلىدۇ بىر كۈن،
تۆھپىسى ئۇنىڭ ئۆلمەيدۇ بىراق.
كىم ئۆلسە ۋەتەن خائىنى بولۇپ،
ئۇنى قوينىغا ئالمايدۇ تۇپراق.

×

ھۆرمەت تەبىئى ئەلنىڭ ئىشەنچى،
ئۇندىن ئايرىلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ.

---

① يامچاق — تەشتەك.

ئاقلىسا كەمكى ئەل ئىشەنچىنى،
ئىقبال يولىمۇ بولار شۇنچە كەڭ.

1964-يىل، دېكابىر —

## ۋەتەن ھەققىدە

1

ۋەتىنىم، خەلقىڭ باتۇر، ھەممە تىلىك —
قۇچىغىڭ كەڭرى، نازۇ — نېمە تىلىك.
سېنىڭدە ئۆسكەن ھەر بىر تال گىيا،
كۆھەردىن ئېسىل قەدرۇ-قىممەتلىك.

2

ۋەتىنىم، سېنى كۈيلەيمەن ئەبەت،
قەلبىمدە ساڭا ئۆچمەس مۇھەببەت.
ياۋغا باش ئەككەن خائىنلىرىڭغا،
غەزىۋىم قايناپ، دەيمەن: مىڭ نەپرەت!

3

كېچەلەيمەن ۋەسلىم — بارىمدىن،
كېچەلمەيمەن ئۆز دىيارىمدىن.
كۈكۈم — تالقان بولسامۇ ئەگەر،
يانمايمەن ھېچ شۇ قارارىمدىن.

1965-يىل، ئوكتەبىر —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ياشلىق كۆچۈپتۇ

مەنزىل قوغلاپ ھەش – پەش دېگىچە،
تالاي يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ.
يېشىم تېخى ئەللىككە بارماي،
يۈزلىرىمنى قورۇق بېسىپتۇ.
چاچلىرىمغا قىروۋلار قونۇپ،
مەندىن گۈزەل ياشلىق كۆچۈپتۇ.

پۇشايماندىن خالىمەن لېكىن،
ئۆتسە مەيلى ياشلىقىم مېنىڭ.
ئەجدادىمدىن ئۈنچىلەر تېرىسام،
شۇ ئەمەسمۇ شاتلىقىم مېنىڭ.
زارلانمايمەن قېرىپ قالدىم دەپ،
ھۆر كېلەچەك ئالدىدا مېنىڭ.

1967-يىل، ماي.

## رۇبائىيلار

تەكەببۇر بولمىغىن زىنھار، تەكەببۇرلۇق يامان ئىللەت،
كىشىنى ئىلمىساڭ كۆزگە ياغار جەزمەن ساڭا نەپرەت.
«ئاكاڭ قارىغاي بېرىنچى» دەپ ئۆزەڭنى چاغلىساڭ ئۈستۈن،
سېنى كىممۇ قەدىرلەپ چىن، قىلۇر ھەر دائىما ئىززەت؟

× ×

تەمەننا ئىلكىدە يۈرمەي ھېمىشە ئەلگە قىل خىزمەت،
كېلۇر شۇ تەرۇ - ئەجرىڭدىن ۋەتەن - خەلقىڭگە شان-شۆھرەت،
بېشىڭ گەر يەتسەمۇ ئەرشكە،ئۆزەڭنى كەمتەرىن تۇتقىن،
ئۇلۇغلۇق-كەمتەرىنلىكتە، كۆرەڭلىكتىن كېلۇر ھەسرەت.

1969-يىل، دېكابىر

## ۋەتەن مېھرى

ئاڭلا دوستۇم، كۆڭلۈم بىر گىنە،
ئۇ مىسالى بىر ئالتۇن چىنە.
ئاڭا تولغان ۋەتەن مېھرى لىق،
سىغماس ئۇندىن ئۆزگە ھېچنەمە.

ۋەتەن قوينى دائىم باھار - ياز،
چىمەنلىرى ئەلگە پايانداز.
باغلىرىدا پۇرايدۇ ئەنبەر،
بۇلبۇلمەن ئۇنىڭ خوشئاۋاز.

ۋەتەن ئۈچۈن لاۋۇلدار ئىشقىم،
باغلانغان چىڭ ئاڭا دىل رىشتىم.
جان پىدا قىپ ئۇنى قوغدايمەن،
مەيلى كۆلگە ئايلانسا جىسمىم.

ۋەتىنىمدە ھامان دىلىم شات،
ئۇندا تاپتىم بەخت ۋە نىجات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قانداق تۇراي ۋەتەن ھەققىدە،
يېڭى ناخشا قىلماستىن ئىجات.

1979-يىل، فېۋرال.

## ئىتتىپاق بولايلى

ئادەملەر چوكىنى ئىشلەتكەن پەقەت
ھەر قېتىم ئالدىغا كەلگەندە تاماق.
بەزىلەر چوكىنى ئۇنىڭ ئەكسىچە،
«كوچىلاش» ئۈچۈنـلا ئىشلەتتى بىراق.

تەگرىنىڭ ئالدىدىن چوكا ئالغانلار
«كوچىلاپ» بولالماي كەتتىغۇ ھېرىپ.
نەقەدەر شەرەپلىك بولاتتى ئۇلار
ئىشلىسە ئەل ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ.

چوكىدىن چىقمايدۇ ئەمەل ـ مەرتىۋە،
ئۇنىڭغا ئۈمىتنى باغلاش بەك زىيان.
قوچىمىز شەرەپ ـ شان بولساق بىر گەۋدە،
تارىخىي پاكىت بۇ، ھەممىگە ئايان.

ئىتتىپاق بولايلى چوكىنى ئۆشتۈپ،
ئەۋلاتقا قالدۇرۇش ئۇنى ئەڭ خەتەر.
تۆگىمەس كۈلپەتلەر كەلدى چوكىدىن،
ھە، بۇنىڭ زىيىنى ئېغىر شۇقەدەر.

چوكىدىن ئىزدىسە كىمكى "مەنپەئەت"
بولىدۇ ئاقىۋەت بازىرى كاسات.
خەلق ئۇنى كەچۈرمەس ئەبىدىل - ئەبەت
ئۇرىدۇ تارىخ ھەم يۈزىگە كاچات.

1980- يىل، ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى

## رۇبائىي

ئىناقسىزلىق ئەڭ ناچار ئىللەت،
كەلتۈرەر ئۇ، خارلىق ۋە كۈلپەت.
گەر بولمىساق ئويۇلتاش كەبى،
قانداق راۋاج تاپار ئەل - مىللەت؟!

## باغۋەن ناخشىسى

ۋەتىنىم ئۆزى بەرگەن «باغۋەن» دىگەن نامى بار،
پەخىرلىنىمەن دىلدىن، شەرىپىم بار، شانىم بار.
ئۆسمۈرلەرگە بالامدەك كۆيۈنىمەن يۈرەكتىن،
دۇر قازغۇچى مەن ئۆزۈم، مەكتەپ بىلىم كانىم بار.
قايغۇ - ئەلەم ماڭايات، ئەندىشىدىن خالىمەن،
سۈرۈلدى جۇت - زىمىستان، سۆيگەن گۈلباھارىم بار.
پەن - مەرىپەت بېغىدا ئۆستۈرىمەن گۈل - كۆچەت،
ئەخلاقلىق ھەم ئەقىللىق باتۇر ئىز باسارىم بار.

زامانلاشماق يولىدا پىدا بۇ ئېزىز جانىم،
ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلىمەك ئەھدىم بار-قارارىم بار.

1982-يىل، ئىيۇن.

## يۈرۈگۈمنىڭ پارىسى قالدى

گۇما قىزى كەلسەم يۇرتۇڭغا،
كۆتۈۋالدىڭ ئالدىمغا چىقىپ.
تولۇن ئايمۇ خىجىلدۇر سەندىن،
تۇرۇپ قالدىم چېھرىڭگە بېقىپ.

بىر پىيالە چاي تۇتتۇڭ ماڭا،
ئىچسەم دىلغا بال كەبى ياقتى.
ياق!
چاي ئەمەس مېھرىڭنى تۇتتۇڭ...
يۈرۈگۈمدە دولقۇنلاپ ئاقتى.

مەپتۇن بولدۇم بىر كۆرۈپ سېنى،
يالقۇن ئىكەن ۋۇجۇدۇڭ، جىسمىڭ.
نەقىش بولۇپ دىلغا ئويۇلدى،
خوش مۇلايىم خىسلىتىڭ سېنىڭ.

كېتىپ قالدىم قېشىڭدىن، لېكىن،
ئىشقى - مېھرىڭ ئىلكىگە ئالدى.
ئەي ئوماق قىزسەن بىلەن بىللە،
يۈرۈگۈمنىڭ پارىسى قالدى.

1982- يىل، ئاۋغۇست، گۇما.

## يولداش

نەقەدەر قىممەتلىك "يولداش" دېگەن سۆز،
چۈنكى ئۇ ھەممىگە باراۋەر — ئورتاق.
كۆپچىلىك بۇ سۆزنى ياقتۇرسادىلىدىن،
بەزىلەر كۆڭلىدە ياقتۇرماس بىراق.

ئۇنداقلا ئاڭلىسا "يولداش" سۆزىنى،
ئوت ئالار ۋۇجۇدى زەنجىش — غەزەپتىن.
(بولار ئۆز ئىسمىغا «جاڭ» ① قوشۇلمىسا،
ئايرىلىپ قالغاندەك خۇددى مەنسەپتىن).

تەڭلىكنىڭ سىمۋولى "يولداش" دېگەن سۆز،
ئاڭلىنار قۇلاققا يېقىملىق شۇنچە.
"يولداش" دەپ ئاتىساڭ، دوستۇم، سەن مېنى،
قەلبىمدە شاتلىقتىن ئېچىلار غۇنچە.

1983-يىل، يانۋار.

## چىچەكنى كۆرۈپ...

يېغىمدىكى ئۆرۈك دەرىخى،
چېچەكلىدى كېپ يەنە باھار.
"ئۈزۈپ بەرگىن ئاۋۇ چېچەكتىن"
دېدى ئوماق قىزىم گۈلباھار.

---

① ‹‹جاڭ›› — باشلىق مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەيتتىم كۈلۈپ: "سەۋر قىل بالام،
بۇ چېچەكلەر سېنىڭدەك سەبى.
ئۈزۈپ بېرەي يازدا مېۋىدىن،
يېتىلگەندە پىشىپ بال كەبى."

1984- يىل، ئاپرېل

## رۇبائىلار ۋە پارچىلار

1

ۋەتەن مېھرىڭ بىر ئەزىم دەريا،
ئۇندا ئۈزگەن بېلىقمەن گويا.
ئۆستۈم مۇنبەت قۇچىقىڭدا مەن،
چىمدىم توپاڭ ماڭا تۇتىيا.

2

ۋەتىنىم، سېنى سۆيگۈنۈم-سۆيگەن،
ئىشقىڭدا ئوتتەك كۆيگۈنۈم-كۆيگەن.
ئۇنتۇسام مېھرى-شەپقەتلىرىڭنى،
ھايات تۇرسامۇ ئۆلگۈنۈم-ئۆلگەن.

3

تاغ كەبى دوۋلەنگەن ئالتۇن - كۆمۈشمۇ،
بەربىر تۈگەيدۇ، بۇ چىن ھەقىقەت.
ۋە لېكىن تۈگىمەس بىلىم بايلىقى،
ئۇنىڭغا يېپىشقان خار بولماس ئەبەت.

4

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆر ۋە ياكى قىسقا،
ھەر دەقىقەڭنى مەنىلىك ئۆتكۈز.
ئېچىلدۇرۇپ سەن ئەجرىڭدىن چېچەك،
ئەلگە مېۋە بەر، ئەلگە نەپ يەتكۈز.

5

ھاياتتىن ئىز قالدۇرۇپ ئۆتسەڭ،
غېرىپسىنىپ قالمايدۇ قەۋرەڭ.
ئاڭا قىزىل گۈللەر قويىدۇ،
يادلاپ سېنى نەۋرە ھەم چەۋرەڭ.

6

تۇرمۇش مۇرەككەپ، يىللار ئۆتسىمۇ،
ئۇنىڭ سىررىنى بىلىش بەكمۇ تەس.
ناخشىلار ئېيتىپ ئۆتكىنىڭ بىلەن،
قېرىتار سېنى بىھۇدە ھەۋەس.

7

بولسا كىمنىكى ئىككى يۈزلىمە،
ئۇندىن ۋاپا كېلىدۇ دېمە.
ئېھتىيات قىل!
ئۇ باركى يەردە،
كۆڭلۈڭدىكى سۆزنى سۆزلىمە.

www.uyghurkitap.com

8

مەردانە ياشىغىن ئەبىدىل - ئەبەت،
خوشامەت - قۇللۇققا ياغدۇرۇپ نەپرەت!
بىشىڭغا كەلسىمۇ مۇشكۇل قىيامەت،
نامەرتتىن كۇتمىگىن قىلچىلىك شەپقەت.

9

بەزىلەر ياشايدۇ ۋىجداننى بۇلغاپ،
قىلمايدۇ ھېچقاچان نۇمۇس ۋە ئىنساپ.
ئۇنداقلا ئەقلىنى تاپمىسا ئەگەر،
پۇشايمان ئىلكىدە قالىدۇ يىغلاپ.

10

بولماس نىسىپ بەخت ئۆزىچە،
ئۇ تۇغۇلار ئەجىردىن - قاندىن.
بەخت ئۇچۇن كۆرەشمىگەننىڭ،
بەتتەر ئۆتەر كۈنى ھايۋاندىن.

11

ۋىجدان توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ ھەركىم،
"ۋىجدانسىزمەن" دىمەيدۇ ھېچكىم.
كىمدە ۋىجدان بار - يوقلىغىنى،
تارىخ ئۆزى ئۆلچەيدۇ بەلكىم.

12

ئىتلار قاۋاپ توسسىمۇ يولنى،
توختىمايدۇ كارۋات سەپەردىن.
توسقۇن يىرىپ، داۋان ئاشقانلار،
گۇل قىسىدۇ شانۇ - زەپەردىن.

13

ئويۇشمىساڭ بىر گەۋدە بولۇپ،
جەڭگىۋارلىقنى يار ئېتەلمەيسەن.

دوستلىرىڭنى كۈلدۈرۈپ خۇشال،
دۈشمىنىڭنى خار ئېتەلمەيسەن.

14

بىر قېتىم سۇنغان چىنە
بولماس پەقەت ئەۋۋەلقىدەك،
نەچچە يەردىن سالسىمۇ
ھەتتا ئاڭا ئالتۇن قاداق.

كۆڭلى ئادەمنىڭ گويا كى —
بىر نەپىس - نازۇك چىنە،
سەن ئۇنى چاك ئەيلىسەڭ
ئۇ ئەسلىگە كەلمەس بىراق!...

15

سەممى بولساڭ تاپتىڭ ئېتىۋار،
ساختىلىق قىلساڭ يولۇڭ بولۇر تار.
تىكەن تېرىماي، گۈللەر ئۈندۈرگەن،
ئۆمرۈڭدە ئەگەر بولماي دېسەڭ خار.

16

مەرتىۋەڭ تاغدەك ئۆسسىمۇ گەرچە،
دوستۇم، كەمتەر بول، غادايما قىلچە.
چىن ئىنسان بولساڭ، ھايات بېغىدا
ئېسىل خىسلەتتىن ئېچىلدۇرغۇنچە.

17

ھەۋەسكە بېرىلىپ شېئىرلار يازدىم،
شۇ يولدا ئىلھامىمنىڭ كانىنى قازدىم،
ئويلىسام خىجىلمەن ئۆزۈمدىن-ئۆزۈم،
خەلقىمگە ياققىدەك نېمىنى يازدىم؟!

1984-يىل، ئىيۇن.



# مەمتىلى زۇنۇن

مەمتىلى زۇنۇن 1939 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى «ساقىيە» مەھەللىسىدە بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1952 ـ يىلى باشلانغان، 1955 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر، داستان، باللادا، ناخشا تېكىستلىرى ۋە ھېكايە، دى‐

ـرامىلارنى يازدى. 1979 ـ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ « گۈلىيەر
« ۋىسال سەھىرى»، « كارۋان ناخشىسى » قاتارلىق توپلا
ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى . ئۇ يېقىندا يەنە بىر دىرا
ـلار توپلىمى، بىر ھىكايىلار توپلىمىنى نەشرگە بەردى. ئۇ
غان « ئۈچ نەۋقىران » ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى شىنجا
ـلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىندى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جـ
يازغۇچىلار جەمئىيتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت
ـزاسى.

# غەزەللەر

## 1

كىم كۆتەرسۇن قاتمۇ ـ قات تاغنى ئانايـەردىن بۆلەك
بارمۇ بىر پالۋان يەنە ئالەم ئارا يەردىن بۆلەك؟

تاغ كۆتەرگەن شۇ زېمىن مىننەت ـ تەمەننادىن يىراق
بارمۇ خىسلەت ئالدىمىدە بىباھا، يەردىن بۆلەك؟

قىلدى بەخش رىسقى ـ نىمىۋە بارچە جان ـ جانلىققا
مۇنچە نەپ بەرگەيمۇ نى ـ نى ئەۋلىيا، يەردىن بۆلەك؟

رىسقى بەرگەن شۇ زېمىن مىننەت ـ تەمەننادىن يىراق
نەپ بېرىپ، كىم قىلمىسۇن رەھمەت تاما، يەردىن بۆلە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تاغ بېسىپ تۇرغاندا ھەم بەرگەچ بىمىننەت بەھرى - نەپ-
ھېچنىمەرسە يوق باھاسىز ئەتىۋا، يەردىن بۆلەك!

2

بارمىدۇ زەرگەرگە قىممەتلىك نىمە زەردىن بۆلەك؟
چاڭقىغان سەيياھقا ئاتەش چۆلدە كەۋسەردىن بۆلەك؟

خەلقى - ئالەم ئالدىدا قىلغاي جاكا قەلبىم مېنىڭ:
ھېچنىمەم يوقتۇر قەدىرلىك شۇ ئانا يەردىن بۆلەك!

ئۆز ئېلىم - تەختىم مېنىڭ، تەخت ۋارىسى - شاھزادىمەن-
كىم بولاتتىم، بولمىسا يۇرتۇم، قەلەندەردىن بۆلەك؟

جان كىرەك، ۋىجدان كىرەك ئاقلاش ئۈچۈن يۇرت مېھرىنى-
ئاقلىيالماس ھېچنىمە ۋىجدانىۇ، قان - تەردىن بۆلەك!

3

يەرگە باققان سا نىمەرسە ئىزلىسۇن يەمدىن بۆلەك؟
كۆيچى بۇلبۇل گۈل ئېچىلغان بەختىيار دەمدىن بۆلەك؟

قىش - زىمىستان، نەۋ باھارنىڭ پەرقى يوق توك قاغىغا،
ئىزلىسۇن قالغاچ نىمەرسە يازۇ - كۆكلەمدىن بۆلەك؟

دەيدىكەن بال ھەرە تىنماي گۈل شوراپ، شەرۋەت بېرىپ:
"ئەل ئۈچۈن بەردىم نىمەرسە تامچە زەمزەمدىن بۆلەك؟"

دەيدىكەن ئاپپاق غوزا قوينىدا جان بەرگەن قۇرۇت
"راھىتىم يوق ئەلگە بەرگەن بەھرى - مۇۋەمدىن بۆ

يەيدۇ نامەرت ئۆزگىلى - نەپسى ئۈچۈن غەم دائىما،
مەرت يىگىت يەسۇن نىمە ئەل بەختىچۈن غەمدىن بۆ

4

جارىمدۇ قىممەتتە تەڭداشسىز نىمە قاندىن بۆلەك؟
قان بىلەن بىر يىپقا باغلانغان ئەزىز جاندىن بولەك؟

قانىمدى لوقمان ياشاپ مىڭ يىل ھاياتلىق ۋەسلىگە،
كىم يېتەر جان قىممىتىگە ئۇشبۇ لوقماندىن بۆلەك؟

ئۆلمىسەم دەيمەن ياشاپ مىڭلارچە لوقمان ئۆمرىنى،
ئارمىنىم يوق بۇ ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئارماندىن بۆلەك.

شۇ ئەزىز، شىرىن ھاياتىم بىر يولى كەتسۇن قۇرۇپ،
ئىزلىسەم سەپداش بۈيۈك مەردانە كارۋاندىن بۆلەك.

بولغىنىم پەخرىم بۈيۈك كارۋانغا ھەقدار - ئىزباسار،
ئۆلگىنىم ئەۋزەل ياشاشتىن بۇ شەرەپ - شاندىن بۆلەك

5

كىمكى جان پىدا قىلسا كىلەچەك دىلراباسىغا،
قۇچاق ئاچقاي كىلەچەك دىلراباسى جان پىداسىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىپىلغايمۇ كىمىنەك جىسمىدە چىن سۆيگۈدىن زەررە،
كىمىنە كىتەك بىبەھرى بەندىلەر ئوخشايدۇ ئاسىيغا.

بىلەر پەرۋانە تەقدىرىنە بولغاي ئوتتا — ئاتەشتە،
ياقار ئۇ كۆكسىنى يەتكەچ ۋاپا — سۆيگۈ باھاسىغا.

ئۆزىنىڭ نەپسىنى كۆزلەپ، قۇرۇق شاختىن قىيام ئىزلەپ-
ھاماقەت يىغناغۇچ يەتكەن قاچان ئۆز مۇددىئاسىغا؟

پەخىرلىك بىز جايالىق ئەجرىمىز بىر مەڭ قوشار بولسا،
كىلەچەك دىلراباسىنىڭ گۈزەل ھۆسنى — سىماسىغا.

6

جانۇ — تەن ئالغايمۇ لەززەت، تاڭ ساباسى بولمىسا،
ناز بىلەن كۈلگەيمۇ گۈل، بۇلبۇل ناۋاسى بولمىسا.

نالە قىلماس قايسى بۇلبۇل، ئاھىدىن ئۇچقۇن چېچىپ،
چىن يۈرەك مېھرى بىلەن سۆيگەن زىباسى بولمىسا.

شۇل زىبا ھۆسنىگە زوق ئەيلەش ئۈچۈن جۈپ كۆز كېرەك-
كۆز دىگەن قوزۇق ئىزدۇر نۇر زىباسى بولمىسا.

كۆزگە نۇر نەدىن كېلۇر؟ سۆيگۈ ساداقەت شامىدىن،
باغرى تاش ئەما دىگىن مېھرى — ۋاپاسى بولمىسا.

كىم يېتەر مېھرى-ۋاپانىڭ قەدرىگە، يارانلىرىم،
شۇ ۋاپا دەرياسىنىڭ كەلكۈن — جاپاسى بولمىسا.

7

زەر، گۆھەر نەدىن كىلۇر كان بولمىسا،
بولسا كان، ئىشلەمچى مەردان بولمىسا.

ئەلئارا بولغايمىدى زەر ئەتىۋا،
قىممىتىگە يەتكىدەك جان بولمىسا.

زەرنى چۆلدىن شاھ رەشىد تاپقايمىدى،
قەلب كۆزىدە نۇرى ئىرپان بولمىسا.

زەر ـ نەفىسە① نۇرىنى چاچقايمىدى،
ياخشى زەرگەر ـ شاھ رەشىدخان بولمىسا.

نۇر ـ جۇلا چاچقاي ئىبسىل زەر ـ ئىختىدار،
قايسى شاھ سەۋدايى، نادان بولمىسا.

## تۇيۇقلار

1

مۇرات ـ بەختىم تىلەپ تۇناەر قوشاق قاتتىمك،
چىكىپ مىڭبىر مۇشەققەت تۆزگىمۇ قاتتىمك،
«ۋەتەن، خەلقىم» دىسەم گويا ئىرىپ شامدەك،
«ئۆزەم» دەپ مەيدە قاقسام، مۇز كەبى قاتتىمك.

① مەلىكە ئامانىسا خانىڭ ئەدەبى تەخەللۇسى

2

شەرەپ قۇچقان ھامان كىمكى ئۇچۇپ كەتتى،
دىگىن: تەلەي قۇشى قولدىن ئۇچۇپ كەتتى.
تەپەككۇر قىل، تەكەببۇرلۇق قىياسىدىن
ھالاكەت دەشتىگە كىملەر ئۇچۇپ كەتتى!

3

كىشىلىك رىسقىنىڭ كانى ئانا يەر،
ھالال تەر تۆككۈچى ئۆز رىسقىنى يەر.
ھاياتلىق رىسقىنى ئىزلەپ ھارامدىن،
نىمە نەپ تاپتى كىم بولماي يۈزى يەر!

4

راھىتىم، جانىم ئارامى ئۆز يېرىم،
ئۆز يېرىمدە بولمىغاي كۆڭلۈم يېرىم.
ئۆز يېرىمدىن بىر نەپەس بولسام يىراق،
تارتىشىپ ئاغرىيدۇ قانداقتۇ يېرىم.

5

تەر تۆكۈلمەي يولدا خەندەك تىنمىغاي،
تىنمىسا خەندەك، كۆڭۈلمۇ تىنمىغاي.
ھەر يىگىت ئەلنىڭ مۇرات - بەختى ئۈچۈن،
چىن ئۆمۈر يول تۈزلىگەي، ھىچ تىنمىغاي.

6

ئويلىغىن، ھەر كۈن كېلىۋەمەيدۇ سەل،
كەلمىدى دەپ سەلگە ھەرگىز باقما سەل.
بىل، غەزەپ — ئاچچىق قىيان — سەلدىن يامان،
كەلسە ئاچچىق، بېسىۋال ئۆپكەڭنى سەل.

7

مەرىپەت — يارىڭ، يۈزۈڭنى ئۆررۈمە،
ئۇ، گۈزەل بەختىڭ مۇتارى، ئۆررۈمە.
پەن بېغىدا مەي بولۇپ تۆكسەڭ قىيام،
جاننى مەن ئەيلەي بېشىڭدىن ئۆررۈمە.

8

ئالدىمىزدا چوڭ سەپەرنىڭ ئۆتكەلى،
ئانت ئىچىشتۇق بىر نىيەتتە ئۆتكىلى.
قىلسا كىم بىرلىككە قەست، بولماس ئۇنىڭ
بۇ گۇناھىدىن پەقەتلا ئۆتكىلى!

9

جانىجان يۇرتۇڭ — ئانا، خەلقىڭ — ئاتا،
شۇ ۋەتەن، خەلقىڭ ئۈچۈن جاننى ئاتا.
جاندىن ئايرىلساڭ ئەگەر بۇ يولدا سەن،
خەلق، ۋەتەن قىلغاي ساڭا مىڭ جان ئاتا.

10

باغرى تاشلىق قىلدى جۈپتۈم، ئاينىدى،
قىلمىشىدىن زەپمۇ كۆڭلۈم ئاينىدى.
مەن بىلەن قالغان يېتىم - مەسۇم چېچەك،
چەن ۋاپا - مېھرىم سۆيەدە ئاينىدى.

11

ئاشنى ئوخشاتقان نىمەرسە ياغۇ - پەش،
توننى ئوخشاتقان ياقا، يەڭ بىرلە پەش.
جۈملىگىز ھەم ئوخشىماس دەل جايىدا
كەلمىسە ئۆندەش، سوئال، تىرناقۇ - پەش.

12

ئىتنى "چاغ!" دەيمىز، مۆشۈك - ئاسلاننى "پەش!"،
بولمىساق ئاگاھ، تۇرامدۇ ياغۇ - پەش؟
بەھرى - نەپ بەرمەي ئىلىمگە شۇنچە يىل،
قىلمىغىن نەۋاختىكى تۆھپەڭنى پەش!

13

بۇ ئەسىردۇر ئىلىم - ھىكمەت ئەسرى،
قولدا مەھمۇت، خاس ھاجىپنىڭ ئەسرى.
نى - نى ئۇلۇغ دانىشمەنلەر - ئاقىللار،
يولۇپ قالدى جۈپ ئەسەرنىڭ ئەسرى.

## 14

سوۋغا قىلسام شۇنچە ھەممە تىلىك ئەسەر،
تەلپىنىشتىن ئۇندا يوق ھېچبىر ئەسەر.
ئاھ ئىسسىت، سۇندۇم نىچۈن ئەماغا شام؟
دەپ تۇيۇق يازدىم بۇ ھال قىلغاچ ئەسەر.

## 15

تېرىپ ئالماق ئاسان مۇنچاق توكۇلسە،
بەسى مۇشكۇل ئىناۋەت يۈز تۆكۈلسە.
تۆكۈلگەن پەيتى دەپ بىلگەن يۈزۈڭنىڭ،
تىلىڭدىن قايسى چاغ ئىغۋا تۆكۈلسە.

## 16

قاش ـ كىرپىكىڭ تۇرار تۆكۈلۈپ،
لەۋلىرىڭدىن شېكەر تۆكۈلۈپ،
مېھرىڭ بىلەن كۆكلەپ كېتەرمەن،
قەھرىڭ بىلەپ قۇرۇپ، تۆكۈلۈپ.

## 17

چۈشتى كۆڭلۈمگە يوچۇن خەۋپتىن تۇيۇق،
مەن دېدىم: غەپلەت يولى خەۋپلىك، تۇيۇق-
قەلبى ئويغاقتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ خەۋپ،
دەپ تۇيۇق چۈشكەن كېچە يازدىم تۇيۇق.

18

پۇتۇڭنى يىنىك تۇت، تىلىڭنى ئېغىر،
چىداش بەر بېشىڭغا كۆن چۈشسە ئېغىر.
كۆڭۈلنى ئۆچۈق تۇت تېنىڭنى سەھەت،
يولۇڭدا تاغ - داۋان، يۈكۈڭمۇ ئېغىر.

19

نادانلار ئالدىدا قىلغىن ئېغىرلىق،
بىلىمشكە ئالدىرا، قىلما ئېغىرلىق.
مۇشەققەت تاغىنى ئارتساڭ قەۋەتلەپ،
بىلىم - پەن ئەھلى ھىس قىلماس ئېغىرلىق.

20

ئاتامنىڭ مال-بىساتىدىن مىراس تەگدى ماڭا بىر ئوق①
باھاسىز ئىككى قامۇس، خاسىيە تىلىك يا بىلەن بىر ئوق.
دىدىم: بۇندىن جۇدا بولسام ھاياتىم ھارۋىسى گۇمران،
دوزاققا بولغۇسى تۇتروق شۇئان قوش چاق بىلەن بىر ئوق.

21

ئىلاھا، كەلمىدى رەھىمىڭ مېنىڭدەك بىر دىلى ساپقا،
قىشىن - ياز بەندىدەن ئالقان گۆشىنى يەيدىغان ساپقا.
تېرىمدىن ئۆندى تال كۆكلەپ، بىدىشتە مەھسۇلى شەرۋەت،
ئۆزاتسام، ئاھ خۇداۋەندا، قولۇم يەتمەيدۇ بىر ساپقا.

① بىر ئوق - بىر كىشىلىك ھەسسە، ئۈلۈش.

14

سوۋغا قىلسام شۇنچە ھەممە تىلىك ئەسەر،
تەلپىنىشتىن ئۇندا يوق ھېچبىر ئەسەر.
ئاھ ئىسىت، سۇندۇم نىچۇن ئەماغا شام؟
دەپ تۇيۇق يازدىم بۇ ھال قىلغاچ ئەسەر.

15

تېرىپ ئالماق ئاسان مۇنچاق تۇكۈلسە،
بەسى مۈشكۈل ئىناۋەت يۈز تۆكۈلسە.
تۆكۈلگەن پەيتى دەپ بىلگەن يۈزۈڭنىڭ،
تىلىڭدىن قايسى چاغ ئىغۋا تۆكۈلسە.

16

قاش - كىرپىگىڭ تۇرار تۆكۈلۈپ،
لەۋلىرىڭدىن شېكەر تۆكۈلۈپ،
مېھرىڭ بىلەن كۆكلەپ كېتەرمەن،
قەھرىڭ بىلەپ قۇرۇپ، تۆكۈلۈپ.

17

چۈشتى كۆڭلۈمگە يوچۇن خەۋپتىن تۇيۇق،
مەن دىدىم: غەپلەت يولى خەۋپلىك، تۇيۇق-
قەلبى ئويغاقتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ خەۋپ،
دەپ تۇيۇق چۈشكەن كېچە يازدىم تۇيۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

18

پۇتۇڭنى يېنىك تۇت، تىلىڭنى ئېغىر،
چىداش بەر بېشىڭغا كۈن چۈشسە ئېغىر.
كۆڭۈلنى ئۆچۇق تۇت تېنىڭنى سەھەت،
يولۇڭدا تاغ - داۋان، يۈكۈڭمۇ ئېغىر.

19

نادانلار ئالدىدا قىلغىن ئېغىرلىق،
بىلىمشكە ئالدىرا، قىلما ئېغىرلىق.
مۇشەققەت تاغىنى ئارتساڭ قەۋەتلەپ،
بىلىم - پەن ئەھلى ھىمىس قىلماس ئېغىرلىق.

20

ئاتامنىڭ مال-بىساتىدىن مىراس تەگدى ماڭا بىر ئوق①
باھاسىز ئىككى قامۇس، خاسىيەتلىك يا بىلەن بىر ئوق.
دېدىم: بۇندىن جۇدا بولسام ھاياتىم ھارۋىسى گۇمران،
دوزاققا بولغۇسى تۇترۇق شۇئان قوش چاق بىلەن بىر ئوق.

21

ئىلاھا، كەلمىدى رەھىمىڭ مېنىڭدەك بىر دىلى ساپقا،
قىشىن - ياز بەندىدەن ئالقان گۆشىنى يەيدىغان ساپقا.
تېرىمدىن ئۇندى تال كۆكلەپ، بىدىشتە مەھسۇلى شەرۋەت،
ئۇزاتسام، ئاھ خۇداۋەندا، قولۇم يەتمەيدۇ بىر ساپقا.

① بىر ئوق - بىر كىشىلىك ھەسسە، ئۈلۈش.

## قوياش مۇھەببىتى

چۈشتە زەپ مەغرۇر ئىدىڭ، ئاپتاپپەرەس،
نە ئۈچۈن ئەگدىڭ شۇ دەم باشىڭنى پەس؟

ئول تولۇنئاي جىلۋىسىگە باقمىنا،
بۇ گۈزەللىك لەززىتىنى چاقمىنا!...

ئۇ دېدى: ئاپتاپپەرەس – ئىسمىم مېنىڭ،
بەند ئېرور ئاپتاپقا جان – جىسمىم مېنىڭ.

ئايغا باقسام كۈنگە باققان كۆز بىلەن،
نۇر – ھارارەتتىن رەڭ ئالغان يۈز بىلەن؛

بىر يولى بولمامدۇ كور – ئەما كۆزۈم؟
ھەم قۇرۇپ كەتمەمدۇ نەپرەتتىن يۈزۈم؟

تاپشۇرۇپ كۆڭلۈمنى ئاپتاپ ئىلكىگە،
ئەمدى قانداق بۆلگىدەكمەن ئىككىگە؟

بىر قوياش قەلبىگە ئوت ياققان مېنىڭ
شۇ قوياشقا باقىمەن–باققان مېنىڭ!

1982-يىل، ئىيۇن، قەشقەر

## لەيلى

ھويلىغا باغدىن كۆچەردىم لەيلىنى،
تارتىۋالدى لەيلى كۆڭلۈم مەيلىنى.

مەن دېدىم: ئۈستۈڭ ئەجەپ يەر تاللىماي،
نە قىلار ئەردىم سولاشساڭ ئاينىماي؟

ئېيتتى لەيلى: ئۈز يېرىم - باغ هويلىمۇ،
چۆل-جەزىرە، تىك داۋان، تاغ قوينىمۇ.

نەگە تىكسەڭ شۇنداق چاچقايمەن پۇراق،
بىرلا شەرت: بولسىلا تەشتەكتىن يىراق.

1982-يىل، ئىيۇن، قەشقەر.

## شەپەرەڭ

— ئەي شەپەرەڭ، تۈندە ئالەم كېزىسەن،
بەھرى ئالماي يورۇقلۇقتىن - قوياشتىن.
خورلۇق - ئازاب ھېس قىلمامسەن، ئېيتقىنا،
ئۆمرۈڭ بويى تۈن ئىلكىدە ياشاشتىن؟

— ئەي ئادەمى، سۈرۈشتۈرسەڭ ئەسلىنى،
مەندىن ئارتۇق كىم سۆيەر تاڭ ۋەسلىنى؟
سەيلى قىلسام نۇر قوينىدا بەھوزۇر،
قوغدايدۇ كىم تۈندە ئىنسان نەسلىنى؟

كەلسە ھەر خىل زەھەر تىللىق چەرەندە،
كىملەر ئۈرۈپ چەيلىمەيدۇ كۈندۈزى؟
ھۇجۇم باشلار قان شورىغۇچ ھاشارەت،
تۈن قوينىغا بولغاندا فەرق يەر يۈزى.

بەزگەك پاشا ئۇرسا نەشتەر «غىڭ» قىلىپ،
ئاغرىيدۇ جان، قان تومۇرى چىڭقىلىپ.
ئەلنى قوغداپ بۇ ۋابانىڭ زەھرىدىن،
مەن چىقىمەن تاڭ ئاتقىچە جەڭ قىلىپ.
قايسى يۈرەك تەشنا ئەمەس، زار ئەمەس،
يورۇقلۇققا، ئالتۇن قوياش ۋەسلىگە؟
پەخىرلىكمەن تىچ ـ ئاراملىق بەخش ئېتىپ،
ئۆتسە ئۆمرۈم ئادىمىزات نەسلىگە.

1983 - يىلى قەشقەر.

## ئىچەيلى

1

ساقى، شاراپ قۇي يەنە،
قۇيغىن يەنە، ئىچەيلى.
بۈگۈن بىزگە خۇددى توي ـ
چوڭ تەنتەنە ئىچەيلى!

ئىچەيلى، ئاھ، ئىچەيلى،
تەشنا يۈرەك قانغىدەك.
ئۆمرىمىزدە ئۇشبۇ كۈن
يادنامە بولۇپ قالغىدەك.

ئايرىلغىلى، جان دوستلار،
ئىككى ئون يىل بولۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

قانچىمىزنىڭ بېشىغا،
ئاپپاق قىرووۇ قونۇپتۇ.

قانچىمىزنىڭ مەڭزىدە،
قانلىق ئىزلار — سىزىقلار.
ئولتۇرۇشقان قوۋزىمىز،
سۇندۇرۇلغاچ ئېزىقلار.

ئەمەسمىدۇق ساۋاقداش،
ئوتتۇز ئالتە نەۋاقىران؟
قوشماقگىزەك قېرىنداش—
تۇققاندىنمۇ مېھرىۋان؟

ئارزۇيىمىز، ئاھ ئەجەپ،
گۈزەل ئىدى، ساپ ئىدى.
ئارزۇمىزغا زامانمۇ
لايىق ئىدى، باپ ئىدى.

ئانا مەكتەپ يوللىدى،
بىزنى گويا فۇرۇنتقا.
بىر نىيەتتە بولۇندۇق،
نەچچە سەپكە، يۇرت — يۇرتقا.

ئازاپ بىلەن خۇشاللىق،
بىزنى ئالغان ئىلكىگە.
تولغان بىلىم گۈلشىنى،
كۆز ياش بىلەن كۆلكىگە.

پەرۋاز قىلدۇق بىر يولى،
ئوتتۇز ئالتە قىران قۇش.
كۆكنى قۇچتى بىر سادا:
— خوش، جان - جىگەر!
— خەير - خوش!...

بىر پىلەكتىن سۇ ئىچكەن،
شۇنچە نۇرغۇن خەمەكتىن؛
ئەمدى قاپتۇق قانچىمىز؟
ساناپ باققىن بۆلەكتىن!

سادده، ياۋاش، خىيالچان،
تۇر مۇھەممەت نەكەتتى؟①
ساپ - سەممىي، توغرا سۆز،
خالىس نىيەت نەكەتتى؟

قاپلىغان چاغ جاھالەت،
يەر - زىمىننى، ساماني.
كۆز ئالدىدا تۇنجى رەت،
كۆرۈپ مۇدھىش ۋاباني؛

تەۋرىمەستىن تىك تۇرغان،
مەغرۇر قىيا نەكەتتى؟
"ھەقىقەت!» دەپ سايرىغان،
بۇلبۇلگويا نەكەتتى؟

---

① تۇر مۇھەممەت - شائىرنىڭ 1959 - يىلى ئۇۋالچىلىققا ئۇچ[...]
ساۋاقداشلىرىنىڭ بىرى.

قەلبىمىزدە مەڭگۈلۈك،
ساقلايماس دەز قالدۇرۇپ،
يەلكىمىزدە ئېغىر يۈك-
ۋىجدانى قەرز قالدۇرۇپ؛

كوھىقاپقا يول ئالغان،
ياخشى ئوغلان نەكەتتى؟
دوستلار ئۈچۈن جان پىدا،
مەردۇ - مەردان نەكەتتى؟

قەن يىغىدۇ بال ھەرە،
گۈل - چېچەكتىن باغ ئارا.
ئۇۋۇسىغا مۈكىدۇ،
مۈزلىغاندا تاغ - دالا.

تۇرمۇھەممەت بال بەردى،
جۈت - قەھرىتان ئىچىدە.
گۈلزار ئەمەس، باغ ئەمەس،
قارا زىندان ئىچىدە.

دوستىمىزنىڭ چەككىنى،
دەرت - رىيازەت ئەمەسمۇ؟
يۈرىگىدىن تامغىنى،
شىرنە - شەرۋەت ئەمەسمۇ؟

شىرنە - شەرۋەت دىگىنىم،
مەردانە خەت ئەمەسمۇ؟

تۆھمە تلەرنى تۆر تىگەن،
ئەرز ـ شىكايەت ئەمەسمۇ؟

بەتلەر گويا بىر جەڭگاھ،
سىزىق ـ ئاكوپ ئەمەسمۇ؟
ھەرپلەر گويا گۇمبۇرلەپ،
ئېتىلغان توپ ئەمەسمۇ؟

ھەر چېكىت ـ پەش بىر بومبا،
يالاڭ تىرناق قىلىچتۇر.
ئۇندەش گويا پولات ئوق،
سوئال بەلگە كىرىچتۇر.

تۇن ـ جاھالەت دىۋىسى،
دىر تىترىدى بۇ خەتتىن؛
نۇرلۇق جاھاننامىدەك،
خاسىيەتلىك ھۆججەتتىن.

ئاتا قىلدى شۇ ھۆججەت،
قانچىمىزغا ئامانلىق.
مەرھۇم ئىدى، ئاھ ئەجەپ،
ئىرادىلىك، ۋىجدانلىق!...

2

ئاھ، ساۋاقداش بەدىنۇر،
مۇڭلىنىسەن نىمانچە؟

ئوتقا چۈشكەن قىل كەبى،
تولغىنىسەن نىمانچە؟

كۆز ئالدىڭدىن ئۆتتىمۇ،
شۇ ئازاپلىق سەرگۈزەشت؟
ياكى ھىجران تۈنلىرى،
بىسىپ ئۆتكەن تاغۇ ـ دەشت؟

شۇنچە يىللار ئاھ دىدۇق،
بەس، سۇرتكىنە يىشىڭنى.
ئىچ ـ ئىچىڭدىن "ئۇھ" دىمەي،
كۆتەرگىنە بىشىڭنى!

شەمشات ئىدۇق قورىغان،
بىز كۆكەردۇق بۆلەكتىن.
قوي، پەغانلار دىگىنى
يۇيايلى بىز يۈرەكتىن.

گۆھەر ئىدۇق، زەر ئىدۇق،
لايغا پاتتۇق، خار بولدۇق.
بىر زەررە نۇر چىچىشقا،
شۇنچە تەشنا ـ زار بولدۇق.

بۇلاق ئىدۇق شاۋقۇنلۇق،
ھۇۋلاپ بوران، قۇم باستى.
بەزمە قۇردى جىن ـ شەيتان،
جەرە سالدى ئالۋاستى!

قانچە ـ قانچە ئۆتكەمە ـ
غەلۋىرلەردە تاسقالدۇق.
ئارمان بىلەن ئالەمدىن،
خوشلۇشۇشقا تاس قالدۇق!

ئىپتىخارلان، پەخىرلەن،
ساۋاقداشلىق مېھرىدىن.
ئىرادىسى، جۇرئىتى،
پاراسىتى ـ زېھنىدىن.

شۇنچە دەھشەت ئالدىدا،
ئىگىلدىمۇ بېلىمىز؟
قوندۇردىمۇ قىلچە داغ،
ۋىجدانىمىز ـ دىلىمىز؟

قىلمىدۇقمۇ جانپىدا،
بىر-بىرىمىزگە بىرىمىز؟
خەلقى ئالەم ئالدىدا،
قىسىلامدۇ تىلىمىز؟

قوي، تۆكمە ياش، ئالدىڭدا!
جان ـ جىگەرلەر دىدارى.
سوراپ باققىن، كىم ئەمەس،
غەم ـ غۇسسىدىن بىزارى؟

ئال ئېسىڭگە كۆمۈلگەن،
ئەنجۈر بىلەن ئانارنى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇڭلىنامدۇ كۆرگەندە،
چېچەك پەسلى — باھارنى؟

شۇنچە يىللار كۆمۈلۈپ،
باش كۆتەردۇق يېڭىدىن؛
نەپەس ئېلىپ نۇر ئېلىپ،
قۇتلۇق باھار تېڭىدىن.

ياخشى باغۋەن — ئەزىز خەلق،
بىزنى پەرۋىش ئەتمەكتە.
دىل سېغىنغان ھۆر زامان،
قەدرىمىزگە يەتمەكتە.

ئەۋلادىمىز — نەسلىمىز،
تەشنالىقتا ئۆتمەكتە.
پىشقان، راسا مەي بولغان،
مېۋىمىزنى كۈتمەكتە.

مىرادىمىز يۇلتۇزى،
ئۇشبۇ ئەۋلات ئەمەسمۇ؟
ئۇلار بىلەن كېلىچەك،
گۈزەل، ئاۋات ئەمەسمۇ؟

ئۇلار رەڭدار قاناتىمىز،
توز ئەمەسمۇ تېخىچە؟
سەبى كۆڭۈل زىمىنى،
بوز ئەمەسمۇ تېخىچە؟

ئەمگەك بىلەن چاپالىق،
بۇ زىمىننى ئاچمىساق،
مېھرىمىزدىن سۇ بېرىپ،
ئالتۇن ئۇرۇق چاچمىساق؛

رازى ـ رىزارى بولغايمۇ،
يېڭى ئەۋلات ـ نەسلىمىز؟
شۇلار ئۈچۈن يارالغان،
ئەمەسمىدۇق ئەسلى بىز.

مەنزىل يىراق، يۈك ئېغىر،
يوللار ئىگىز داۋانلىق.
ئېغىر يۈكلۈك هارۋىغا،
تۇلپار كېرەك يارامىلىق.

هاپاش قىلماق نە هاجەت،
دەرت ـ ئەلەمنى داۋاملىق؟
بىزگە ئەلا هەممىدىن،
تەن سەهەتلىك ـ ئامانلىق.

نەسلىمىزنىڭ تالىيى ـ
بەختى ئۈچۈن ياشايلى!
بىللە سۆرەپ هارۋىنى،
تاغ ـ داۋانلار ئاشايلى!

×

ساقى، شاراپ قۇي يەنە،
قۇيغىن يەنە، ئىچەيلى.
ئاچچىق ئەلەم ـ هەسرەتتىن،
قول ئۈزەيلى، كېچەيلى!

تاشلايلى بىز كەڭ نەزەر،
ئالغا ـ يىراق پەللىگە؛
نەسلىمىزنىڭ مۇرادى،
گۈل ئاچقۇسى دەۋرىگە!

1979 ـ يىل 4 ـ ماي، ئۈرۈمچى.



# مىرزاھىد كېرىمى

مىرزاھىد كېرىمى 1939 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەر شەھرى-
كە تەۋە تاربوغۇز كەنتىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مىرزاھىد كېرىمىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى تولۇقسىز ئوتـ-
تۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا باشلانغان. 1956 - يىلدىن
باشلاپ گېزىت - ژورناللاردا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئىلـ-
گىرى-ئاخىر بولۇپ «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق»، «لاچىن
ھەققىدە باللادا»، «ھېيتكادا ھېيت كۈنى»، «بىباھا تۆپـ-

راق » قاتارلىق شېئىر - داستانلارنى يېزىپ، جامائەتچىلىك ئا-
رىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. 1982 - يىلى بېيجىڭ مىللەت-
لەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ « ئالتۇن ئاچقۇچ » ناملىق
شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1984 - يىلى شائىر « قانات-
لانغان تىلەك » ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمىنى نەشرگە
بەردى. هازىر « جۇدالىق » ناملىق يىرىك ئەسەرى ئۈستىدە
ئىشلىمەكتە.

شائىر مىرزاھمەد كېرىمى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىن-
جاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## باھارنى كۈيلەپ تۇرسام ياز كېلەر...

ئۈچ خاتىرە دەپتىرىمنى بىر هازا-
دوستۇم كۆرۈپ قاپاقلىرى سوزۇلدى.
"ۋەتەن - ۋەتەن!... دەپ يېزىپسەن شۇنچىلا..."
ئۇ غودۇڭشۇپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

ۋۇجۇدۇمنى سالدى شۇئان لەرزىگە،
تاپىنىمدىن چىققان غەزەپ تىترىگى.
- يېتەلمىدىم تېخى ۋەتەن قەدرىگە،-
دىدىم ئاگا،-شۇدۇر شائىر ئىستىكى.

نۇقايسى بىر جان ۋەتىنىنى سۆيمىگەن،
ۋەتەن ئىشقى پىراقىدا كۆيمىگەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قان دىسە ـ قان، تەر دىسە ـ تەر ئاققۇزۇپ.
ھېچ ئايانماي ئۆز جېنىدىن كەچمىگەن؟

ئېيتقىن دوستۇم، مەدھىيىلىمەي ۋەتەننى،
بولامتىمۇ يازسام ئىشرەت ناخشىسى؟
تەسۋىرلىسەم خۇما كۆز دەپ لەۋەننى،
دەر ئىدىڭمۇ: بۇ شېئىرنىڭ ياخشىسى؟

ۋەتىنىمنىڭ ھەر تويىغا مىڭ شېئىر،
يۈزدىن داستان يازسام يەنە ئاز كېلەر.
ئانا تۇپراق سۆيگىنىمگە مەن ئەسىر،
باھارىنى كۈيلەپ تۇرسام ياز كېلەر...

قىرىق تۆت يىللىق ھاياتىمدا يازغىنىم،
بىر شېخىنىڭ ياپرىقىغا تەڭ كەلمەس.
مېنى خىجىل قىلار تاپماي ھېچ تىنىم،
ئوقۇپ بۇلبۇل گۈل شېخىدا مۇخەممەس.

مەندىن ئۇنداق نامەرتلىكنى كۈتمىگىن،
ۋەتىنىمنى ھەر قەدەمدە كۈيلەيمەن.
كۆڭلىنى دەپ يىمەي ۋەتەن غېمىنى،
ئالجىغانىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتەيمەن.

مەن كۈيلەيمەن تاغلىرىنى ـ ھەيۋەتلىك،
جاۋاھىرات تولۇپ تاشقان غارىدا.
مەن كۈيلەيمەن باغلىرىنى خىسلەتلىك،
دەستىرخانى كەڭ يېيىلغان سايىدا.

مەن كۈيلەيمەن يامغۇرىغا باش تۇتۇپ،
يالاڭ ئاياق كېچىپ ئاپپاق قارىنى.
مەن كۈيلەيمەن كۆتۈرۈلگەن چاغدا كۈن-
ئېتىكىگە يېيىپ ئەتلەس - شايىنى.

مەن يازىمەن شاماللىرى ساز چېلىپ،
سالغان چاغدا مەجنۇن تالنى ئۇسۇلغا.
مەن يازىمەن ئىشچان قىزلار نازلىنىپ،
باقچىسىدا جەۋلان قىلغان ئوغۇلغا.

ۋەتىنىمنىڭ دەرەخلىرى يەلپۈنسە،
ياپراق ئەمەس، ناخشا - غەزەل تۆكۈلەر.
گويا باغۋەن باغدا مېۋە تەرگەندەك،
تېرىپ ئېلىپ مەپتۇن كۆڭلۈم سۆيۈنەر.

ۋەتىنىمنىڭ دەريالىرى دولقۇنلۇق،
سالسام قاماق چىقار دەستان، لېرىكا.
ۋەتىنىمنىڭ باغرى كەڭرى يالقۇنلۇق،
كۆز ئالايتقان دۈشمەن كۆيەر ئوتىدا...

نېچۈن يازماي «ۋەتەن، ۋەتەن، ۋەتەن!» دەپ،
ئىگە تۇرسا، دوستۇم، شۇنداق خىسلەتكە.
مەن يازىمەن ۋەتەنپەرۋەر، دەپ كۈيلەپ،
كىم ئەجرىدىن تۆھپە قوشسا ۋەتەنگە!.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەلەم ۋە مەن

ھەر قېتىم ئۆيۈمگە كەلگەندە دوستۇم،
دەر: „ئەمدى بولدى قىل تاشلا قەلەمنى!...
ئۈستۈڭدىن سۆز - چۆچەك بولۇپتۇ، ئۇقتۇم،
كەلمەيدۇ قايتا دەپ قىسقا ئويلىما،
باغرىڭنى لەختە قان قىلغان ئەلەمنى؛
ئايىغىن جېنىڭنى بۇنچە قىيناما...

ئېيتقىنا، قاي شائىر ياخشى كۈن كۆرگەن؟
كۈندۈز - تۈن ساڭا بار نەخوشلۇق، ئارام؟...“
ئۇ سۆزلەپ ئۆتەۋۈشنى - باشتىن كۆچۈرگەن،
رايىمنى قايتۇرماق بولدى، ئىجاتكار،
روھىمنى ئازاپلاپ ئېچىپ دىل يارام...
بولايمۇ ئۇنى دەپ يېزىشتىن بىزار؟

مىڭ يىللىق ئالدىغا تاشلىغان نەزەر،
شائىرنىڭ خىسلىتى باقمايدۇ كۈنگە!
ئۇندا بار مۇھەببەت ھاياتتا ئۈلگە،
ئۇندا بار ئەقىدە، پىداكار ۋىژدان،
پارتىيە بولغاچقا مەندىن غەم يىمە!
جىسمىمدە جاپادىن ھوزۇرلىنارجان.

— راس! — دېدى ياپ - يېشىل ئارچا يەلپۈنۈپ
دىرىزەم ئالدىغا تاشلىغان سايە.
تەربىيىلەپ مىنى گەز، قامچا ئورنىغا،

پارتىيە تۇتقازغان تۇرسا قەلەمنى؛
مەن نېچۈن جان تىكىپ قىلماي ھىمايە،
كۆيلەشنى پەرز بىلىپ ئانا ۋەتەننى!؟

— راس! — دېدى تولۇنئاي كۆزنەكتىن ماراپ، —
تاشلىما قەلەمنى، يازغىن ئۇخلىما!
ئاق بەتتە يۇلتۇزدەك تەر ۋە قان چاقناپ،
بولسا ھەر قىسمەتتە دەردىگە دەرمان،
ماڭمامدۇ ئالدىغا كىشى داجىماي؟
شائىر بۇ سەۋەپتىن بىر ئۇلۇغ ئىنسان.

— راس! — دېدى باغرىمدا يۈرۈكۈم ئويناپ، —
ياز ھارماي، مەن سىيا بولاي قەلەمگە.
يازغىنىڭ ھەر دىلدا قوزغاپ ئىشتىياق،
قىزىلگۈل ھىدىنى ئۇرۇپ دىماققا؛
خاتىمە بەرسۇن غەم، ھەسرەت — ئەلەمگە،
كىرىپتار قىلماي ھىچ دەرتلىك پىراققا...

× × ×

قاچۇرۇپ كۆزىنى دوستۇم كۆزۈمدىن،
خوشلاشتى ئۇندىمەي، يازدىم غەمسىز.
ئاجرىماس قوللۇرۇم مەڭگۈ قەلەمدىن،
يېزىشقا كىرىشكەن چېغىمدا شەكسىز
نەجاپا،نەراھەت كەلمەس ئويۇمغا
ئىجادىم — ئىجاتكار ماڭغان يولۇمدا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھەممىلا يېرىڭدە مېنىڭ يارىم بار...

كۈن چىققان ئاسمانغا ئايمۇ ھەم چىقتى،
گۈل سىزىپ ساماغا گاڭ قەلەم چىقتى.
مەن ئاشىق كۆكسىمدىن دەرت ـ قەلەم چىقتى،
زوخلۇنۇپ ئالدىمغا يار سەنەم چىقتى...

قارىسام بىر شۇلا ـ كۆرۈنمەس نىگار...
خوش پىچىم قەددىنى يوشۇردۇڭمۇ تۈن؟
ئات قىلىپ قەلەمنى بولۇپ ئىنتىزار،
مەن ئىزلەپ ۋەسلىنى كىزىمەن بۈگۈن.

كۆردۈم ئۆز يۈزىنىڭ گۈزەل رەڭگىنى،
قەشقەرنىڭ بېغىدا پىشقان ئاناردا.
چاچلىرى مەجنۇنتال بولۇپ يەلپۈندى،
زەرەپشان بويىدا سالقىن باھاردا.

ئۇ مامۇق قاشلىرى بولۇپ كۆك مايسە،
ئېلىمنىڭ دالىسى ئۈزرە كۆچۈپتۇ.
ئايلىنىپ كىرپىكى خۇشبۇي چىمەنگە،
تارىمنىڭ بويىنى بويلاپ ئۆسۈپتۇ.

كۆردۈمكى، تەلمۈرگەن ئاھۇ كۆزلىرى،
بولدۇقلار ئايلىنىپ شىپا بۇلاققا.
تۈگىمەس ناخشىدۇر شېرىن سۆزلىرى،
مەن ئاڭلاپ كېلىمەن دوستلار بۇياققا.

قىزىل ئالما بولۇپ مەگزى غولجىدا،
ئىگىپتۇ باراخسان شېخىنى يەرگە.
يالتىراپ تۇرىدۇ ئەكس شولىسى،
ئالتاينىڭ تېغىدا ئايلىنىپ زەرگە.

ھالبۇكى دىلبەرنىڭ قاڭشىرى - كۆركەم،
كورلىدا نەشپۈتقا ئايلىنىپ كەتكەن.
مەن قەدەم تاشلىسام قەيەرگە، ئۆلكەم،
شۇ يەرگە جانانىم قەددىمى يەتكەن.

چۆنەكنىڭ ئىچىدە شىرىن لەۋلىرى،
تۇرۇپتۇ كۆكچىنىڭ يېرىغى بولۇپ،
مەن ئىزدەپ كۆز سالسام، نازۇك تەنلىرى
ئۈزەتتى ئىرتىشنىڭ بېلىغى بولۇپ.

خوتەن دەرياسىدا يۇيۇلۇپ تۇرار،
چىشى قاش تېشىغا ئايلىنىپ شۇئان.
ئىلىنىڭ باغرىدا كۆكسى دولقۇنلار،
بېرىپ جان بوۋاققا ئاق سۈت ھەر زامان...

ئاق ئۈژمە دەرىخى بېشىغا سايە،
ئىلچىدا يەپەكتىن گىلەم توقۇيدۇ.
ئوراپتۇ بەستىنى ئەتلەس ۋە شايە،
قاراگلار ھېيتكادا ناخشا ئوقۇيدۇ.

بىر قولى چۆچەكتە ئۆسكەن ئارچىغا-
شاخ ئىكەن، يازۇ - قىش كۆكىرۈپ تۇرار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر قولى قۇمۇلدا ئۆرۈك شېخىغا،
ئايلىنىپ مىۋىسى تۆكۈلۈپ تۇرار.

بىر پۈتى قارغاينىڭ غولى ئىكەن زەپ،
خان تەڭرى ئۈستىدە كۆككە بوي سوزغان.
چىنارغا غول ئىكەن بىر پۈتى ئەجەپ،
كۇئېنلۇن باغرىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان...

تىلى ھەر گۈل ئۈزرە بولۇپ بىر بۇلبۇل،
خۇش گۈزەل كەڭسايدا قىلىدۇ ناۋا.
باغراشتا پونتاندەك ئېتىلار ئىشقى!
شۇڭا ئاق تۇمانلىق پايانسىز ساما.

ئۈرۈمچى شەھرىدە باسقان ئىزلىرى،
كۈللەپتۇ،- ئىزىنى مەن بېسىپ كەلدىم.
توسماڭلار ناز قىلىپ زامان قىزلىرى!
يار بەرگەن غۇنچىنى مەن قىسىپ كەلدىم.

شۆھرەتلىك مىڭ ئۆينىڭ مەر - مەر تېمىغا،
سىزىلغان رەسىمنى مەن كۆرۈپ كۆيگەن!
بولۇپ سۇ پەرىسى بۇغدا كۆلىدە،
ئۇ، ئۈزۈپ يۈرگەندە مەن ئۇنى سۆيگەن!

ئاقسۇدا ئوخشىغان پولۇسى تەييار!...
مۇتەللىپ بېشىغا بىرگە گۈل قويدۇق.
قەيەرگە مەن بارسام شۇندا كۆتەر يار،
ئۇ پۇقىنىڭ يۈزىگە بىز نەقىش ئويدۇق.

ئوت چېچىپ تۇرغاندا تۇرپان يازىدەك،
ئىشقىدا ئۆرتىنىپ مەن نىچۈن كۆيمەي؟!
ئاشىقنىڭ خىسلىتى بولۇپ ۋاپادار،
جان تىكىپ يېتىشتۇر ـ مىراتقا، ئۆلمەي.

جان ئەزىز ۋەتىنىم ـ ئالتۇن بۆشۈگۈم،
ھەممىلا يېرىڭدە مېنىڭ يارىم بار.
مىڭ ساندۇق گۆھەرگە تىگىشمەيدىغان،
مۇھەببەت، ساداقەت، نۇمۇس ـ ئارىم بار.

مەن نىچۈن ئۆزەمنى بەختىيار بىلمەي،
تۇرسا ئوت باغرىغا چىللاپ نىگارىم؟!
مەن نىچۈن جېنىمنى نىسار ئەيلىمەي،
چاقىرسا جەڭلەرگە ئېزىز ماكانىم؟!...

## لاچىن ھەققىدە باللادا

ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە ھەمۇدەپ تىنىپ،
ياتار قان سۈمۈرۈپ ئايلىنىپ نەسكە؛
ياتار بىر سۇر ئىلان چەمبىرەك سېلىپ،
ياش لاچىن سولانغان تۆمۈر قەپەسكە.

سەپ سالار بىر بېشى، تۆرت كۆزى بىلەن،
ئۈچ پۈتلۈق بۇ مەخلۇق ھەيۋەتلىك سۇرلۇك.
دان يىمەي، سۇ ئىچمەي، جەسۇر قۇش تىمەن،
ئۈنىڭغا لەنەتلەر ئوقۇيتتى ئۈنلۈك:

" سەسكەندى مەن كەبى سەندىن بارچە خەلق -
بىلىپ قوي، ئەجەلىڭ يېقىن ئەي ئىلان!
قاق يېرىپ قارنىڭنى سەن يۇتكەن ئادەم-
چىقىدۇ قۇرۇشقا ئەلدە گۈلبوستان...»

جاھالەت تورىنى يايغان بۇ مەخلۇق،
ھۆكىرەپ، لاچىنغا پۇرقۇپ چاچتى ئوت.
ۋاھ! شۇئان ئوقيادىن ئېتىلغان بىر ئوق،
سانچىلدى باغرىغا، چىقتى قارا دۇت.

ئىسقىرىپ سۇر ئىلان كۆز تىكىپ شۇندا،
كۆردى ھەم بىر خەتنى يۆگەلگەن ئوقتا.
قەپەسنى چوقۇلاپ تېنىمسىز لاچىن
ئىنتىلىپ تۇراتتى كۆككە ئۇچۇشقا.

× × ×

" لاپ ئۇرما! قويۇپ بەر ئوغلۇمنى مېنىڭ،
كۆنمەسەك بۇ شەرتكە ئۇچۇپ كېلىمەن.
ئالىمەن ئۇ - چىقماس جېنىڭنى سېنىڭ،
شان - شەرەپ، نۇسرەتنى قۇچۇپ كېلىمەن...»

زەر بىلەن سۇمۇرۇغ يېزىپ بۇ خەتنى،
شۇم ئىلان كۆكسىگە ئاتقان ئىكەن دەل.
تارتقان تار قەپەستە جاپانى، دەرتنى-
لاچىننىڭ تىلىگى بۈگۈن بولدى ھەل.

ئالدىراپ نەس ئىلان بۇس قۇيرىغىنى-
يىغدى قان تۆكۈرۈپ، بولۇپ پەرىشان.
چارىسىز قەپەسنىڭ ئاچچى ئىشكىنى،
ئۇچتى ئۇ ياش لاچىن كۆتۈرۈپ ئىسيان.

ئۇچتى ئۇ پەلەكنىڭ قەھرىگە ئۆرلەپ،
يولىغا سالدى كۆن زەردىن پاياندار.
كۆل چاچتى ئۈستىگە ئاسمان قىزلىرى،
قىش ئىدى مۇشۇدەم بولدى گويا، ياز.

پەلەكنى يىگانە ئايلىنىپ لاچىن،
تىك شۇڭغۇپ قوندى كاژ ئىلان ئۈستىگە.
چوقۇپ تۆرت كۆزىنى كور قىلدى دەرھال،
سالغاندا قوش چاڭگال ئۇ شۇم كۆكسىگە.

— تارىخنىڭ ھۆكمى! — دەپ ياردى قارىنىنى،
مىڭلىغان تۇتقۇنلار تاپتى ئامانلىق.
ئەمەلگە ئاشتى چىن خەلقىنىڭ ئارمىنى...
گۇم بولار ئەلگە كىم قىلسا يامانلىق.

1979 — يىل، 9- ئاي

## قاناتلانغان تىلەك

(ئانا مەكتىۋىم — شىنجاڭ داشۆگە بېغىشلايمەن)

1

پەرۋاز قىلار قاناتلانغان تىلەكلىرىم،
قارلىق تاغدىن، مۇنبەت يېشىل داللىدىن.
پەرۋاز قىلار مەڭگۈن قىلغاچ ئۆزىگە
دۇنيادىكى «رەنا» ئاتلىق نازىنىن.
ھۆرمىدۇيا كۆزى چولپان شۇ رەنا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەيا كۆلمۇ تاغدا كۆلۈپ ئېچىلغان؟
يا قىزمىكىن ـ ئاي پارلىغان يۈزىدە
ئاشىقلارنىڭ ناخشىسىغا قېتىلغان؟
ھۆر ئەمەسئۇ، يار بولغۇسى جەننەتتە،
جانانىم بار مەڭگۈ ئاڭا سادىقمەن.
ھەم گۈل ئەمەس، جىسمىم گۈزەل گۈلشەندە،
مەن گۈل پۈراپ ئۆسكەن كۆيچى ئاشىقمەن.
ئۇ قىز ئەمەس، قىزغا كۆزۈم تىكىلمەس،
قىراندۇرمەن ـ پەرزەنت كۆرگەن قىز ئېلىپ.
ئۇ پۇل ئەمەس، پىكاپ ئەمەس، ئۆي ئەمەس...
پۈت-قول، كۆزلەر تۇرغان دائىم ئىنتىلىپ.
ئۇ كىلىچەك ـ قۇياش يەزلۈك گۈزىلىم،
ئەشۇ تامان پەرۋاز قىلار ئىدرىكىم.

2

پەرۋاز قىلار قاناتلانغان تىلىگىم،
مۇز نەيزىلىك چوققىلارغا ئەگمەي باش.
پەرۋاز قىلار غۇرۇر بىلەن يۈكسەككە،
جۈت ـ بوراندا ئۇچقان مەغرۇر قۇش ئوخشاش.
پەرۋاز قىلار جاھالەتكە تىغ ئۇرۇپ،
روھى كىشەن زەنجىرىنى پاچاقلاپ.
خۇشامەتنىڭ تەخسىسىنى سۇندۇرۇپ،
باتۇر ئوغلان، ئالىم قىزنى قۇچاغلاپ...

پەرۋاز قىلار مەنزىل تامان توختىماي،
ئويغىتىپ ئۇ نادانلارنىڭ ئېڭىنى.
يېتىپ بارار غالىپلارچە مەنزىلگە،
كۆيلەپ ھەر چاغ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يېڭىنى!
ئەشۇ مىرات مەنزىلىدە ــ ھۆر باغدا
چايان ماكان قىلغان ئەسكى تامىلىق يوق.
قەدىرلىنىپ قان ۋە تەرنىڭ ئىگىسى ــ
بولار ساغلام زاتىغا شاھ ھوقۇقلۇق.
بولار زېمىن ــ ئىنسانغا ھۆر ئارامگاھ ــ
ھىچ تەرەپتىن ئىشتىلمەس زار مۇڭلۇق ئاھ...

3

دارىلفۇنۇن بۆيۈك ئانا مەكتىۋىم!
مەنىۋى دان بەرگەن ماڭا سەنغۇ ــ سەن؟
(ئۇنتۇلمايدۇ لاچىنلىرىڭ، چەڭگاڭدا
چاقماق كەبى بۆلۈت يېرىپ ئۆرلىگەن!...)
قىز مەڭزىگە يازغان ئىدىم، تانىسىنى ــ
ئويناپ تۇرۇپ، كۆزلۈرۈمدە مەن شېئىر.
ئۇ چاغ سۆزۈك بولغاچ زېھنىم سۇ بېھدەك،
قىلار ئىدىم كۆندۈز كېچە شوخ پىكىر.
قۇچىقىڭدا قاناتلاندى تىلىگىم،
ئىززىز ئۇستاز بەرگەن قۇتلۇق بىلىمگىتىن!
تورغاي كەبى قەپەزگىمۇ سولاندىم،
جۇدا بولدى ئۇستىخانلار يىلىكتىن!...
بىراق ئۆزۈڭ بەرگەن تالماس شۇ قانات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ چىقتى قايتا ئىقبال كۆكىگە.
شەيدا قىلىپ ئۆز كىلىچەك، ھۆرھايات،
قىلماقتىمەن پەرۋاز بولۇت ئۈستىدە...
قىزىل بىنا! سەندىن مەڭگۈ رىزامەن،
ئەل ئۈمىدى، ئىشەنچىڭگە پىدامەن!

## دوستۇمغا مۇۋەششەھ

مەشرەپتەك قار كېچىپ تاپىنىم ئۇششۇك،
ئىشتىياق تارتىپ ئاھ مەن يۈرۈپ كەلدىم.
رەيىمنى يوقاتقان بۇ دىلىم ئۈزۈك،
كۆرمىگەن يەرلەرنى بىر كۆرۈپ كەلدىم.
ئايا چۈش مىسالى ئۆتتى ئۇ كۈنلەر،
مەن رازى، ھېچكىمدىن رەنجىشىم يوقتۇر.
ئىشقىمنى سېنىدى سېھرىلىك تۈنلەر،
لاۋۇلدار مەشئىلىم ئالدىم يورۇقتۇر.
ياتسىراپ تۇرمىدىڭ مېنى كۆرگەندە،
ئالدىڭسەن قولۇمنى، كۆڭلۈمنى ئالدىڭ...
قامىتىڭ مۇبارەك! سېنى كۆرگەندە
ئۇرغۇدى بۇ مېھرىم كۆڭلۈمدە قالدىڭ.
بىز ئاخىر كۆرۈشتۇق...چۈشمۇ بۇ يانا،
ئىككىمىز ئىدۇقمۇ بايىقى بالا؟!...

# ئاھۇ كۆز قەسىدىسى

ئىمتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
تىكىلسە كۆككە ئۇ، يۇلتۇز كۆرىمەن.
تاشلانسا قىيغىتىپ كىرپىكىڭ يەرگە،
تىنىق سۇ ئۈستىدە قۇندۇز كۆرىمەن.
كۆرىمەن بىر گۈزەل ئالەم كۆزۈڭدە،
شۇ ئالەم يۇرت - ئېلىم ئوخشار ئۆزۈڭگە.

ئىمتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
باقسا ئۇ دەرياغا شۇڭغۇپ ئۆتىمەن.
ساچلىرىڭ يەلپۈنگەن يېشىل گىرۋەككە
سەھەر - كەچ مەن غۇلاچ تاشلاپ ئۆتىمەن.
ھېچنىمە ياراشماس ھۆسنۈڭگە بۇنچە،
كۆزۈڭدىن نۇر ئەمگەن لەۋلىرىڭ غۇنچە.

ئىمتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
مۇڭلانسا سورايمەن: "نېچۈك يار ھالىڭ؟"
بېشىڭغا پاسىبان ساداقىتىم بار،
بۇزۇلماس بىر ئۆمۈر سېنىڭ ئارامىڭ.
ھۇقۇقلۇق سۇلتانكى زاتىڭغا بۇ باش،
مېھىرلىك كۆزۈڭگە ئاتالماس ياۋ تاش.

ئىمتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
شاتلىقتىن نۇرلانسا سۆيىنەر كۆڭلۈم.
باناگا ئۈن بېرىپ نازۇك تىلىڭگە
غەزەپلىك تۈس ئالسا ئۆكسىنەر كۆڭلۈم.
مەندىن رەنجىشىڭنى دىلىم خالىماس،
قالار بۇ ئەقىدەم بالامغا مىراس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
بېقىشى ئۇلغايتار جاسارىتىمنى.
قىلدۇرۇپ پىكرىمنى ئالەمدە پەرۋاز،
ئاشكارا ئەيلەر ئۇ ماھارىتىمنى.
گۈزەللىك، مەرتلىكنى قىلىپ ئۇ ئايان،
كۆندە ئارزۇيۇمغا قوشۇدۇ ئەرمان.

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
كۆلگە نۇر چۈشكەندەك كۆلكە ئوينىغان.
يەر تارتىپ تەنلىرىم يېتىپ ھارغىنلىق،
مۆگدىگەن چېغىمدا غەيرەت قوزغىغان.
قارا كۆز، بۇلاق كۆز، ئوت كۆز، خۇماكۆز!
جان قوشۇپ تاشلايسەن ماڭا جۇلا كۆز.

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
ئۇ، قاراڭغۇلۇقتا چاقنىغان چولپان.
چۈشكەندە نەزىرى – نەزىرىم ئۇززە
كۆڭلۈم تاڭ سەھەردەك ئۈمىتكە تولغان.
نە نۇمۇس – ئىززاغا قالماي ھەرزامان،
باققان شۇ كۆزۈڭگە تەسەددۇق بۇ جان.

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
ئۇ، ھايات بېغىمنى ئىللىتقان قۇياش.
شۇ سۆيەت، پەزىلەت، خۇلقۇڭ ئالدىدا
قايىل بۇ ۋۇجۇدۇم ئىشقىمدا ئوتقاش.

شۇ كۆزۈڭ تۇيۇلۇپ ئابى ھاياتتەك،
بىلمەنەر ئۆلۈمنۇ مەن ئۈچۈن ياتتەك.

ئىستائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
سەپ سالسا باغلارغا، گۈلدىن بۇي كېلەر..
قارلىق تاغ، خىيابان، چۆللەرنى بويلاپ،
تاشلانسا كۆك شاققا، بۇلبۇل ئۈن بېرەر..
بېقىشى تۇمەن خىل گۈل كەبى رەڭدار،
شۇ كۆزۈڭ قەلبىمنى قىلىدۇ خۇشتار.

ئىستائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
كۆرسۈتۈپ تۇرغان ئۇ ماڭا ياخشى يول.
گاھى بىر قىسىلىپ قويسا شەرەتلەپ،
شۇ ھامان ئۈزىمەن يامانلىقتىن قول.
غەپلەتتىن ئويغۇتۇپ مېنى جىلۋىسى
تۇرسا ئەيش-ئىشرەتتىن كۈندۈز - كېچىسى.

ئىستائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
ئۇ گويا چۆللۈككە ئاققان قوش بۇلاق.
ئالدىدا تۇرغانىمەن - تەشنا يولۇچى
تاپقان چىن مېھرىڭدىن سۇ ئىچىپ روناق.
جاپالىق كۈنلەردە بېغىشلاپ لەززەت،
ئۇ، تەشنا دىلىمغا قۇيۇلغان شەرۋەت.

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
قايغۇمنى كەتكۈزۈپ كۆڭلۈمنى ئالغان.
ئاھ! قىيا بېقىشىڭ،
ئويچان نەزىرىڭ...
سوۋغىسى ئەمەسمۇ يېزىلغان داستان؟
شائىرلىق ھەۋىسىم كەلگەن كۆزۈڭدىن،
رازىمەن زوق ـ ئىلھام بەرگەن كۆزۈڭدىن.

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
ۋىژدانىنىڭ قىلىچى سۇغۇرۇلۇپ تۇرغان.
ئۆزگىگە ھايادىن كۆرسۈتۈپ تىكەن،
ۋەسلىمگە ۋاپادىن گۈل سۇنۇپ باققان!
شۇ ئاھۇ كۆزۈڭگە قىلسام خىيانەت،
ياغسۇن باش ـ ئۈستۈمگە تۈگىمەس ئاپەت.

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
قەلبىڭنى بىلدۈرگەن قاراشلىرىڭدىن.
مەن ھوزۇر ئالىمەن، نامەرت كۆكسىگە
قەھرىڭنى شەمشەردەك قاداشلىرىڭدىن.
مەن ئۈچۈن ئەتىۋا روھى ئوزۇق ئۇ،
ئاي، كۈندەك تۇتۇلماس، دائىم يورۇق ئۇ.

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
ئوخشىغان پەرزەنتىنىڭ غېمى ـ ھەسرىتى.
دەيمەن قىز ـ ئوغلۇمغا مەڭگۈ تۇت ئەستە
تۈگىمەس بەختىڭدۇر ئانا شەپقىتى!
ئانىلىق شەربىتىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭگە ـ
ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!



# ھاجى ئەخمەت

ھاجى ئەخمەت 1942 - يىلى قەشقەر شەھرىگە تەۋە كۆكئېرىق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1958 - يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى.

ئۇ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىر ۋە نەسرى ئەسەرلەرنى يازدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇنىڭ «ۋىسال ئارزۇسى»، «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» شېئىر توپلاملىرى بىلەن «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، «دېڭىز ئۈنچىلىرى» قاتارلىق ئىلمىي -

نەزىرىيىۋى كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپ لاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۇنىڭ «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى (بالىلار ئۈچۈن)» «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن) قاتارلىق كىتابلىرى بې لىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا «نوزۇگۇم»، «سەلەي چاققان» قا تارلىق تارىخى دىراممىلىرى سەھنىلەشتۈرۈلدى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭ گو خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى نىڭ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# نوزۇگۇم

(باللادا)

## 1

دۇلدۇلدا ئۇچقۇر خىيالىمنىڭ،
كەزىپ چىقتىم يىراق شەھەرنى.
ئىلى دەريا قىرغاقلىرىدا،
قارشى ئالدىم قۇتلۇق سەھەرنى.

جىلغۇسى بار كۆلگۈن شەپەقنىڭ،
زۇمرەت سۈنىڭ دولقۇن مەۋجىدە.
ئەسىرلەرنىڭ تارىخى ئايان،
كۆيلىرىنىڭ ياڭراق ئەۋجىدە.

مەسۇم قىزدەك كۆلگەن تەبىئەت،
يۈزلىرىنى يۇيۇپ زىيادا.
بىر تۇپ يۇلغۇن تۇرار قەد كىرىپ،
تىك قىرغاقتا ـ ئىگىز قىيادا.

ئۆسكەن مەزمۇت، نازۇك غوللىرى
ئانا يەرگە يايغاچقا تومۇر.
شاخلار بەرگى تولغان چېچەككە،
تۇرقى شۇنچە گۈزەل ۋە مەغرۇر.

بولۇپ زەخمەك قايناق بىر سەزىم،
چېكىپ ئۆتتى شۇندا يۈرەكنى.
مەھلىيا بوپ چوغدەك ھۆسنىگە،
ئۈزۈپ ئالدىم بىر تال چېچەكنى.

ئاھ قولۇمغا چېچەك بەرگىدىن
قىپ-قىزىل قان ئاقتى تامچىلاپ.
بۇ قانداق ھال؟!
سىرلىق بىر سەزىم
ۋۇجۇدۇمنى ئۆتتى قامچىلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

تىترەپ كەتتى يۇلغۇن شاخلىرى،
تەۋرەنگەندەك سالقىن شامالدا.
بىر ئىلاھى جاندەك شىۋىرلاپ،
تىلغا كىردى نازۇك ئاھاڭدا:

2

يۇلغۇن ئەمەس، قىز مەن ئەسلىدە،
"نوزۇگۇم" دەر ئىسمى - ئاتىمنى.
يۇرتۇم قەشقەر،
تارىختا جاھان
"باتۇر" دەيدۇ نەسەپ - زاتىمنى.

يولچى يۇلتۇز ئىكەن ئەجدادىم،
مەرىپەتنىڭ نۇرى قويۇلغان.
كۈچ - قۇدرەتتە يەتتە ئىقلىمغا
غالىپ سۇلتان بولۇپ تونۇلغان.

مەن تۇغۇلسام شەمشەر ۋە قىلىچ،
مىراس ئىكەن بوۋامدىن بىزگە.
(ئۆزگە بىسات يوقكەن ئۇنىڭدىن،
ئۆيىمىزدە يېقىنراق كۆزگە...)

بولۇپ قالدى شۇ ئىزىز مىراس،
ئېسىل بايلىق بىز ئۈچۈن غايەت.
ئۇزۇن تۈنلەر كەچمىش تارىختىن،
سۆزلەر ئىدى ئاتام ھىكايەت.

ئەجدادىمىز قىلىچ ئوينىتىپ،
ياۋغا قارشى كۆكسىنى كەرگەن.
غازات ئەيلەپ ئوت يۈرەك مەرتلەر،
ھۆرلۈك ئۈچۈن جەڭدە جان بەرگەن.

ئۆز يۇرتىنى ساقلىغان ئۇلار،
ۋەھشى ياۋدىن تىغ - تەبەر بىلەن.
قوغداپ ھۆرلۈك ئىستىقادىنى،
ئۆمۈر سۈرگەن شان - زەپەر بىلەن.

ياۋغا قارشى ئىسيان كۆتەردۇق،
مەرت بوۋايلار ئاچقان ئىز بىلەن.
ئاغدۇرماققا قۇللۇق تەختىنى،
جەڭگە كىردى ئەل - يۇرت بىز بىلەن.

ماڭدۇق ھۆرلۈك ئۈچۈن ھۇل سېلىپ،
قىساسكارلار قان كېچىپ ئالغا.
ئۇلۇغ ئەلنىڭ قۇدرەت كۈچىنى،
راست تونۇتتۇق قان ئىچەر ياۋغا!...

3

بىراق، قۇتراپ ۋەھشى قارا كۈچ،
سېپىمىزنى پاتۇردى قانغا.
قانچىمىزنى ئەيلىدى تۇتقۇن،
ۋە كىشەنلەپ سالدى زىندانغا.

قانچە تەننى توغراپ چادىردا،
قانچىمىزنى ئېسىشتى دارغا.
(نادامەتتە كۆز يۇمدى ئۇلار،
يېتەلمەستىن پەسلى باھارغا).

قانچىمىزنى سۈرگۈنگە ھەيدەپ،
دەردۇ ـ ھىجران ـ ئوتقا تاشلىدى.
قەۋمى يۇرتۇم، ئاتا ۋە ئانام،
جۇدالىقتىن كۆزنى ياشلىدى.

ۋادەرىخا!... ئىكەن جۇدالىق
مەھكۇملارغا تەقدىر ئىرادە ...
تۈنلىرى دەشت ـ چۆللەردە تۈنەپ،
يوللار باستۇق ئايلاپ پىيادە.

قانچە مۇردا قالدى كۆمۈلمەي،
تاش تۇپراققا ئىز سالدى قېنى.
ئاھ...! سېتىلدىم قالماق بېيىغا،
"چوڭ يۇلتۇز"غا كەلتۈردى مېنى.

ياۋغا مەھكۇم بولۇپ ياشىشنى،
ئار، ۋىجدانىم كۆرمىدى راۋا.
چاك ـ چاك بولدى قەھرىمدىن يۈرەك،
تاپالماستىن دەردىمگە داۋا.

ماڭا دۈشمەن بولۇپ چىرايىم.
نىچا تىلەقنىڭ يۇلتۇزى ئۆچتى.
چۈنكى، ۋەھشى قالماقنىڭ بېيى،
مېنى ئالماق قەستىگە چۈشتى.

دىل-رايىمنى تارتماقچى بولۇپ،
ئايىغىدا تۆكتى يەپەك، زەر.
مېنى زورلاپ قول ئۇزاتقان كۈن،
يۈرىكىگە سانجىدىم خەنجەر.

شۇم غەرەزگە قوشۇلۇپ زالىم،
سەپەر قىلادى بىللە دوزاققا.
مۈكۈپ تۈننىڭ پەردىسى ئىچرە،
باشىنى ئېلىپ كەتتىم يىراققا.

ھۆرلۈك ئىشقى يېنىپ يۈرەكتە،
قۇتۇلماققا ئىزلەپ چارىنى؛
ماكان قىلدىم ھەپتىلەر، ئايلار،
قومۇشلۇقنى، تاغنىڭ غارىنى.

قىران بۈركۈت، ئىسپار كىيىمگى.
ئېرىپلىقتا بولدى ھەمرايىم.
تولدى ھىسقا شائىران قەلبىم،
كۈيدىن ئۈنچە تۆكتى ئىلھامىم:

قۇمۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
يالغۇز باشقا مۈك چۈشتى.
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى،
سۇلان چىرىكلىرى چىقتى.

قومۇشلارغا ئوت قويماي،
مەن نۇزۇكنى تاپالماس.
مەن نوزۇكنى تاپقاندا،
تىرىك قولغا ئالالماس.

4

بىراق دۈشمەن ئەيلىدى تۇتقۇن،
مېنى باغلاپ سالدى زىندانغا.
ئەجەل قۇتراپ، قانلىق نەشتىرىن
سالماق بولدى بۇ ئېزىز جانغا.

ئەل - يۇرتۇمنىڭ سۆيگۈسى - مېھرى
قانات بولدى ئۆي - خىيالىمغا.
قېرىپ قالغان ئاتا ۋە ئانام،
ئاخىرقى رەت چۈشتى يادىمغا.

ئوتلۇق سۆيگۈ ھارارىتىدىن،
چەكسىز خوشلۇق تولدى كۆڭلۈمگە..
ياۋ ئالدىدا تىك تۇتۇپ باشنى،
شىردەك دادىل باردىم ئۆلۈمگە.

قىلىچ ئۇردى بويىنۇمغا جاللات،
تىترەپ دىر ـ دىر، چۈمۈلۈپ تەرگە؛
مەندىن بۇرۇن ئۆزى يىقىلدى،
چۈشتى قولىدىن قىلىچى يەرگە.

ئىنتىلگەن ئۇ كېسىلگەن باشتىن،
قان شورايمەن دېگەن تامادا.
ئۆلدى قورقۇپ، چۈنكى روھىمنى
يەردە ئەمەس، كۆرۈپ سامادا...

ساھىلىدىن گۈزەل دەريانىڭ
تېپىپ يەرلىك، مىڭ رەت سۆيۈندۈم.
ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ دۇئاسى بىلەن،
يۇلغۇن بولۇپ شۇ يەردە ئۈندۈم.

شۇڭا مۇدھىش تەتۈر قويۇنلار،
سۇندۇرالماس مەغرۇر قەددىمنى.
تەلۋە قىشنىڭ سۇرى ـ ھەيۋىسى،
خار قىلالماس نامۇ .. قەدرىمنى.

مەن ياشايمەن مەڭگۈ چېچەكلەپ،
باتۇر خەلقىم ئۆمرىدەك تاكى.
مەن ياشايمەن مىليون ئەسىرلەر،
ھەقىقەتتەك ئالەمگە باقى.

مەن ياشايمەن ئانا تۇپراقنىڭ،
خازان بولماس بىر گۈلى بولۇپ.
باتۇر ئەۋلات ئۈچۈن ھۆر لۆككە
ئىنتىلىشنىڭ سىمۋۇلى بولۇپ!...

× ×

ۋۇجۇدۇمدا قاينار بىر سىزىم،
تاغ سۆيمەك ئاقتى جۇش ئۇرۇپ.
لەۋلىرىمدىن ئۇچتى خىتاۋىم،
چەكسىز ئىلھام، قۇدرەتكە تولۇپ:

مەندە ھەرگىز قالمىغاي ئارمان،
ۋەتەن، خەلقىم يولىدا ئۆلسەم.
كىندىك قېنىم سىڭگەن دىيارنىڭ
تۇپرىغىدا يۇلغۇن بوپ ئۈنسەم.

قەشقەر، ماپرىل-مارت، يىل - 1981

## تۈمەن دەرياسى

تۈمەن دەرياسى، تارىختا ئىزنىڭ بار شانۇ ـ شەۋكەتلىك
ماڭا ئابى ھايات بەرگەن ئانامسەن، مېھرى ـ شەپقەتلىك
ئاقارسەن باغرىدا يۇرتنىڭ مىسالى قان تومۇر ئوخشاش،
پىداكارسەن، قەدىم چاغدىنلا ئۆز نەسلىڭگە ھىممەتلىك.
ئېقىل تاپتى ئىچىپ شەرۋەت سۆيۈكنى قانچە مەردانلار،
ئۇزۇكنىڭ قەلبىگە سىڭدى ئۇلۇغ ئارزۇ بىلەن مەرتلىك

نىزارى، خىرقىتى، گۇمنام ... كۈيىگە جۆر بولۇپ ئاقتىڭ،
توقۇپ كۈي ـ قىسسە تارىختىن ئەجەپ نادىر ۋە سەنئەتلىك.
راۋاپنىڭ ماھىرى تاشۋاي بويۇڭنى سەيلىگاھ قىلدى،
جاھالەت كۆكسىگە خەنجەر ئۇرۇپ مەردانە، جۈرئەتلىك.
غازات قىلغاندا ھۆرلۈك دەپ تۈمەنىڭ ئوت يۈرەك مەرتلەر،
قوشۇلدۇڭ سەنمۇ ئىسيانغا، تولۇپ شاۋقۇنغا ھەيۋەتلىك.
جاھالەتنىڭ تىغى مىڭلاپ گۇناھسىز باشنى كەسكەندە،
قىزىل قانغا تولۇپ ئاقتىڭ، مۇسىبەت ئىلكىدە دەرتلىك.
قۇرۇتماقچى بولۇپ زۇمرەت سۈيۈڭنى يۈتتى ئەجدارھا،
بېشىڭغا سالدى شۇم قىسمەت كەچۈرمىشلەرنى كۈلپەتلىك.
لېكىن، بوي بەرمىدىڭ لاتقا بىلەن سۈرلۈك قورام تاشقا،
داۋام ئاقتىڭ كېچە ـ كۈندۈز سۈرۈپ توسقۇننى شىددەتلىك.
ئۆتۈپ يىللار ... باھار قۇچتى بويۇڭنى، گۈل ـ چېچەك ياشناپ،
تولۇپ ساھىللىرىڭگە مول ھوسۇل خامانى بەركەتلىك.
پەزىلەت بابىدا مەڭگۈ ماڭا ئەڭ ياخشى ئۆرنەكتۇر
تىنىم تاپماي ئېقىش روھىڭ، سۈيۈملۈك ھەمدە قىممەتلىك.

1984-يىل، مارت.

## قەشقەر قىزى

چىن گۈزەللىك سەرخىلى سەن، گۈلئۇزار قەشقەر قىزى،
خوپ كېلىشكەن قامىتىڭ سەرۋى ـ چىنار، قەشقەر قىزى،
چاچلىرىڭ سۇمبۇل، بويۇڭ مۇشكى ـ ئىپار، قەشقەر قىزى،
سۆزلىسەڭ شېرىن لېۋىڭدىن بال تامار، قەشقەر قىزى،
گۈل-چىمەننىڭ بۇلبۇلى ناخشاڭغا زار، قەشقەر قىزى.

بۇ تىلىم لال ... تەرىپىڭ ئىزھار ئېتەي قاي سۆز بىلەن ،
تەڭ بولارمۇ ئايغا چېھرىڭ ، كۆزلىرىڭ يۇلتۇز بىلەن ،
رەڭ تالاشقان قاشلىرىڭنىڭ قارىسى قۇندۇز بىلەن ،
قانمىغاي ۋەسلىڭگە دىل باققاندىمۇ مىڭ كۆز بىلەن ،
جىلۋە ئەيلەيدۇ جامالىڭدا باھار ، قەشقەر قىزى .

ئىلمۇ - پەن ئىشقىدا كۆيگەن جانىڭدا - پەرۋانىسەن،
مۇترىبە ھەم نەفىسىدەك شېئىرىيەت چولپانىسەن ،
نوزۇگۇمدەك ئەلنى سۆيگەن قەھرىمان ، مەردانىسەن ،
خان تۇمارىستەك شىجائەت بابىدا پەلۋانىسەن ،
خىسلىتىڭدىن ئەيلىدىم چىن ئىپتىخار، قەشقەر قىزى .

باغلىرىڭ جەننەتكە ئوخشار ، باغۋەنى سەن شاھ سەنەم ،
جىلۋە ئەيلەر مېھنىتىڭدىن شايى ، خان ئەتلەس ، گىلەم ،
ياخشى خۇلق ، ئىنسانى خىسلەتنىڭ تامامى سەندە جەم ،
ئەل ئامان ، ئالتۇن بېشىڭ ھېچ كۆرمىگەي دەردۇ - ئەلەم ،
ئەل دۇئاسى سەن ئۈچۈن بولغاي تۇمار ، قەشقەر قىزى .

تارتتى مېھرىمنى بادام دوپپاڭ بىلەن كەشتە گۈلۈڭ ،
سەنئىتىڭ تاپسۇن كامال ، دەرت كۆرمىسۇن ئىشچان قولۇڭ ،
چال مۇقامىڭنى ئەبەتكە ياڭرىسۇن ساز - مەرغۇلۇڭ ،
پۈركىسۇن گۈلگە ۋەتەننى ھەر قەدەم باسقان يولۇڭ ،
شان - زەپەر بولسۇن ھامان ئۆمرۈڭگە يار ، قەشقەر قىزى .

1984-يىل، ئىيۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غەزىلىگە مۇخەممەس

ھەر پەسلىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىگى ، نۇقسانى بار ،
بولغۇسى ھەر كىمگە شاتلىق ياكى غەم ئەيىامى يار ،
بەزى چاغنىڭ قەدرى ئالتۇن ، بەزىسى بى ئېتىۋار ،
ياز كۈنى كۈندۈز قىزىق ، بولغاي ھاۋا ئىسسىقتا تار ،
ھەر كۈنى ئاخشامى كۆپ جان خالىغاي بى ئىختىيار .

خۇشپۇراق چايدىن تومۇردا مەي كەبى لەززەت ئېقىپ،
پىننە ، يالپۇزنىڭ ھىدى بار ئۇگرە ئاش دىلغا يېقىپ ،
ئاستا ـ ئاستا چارچىغان تەن ـ جىسمىدىن ھاردۇق چىقىپ،
تۈندە ھەركىم ئۆگزىسىدە تاغ شامالىغا بېقىپ ،
كەل جېنىمنىڭ راھىتى دەپ تەلمۈرەر بەك ئىنتىزار .

كۆككە باقسا كۆز تالار ، مەپتۇن كۆڭۈل قانماس بىراق ،
ئوينىشۇر كۆزنىڭ قاراغى بىرلە سانسىز نۇر چىراق ،
شۇ ئاسايىشلىقتا بىر پەس ئۇنتۇلار دەردۇ ـ پىراق ،
كۆك يۈزى ساپ ، ئاندا يوق داغ ، بارچە يۇلتۇزلار يىراق ،
شول يىراقتىن نۇر يېقىنلاشقانىغا ئوخشاش پاقىرار .

جىلۋە ئەيلەر كائىنات خۇددى نۇرەپشانلىق بىلەن،
گۈلگە ئېيتار ئىشقىنى بۇلبۇل غەزەلخانلىق بىلەن،
پارلىشىپتۇ ھەر تىرىك جان جۇپتى بىر جانلىق بىلەن،
ھەر كىشى بىر خۇش ھاۋا ئاستىدا خۇشاللىق بىلەن،
گەپلىشىپ يانىدا يولدىشى بىلەن كۆڭلىن ئاچار .

ئۆلپىتىڭ ناخۇش لېكىن ... ئەي ساقىيا بەرگىن شاراپ،
ۋەسلى جانان ئىشقىدا مەجنۇن سۈپەت ھالى خاراپ،
جانىجان ئەل قايغۇسى بىرلە يۈرەك - باغرى كاۋاپ،
بۇ غېرىپ شائىر ياتار يالغۇز ئۆزى كۆككە قاراپ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، بەردە پەقەت شائىر يانار.
1982-يىل.

## يۈرەك مۇڭلىرى

1

ئايادوستلار، جۇدالىقتا ئەسىر بولدۇم، نېتەي ئەمدى؟
سايا باشىم ئېلىپ مەجنۇن كەبى چۆلگە كېتەي ئەمدى.
بالا كەلگەندە باشىمغا، سېلىندى ئوغا ئاشىمغا،
دەرىغا! ... قالمىش ئۆمرۈمدە ياشاپ تەنھا ئۆتەي ئەمدى.
نىگار يۈز ئۆردى مەندىن، كۆرۈپ ھالىمنى تۇتقۇندا،
دىمەسمەن «ئىشق شارابىدىن يەنە قەترە يۇتەي» ئەمدى.
كۆرۈپتۇرمەن ساداقەتكە خىيانەت يارۇ -دوستلاردىن،
ئۇلارنىڭ لەۋزىگە قايتا يەنە قانداغ پۈتەي ئەمدى؟
يىراق كۆڭلۈم ئەزەلدىنلا ساخاۋەتنىڭ تاماسىدىن،
پىشانەم شور ئىكەن، كىمدىن ئۈمىت، ئىھسان كۈتەي ئەمدى؟
يۈرەك ناخشام بىلەن ئىزھار قىلىپ قەلبىم ساداسىنى،
ئەلەم - ھەسرەتنى تەرك ئەيلەپ، كوڭۇلنى شات ئېتەي ئەمدى.
ئۈمىتۋار تەلپۈنۈپ ھەر چاغ گۈزەل، نۇرانە ئىقبالىغا،
كۈرەش بىرلە ئۈمىت - ئارمان ۋىسالىغا يېتەي ئەمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2

ۋادىرىخ ... مەشئۇم پەلەك جانانىنى مەندىن ئايرىدى،
كۆيدۈرۈپ قۇت جەۋھىرىنى، جاننى تەندىن ئايرىدى.
مەن ئۈچۈن جان ھەمدە جانان، ئەقلۇ كان ئەردى كىتاپ،
ئىشقىۋار بۇلبۇلنى قۇزغۇن گۈل - چىمەندىن ئايرىدى.
سىر دىشا تتىم كۈنلۈ - تۈن ئۇ ھىكمىتى دانىش بىلەن،
تەلۋە شۇملار سۆھبىتى شېرىن سۇخەندىن ئايرىدى.
مەن ئۈچۈن ھەر بىر قۇرى ئەردى ئۈنىلىك روھى ئوزۇق،
جامۇ رىزقىمنى زەھەرلەپ، بالۇ - قەندىن ئايرىدى.
كەتمىگەيمۇ ئەمدى كەۋسەر ئىچمىسە ئەقلىم قۇرۇپ؟
زار بىلىقنى قىسمىتى ئابى تۈمەندىن ئايرىدى...

1970 - يىل، ئاپرېل.

## ھايات توغرۇلۇق ئويلار

تۇرۇپ قالدىم خىيالچان،
يىراقلارغا كۆز تىكىپ،
شاۋقۇن سېلىپ شوخ ئېقىن،
دولقۇن ئاتار قىرغاققا.
ھەيران بولۇپ قارايمەن،
سۇ بېتىدە چايقىلىپ،
دولقۇن بىلەن ئوينۇشۇپ،
ئۈزۈپ يۈرگەن قولۋاققا.

ئۇچۇپ كەتتى قۇش كەبى،
قانا تلىنىپ خىيالىم،
شۇ پايانسىز ئېقىننى
ئوخشاتتىم مەن ھاياتقا.
قاينام ئارا ئۈزمەكتە،
مېنىڭ ئۆمۈر قولۇبغىم،
نامەلۇم ھىلى،
دولقۇن
تاشلار ئۇنى قاياقا؟...

1960 - يىل، ئۇرۇمچى.

## ئۇچراشقاندا

ياغار پولات، قورغۇشۇن... باش ئۇستىگە مۆلدۈردەك،
قالغانىمدۇ ھاياتىمنىڭ نىشانى بۇ دەرگاھتا؟!...
يوروق تاڭغا ئاغدى تۈن، تارقاپ قويۇپ ئىس - تۈتەك،
كۆمبۈرلىگەن توپلارنىڭ ئەۋجى تىندى جەڭگاھتا...

غالىپ جەڭچى، مەرت يىگىت قايتتى شوكۈن ئۆيىگە،
شانلىق يېڭىش ئەۋجىدىن جاراڭلىتىپ كۈي - غەزەل.
مارجان بولاق بويىغا يېقىنلىشىپ كۆردى ئاھ!...
تۇرار ئىدى ئالدىدا پەرىزاتتەك بىر گۈزەل.

بىر گۈزەلكى، تولۇن ئاي خېجىل ئۇنىڭ ھۆسنىدىن،
شەھلا كۆزى جان تىلەر، سول مەڭزىدە قاراخال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇزۇك سۆمبات ئالدىدا بەستى شىردەك ئەزىمەت،
باش ئەگدى ـ يۇ، ياپراقتەك تىترەپ كەتتى، ئەجەپ ھال!...

ئامان چىقىپ قانچەرەت پەنجىسىدىن ئەجەلنىڭ،
قانلار كېچىپ يۈرگەن ئۇ، دەھشەت سېلىپ دۈشمەنگە.
ئەر ـ يىگىتكە مۇناسىپ «قەھرىمان» دەپ نام ئالغان،
شانۇ ـ شەرەپ كەلتۈرۈپ ئانا ۋەتەن ـ گۈلشەنگە.

چۈشەندىمكى، باتۇرنىڭ كۈچ ـ جاسارەت مەنبىئى،
ئۆز يارىغا ئەقىدە، ياۋغا نەپرەت ـ ئۆچمەندۇر.
دوستلار، ئۇنى گۈزەلنىڭ قارشىسىدا تىترەتكەن،
چىن مۇھەببەت ـ سۆيگۈنىڭ ئۇلۇغ قۇدرەت ـ كۈچمەندۇر.

1976 ـ يىل، قەشقەر.

## تۆمۈرنىڭ زارى

( مەسەل )

بەرمەي ئارام ئۇستىكارغا كۈندۈز ۋە تۈنى،
قىلدى بىزار جاراڭلىغان تۆمۈرنىڭ ئۈنى.
شۇڭا بىر كۈن ئۇ تۆمۈرگە تاشلىدى سوئال:
— ئەي بۇرادەر قىلما بۇنداق جىنىمغا ئۇۋال!
سەۋەپ نىمە، زارلىمايسەن كۆيدۈرسە يالقۇن،
ئوتتىن چىقىپ جاراڭ ـ جۇرۇڭ سالىسەن شاۋقۇن؟...

تۆمۈرچىگە تۆمۈر بۇنداق ئەيلىدى جاۋاپ:
ــ ئوتتا كۆيۈپ، مەيلى باغرىم بولسىمۇ كاۋاپ.
مەيلى، قانچە قاتتىق زەربە ئەزسە جىسمىمنى،
قىلمىغايمەن پەسەنت، تاغدەك ئېغىر بېسىمىنى!
مىڭ ئەپسۇسكى بازغان، سەندەل ئارىسىدامەن،
تولغىنىمەن ئاچچىق ئەلەم يارىسىدا مەن.
ئەسلى زاتىم ئۇلار بىلەن بولغاچ جىنسىداش،
بىرەلمىدىم ھەرگىز ئۇنىڭ زەربىگە چىداش.
جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلىپ شۇڭا سالىمەن ۋاي ـ دات،
زارلاپ شورلۇق قىسمىتىمدىن چېكىمەن پەريات.

1984 ـ يىل

## توخۇ بىلەن بۈركۈت

( مەسەل )

قېقىپ تالماس قاناتلىرىنى،
پەرۋاز قىلدى بۈركۈت سامادا.
توخۇ ئۇندىن ئۆزەلمىدى كۆز،
مەنمۇ ئۇچسام دىگەن تامادا.

" نەرى ئارتۇق مەندىن بۈركۈتنىڭ؟
ئۇ دىگەن تاز، مېنىڭ تاجىم بار.
سېمىز لىكتىن قىلمايمەن ۋايىم،
نە قاناتقا ئېھتىياجىم بار... "

شۇ خىيالدىن مەس بولۇپ توخۇ،
باشقىدىنلا غەيرىتى ئاشتى.
باغ تېمىنىڭ شورىسى بىلەن،
ئىگىزلىككە قاراپ ياماشتى.

سېپىل يەگىلىغ تامنىڭ ئۈستىگە،
بىر ئامالالاپ چىققان چېغىدا؛
ئۇ ئۆزىنى سەزدى بۈركۈتتەك،
تۇرغان گويا تەگرى تېغىدا.

مەنمەنلىكى قويمىدى زادى،
قاراپ پەسكە قايسىمۇ بېشى.
قارار تاپتى كۆڭلىدە قەتئى،
ئۆزىنىڭ بۈركۈت بولۇپ ئۇچشى.

قانىتىنى كېرىپ ـ پالاقلاپ،
ئۇچقان ئىدى يۇمۇپ كۆزىنى؛
يەرگە چۈشتى نەچچە موللاقلاپ،
باشقۇرالماي زادى ئۆزىنى.

يېرىلغاندەك بولۇپ پوكىنى،
بىھوشلۇقتىن سۇسلىدى نەپەس...
بۈركۈت ئوخشاش ئىگىز ئۇچالماس،
توخۇ قانچە قىلسىمۇ ھەۋەس.

1984 - يىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىر تىرىك مۈردىنىڭ قەۋرە تېشىغا ئويۇلغان بېغىشلىمىلار

1

ئىشىك ماراپ ئۆتمەيدىغان تۈنۈك يوق،
ئادەم چاقماي ئۆتكەن بىرمۇ كۈنۈك يوق.
ئىنسانلىغىڭ كۆۋالىقتىن ئۆتەرمۇ،
بولغىنىدا قالپىغىڭ هەم تونۇڭ يوق؟

2

ئېيتقىن، يەنە كىمنى نەگە باشلىدىڭ؟
كىمنى پايلاپ، كىمنى ئوتقا تاشلىدىڭ؟
نابۇت ئەيلەپ قانچە يۈمران مايسىنى،
ئەي شۇمبۇيا، سەن قانچىلىك ياشنىدىڭ؟

3

ئويۇنىڭمۇ جاننى ئوتقا سالغىنىڭ؟
هوزۇرۇڭمۇ ئىت كۈنىگە قالغىنىڭ؟
" راستچىللىغىم " دېسەڭ ئادەم چېقىشنى،
جاللات بولۇپ باش كېسىشمۇ يالغىنىڭ؟

4

نەپسىڭنى دەپ قورۇق ئەمچەك ئەمسەن،
تۇققان ئاناڭ، ئۆز قەۋمىڭدىن تېنەرسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەتەڭلەردەك ھەل بەرسەڭمۇ يۈزۈڭگە،
سىرىكچىنىڭ مايمۇنىدەك چىنىپسەن.

5

سىغىنىدىڭمۇ كۆك گۈمبەزلىك مازارغا؟
كاسات مىلىنىڭ ئىگە بولدى بازارغا.
ياكى تەلىم ئالغانىمىدىڭ گوركاردىن،
تىرىكلەرنىڭ گورىنى سەن قازارغا؟

6

ئەركىڭنى ئۆزگىگە ئەيلىمىدىڭ قارام،
ئاقكۆڭۈل ئىنسانغا بەرمىدىڭ ئارام.
مال ئەمەس، جان بىلەن تىجارەت قىلىپ،
ئادەملىك ئۆمرۈڭنى ئەيلىدىڭ ھارام.

7

ئەماسەن، مۆلدۈرلەپ تۇرسىمۇ كۆزۈڭ،
لەۋزىڭ پۇچ، ئادەمگە ئوخشىماس سۆزۈڭ.
جىسمىڭ بار،
ۋىجدانىڭ، يۈرىگىڭ ئۆلگەن،
ھىسالى بىر تىرىك مۇردىسەن ئۆزۈڭ.

8

تىشىڭ قىزىل، بۇرادەر،
ئىچىڭ قارا قازاندەك.

قېنى كۆرگەن راھىتىڭ؟...
سولۇشۇپسەن غازاڭدەك.

9

چېقىمخورلۇق كەسپىڭ، باشقا ئىشىڭ يوق،
ئادەم غاجاپ ماكىلدا پسەن چىشىڭ يوق.
ئەمدى راستىن كاسساتلاشتى بازىرىڭ،
نەس مېلىڭغا بىر خىرىدار كىشىڭ يوق.

10

بۇ يازغىنىم لەۋھە بولسۇن بېشىڭغا،
ئويۇپ يازاي ئۇنى قەۋرە تېشىڭغا.
كېپەن بولسۇن ساڭا ئەلنىڭ نەپرىتى،
ئىبرەت ئالسۇن كەلسە كىمكى قېشىڭغا.

# سەپەر خاتىرىلىرى

## چىمپان

كىرپىك ئارا مۆكۈنگەندەك كۆزنىڭ قاراسى،
چىمپان ئاتلىق جەننەت ئىمكەن تاغنىڭ ئاراسى.

توسۇن تايدەك تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ شوخ ئېقىن،
نەرە تارتسا، گۈلدۈرلەيدۇ تاغلار داراسى.

ساھىل بويلاپ گۈزەل ۋادا سوزۇلۇپ ياتار،
ئىپار ئوخشاش خۇش پۇرايدۇ يۇرتىمنىڭ ھاۋاسى.

بۈك-باراقسان باغلىرى كۆپ، بېھىشتىن مىسال،
شېرىن ئالما، نەشپۈتى بار دەرتىمنىڭ داۋاسى.

تەبىئەتنىڭ تەڭدىشى يوق چىمەنزارى بۇ،
ياڭراپ تۇرار سەھەر-ئاخشام بۇلبۇل ناۋاسى.

1984 - يىل، 10 - نويابىر، قاغىلىق.

## ياڭاق

تۈرى كۆپ مېۋىنىڭ ئالەمدە،
ھەر بىرى ئۆزگىچە خىسلەتلىك.
ئەمما ياڭاق، قەلبىمدە ھەممىدىن
مەرتىۋەڭ ئۈستۈن ھەم قىممەتلىك.

چۈنكى بار شۇنداقمۇ مېۋىلەر،
سىرتى ساق، قارنى بوش-پۇچەكتۇر.
شاكالىغا مېغىزنى يوشۇرغان
خىسلىتىڭ مەن ئۈچۈن ئۆرنەكتۇر.

1984 - يىل، 11 - نويابىر، قاغىلىق.

## تەجەللى قەۋرىسى ئالدىدا

باش ئېگىپ قەۋرەڭگە ئەيلىدىم تازىم،
مەرىپەت يولتۇزى، ئەي ئۇلۇغ نازىم.

دۇنيادا يادلىدىم ئىزگۇ روھىڭنى،
تەجەللى ھەزرىتىم، پىرىم - ئۇستازىم.

بوۋايلار ئاغزىدىن قىسسەڭنى ئاڭلاپ،
ئاھ ئۇردۇم پىغاندا، تىترەپ ئاۋازىم.

خاتىرەڭ بېغىشلاپ ئىلھامدىن قانات،
يەتتە قات ئاسمانغا يەتتى پەرۋازىم.

بەرمەدەت ئوغلۇڭغا، كىرەملىك بوۋا،
جۇش ئۇرۇپ كۈيلىرىم، ياڭرىسۇن سازىم.

1984 - يىل 13 - نويابىر، قاغىلىق.

## كىمنى كۈتتۈڭ سۇ بويىدا؟

ئەي دىلرابا، چېچى سۇمبۇل،
قاشلىرى قۇندۇز.
تەۋرەتكەنمۇ بۇشىمگىنى
ئاي بىلەن يۇلتۇز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېچىلەردە ساڭا ئەللەي
ئېيتقانمۇ بۇلاق؟
خۇش، يېقىملىق تىل پۈتكەنمۇ
كۈمۈش قوڭغۇراق؟

سۇغارغانمۇ سۆزلىرىڭنى
شېرىن بال بىلەن؟
بەسلەشكەنمۇ زىلۋا بويۇڭ
مەجنۇن تال بىلەن؟

رەڭ بەرگەنمۇ شەپەق نۇرى
سۈزۈك يۈزۈڭگە؟
تەلمۈرگەنمۇ تاغدا ئاھۇ
ئويچان كۆزۈڭگە؟

تارتقانمۇ شوخ، نازلىق كۈلكەڭ
بۇلبۇلگوياغا؟
مېھرىڭ شىپا بەخش ئەتكەنمۇ
مېھرىگىياغا؟

بوينۇڭدىكى كۆزمۇنچاقمۇ،
ياكى تىل تۇمار؟
سۇ بويىدا كىمنى كۈتتۈڭ،
كۆزلىرى خۇمار؟...

1984 - يىل، 14 - نويابىر، قاغىلىق، پوسكام.

## سالام، يەكەن

يالقۇنلۇق مېھرىڭگە جېنىم پەرۋانە،
قەدىردان ئانامدەك مۇشپىق، غەمخانە،
نېمەتكە، ھېممەتكە باي ساھىپخانە،
زوقلاندىم ھۆسنىڭگە بولۇپ مەستانە،
ئەسسالام، ئەي يەكەن، قەدىم ئاستانە!

كەلدىم مەن باغرىڭغا سىڭىپ كىرەي دەپ،
ئىجادىم بېغىڭغا گۈللەر تېرەي دەپ،
ئەھلى يۇرت ـ قەۋمىڭگە سالام بېرەي دەپ،
يالقۇنلۇق ئارزۇلار قىلدى مەستانە،
ئەسسالام، ئەي يەكەن، قەدىم ئاستانە!

قوينۇڭدا كۆڭۈل بويى سەير ئېتىپ يۈردۈم،
شاھانە قەسىرلەر ئورنىنى كۆردۈم،
نەفىسە ئىزىنى كۆزۈمگە سۈردۈم،
شوخ ئىلھام پەرىسى قىلدى مەستانە،
ئەسسالام، ئەي يەكەن، قەدىم ئاستانە!

مەن سېنى كۆرمەككە زار ـ تەشنا ئىدىم،
ئارزۇغا قاندى دىل، تۇزۇڭنى يېدىم،
" زەللى ئۇستازىم، مەدەت بەر! " دېدىم،
كۆي قاتتىم ئىشقىڭدا بولۇپ مەستانە،
ئەسسالام، ئەي يەكەن، قەدىم ئاستانە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يول يۈردۈم، مول يۈردۈم، يەتمىدى ھاردۇق –
سۆزۈكنىڭ ئۆيىگە سالامغا باردۇق،
خېلىلى بىر كىتاپ ئەيلىدى تارتۇق،
بۇلبۇللار كۈيىدىن بولدۇم مەستانە،
ئەسسالام، ئەي يەكەن، قەدىم ئاستانە!

قەلەمكەش ئۆمەر ھەمنىمىتۇللاخان،
قۇرقەتنىڭ قەۋرىدە تۇرۇپ يانمۇ – يان،
مۇڭداشتۇق، دىللارنى چۇلغاپ ھاياجان،
شائىرنىڭ كۈيلىرى قىلدى مەستانە،
ئەسسالام، ئەي يەكەن، قەدىم ئاستانە!

كۆرگەندە ساناقسىز مازار–قەۋرىنى،
ئەسلىدىم شەۋكەتلىك ئالتۇن دەۋرىنى،
تارىخنىڭ ئويغۇتار نەۋرە – چەۋرىنى،
غۇرۇرۇڭ، شەھرىتىڭ قىلدى مەستانە،
ئەسسالام، ئەي يەكەن، قەدىم ئاستانە!

ئۇلۇغلار جاي تۇتۇپ ياتقاچ قېشىڭدا،
ھىلى ھەم سەلتەنەت تاجى بېشىڭدا،
كۆرۈندۈڭ نەۋقىران، باھار يېشىڭدا،
زوقلاندىم ھۆسنۈڭگە بولۇپ مەستانە،
ئەسسالام، ئەي يەكەن، قەدىم ئاستانە!

ئوبرازلىق جاي ئالدى كۆڭۈل تۆرۈمدىن،
پەرقىنى كۆرمىدىم ئانا ئۆيۈمدىن،
قالدۇردۇم يادىكار ساڭا كۆيۈمدىن،
ئايرىلىش پىراغىڭ قىلدى مەستانە،
ياخشى قال، ئەي يەكەن، قەدىم ئاستانە!

1984 - يىل، 16 - نويابىر. يەكەن.



# ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

ئابدۇرېھىم ئىسمايىل 1940 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە بىر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. هازىر يېڭىسار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1957 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە بېسىلغان «كەتمىنىمنى بەر قولۇمغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئىجادىي

ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر، داستان، باللادا ۋە مەسەللەرنى يازدى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىندى

شائىرنىڭ «چىمەنزار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى 1982 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇندىن كېيىن ئۇ شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى بىلەن باللار ئۈچۈن يازغان نەسرى مەسەللەر توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## سېنى سۆيمەك مېنىڭ بەختىم

گۈزەل ئالتۇن دىيارىم، سەن ئۈچۈن جانىم پىدا بولسۇن.
قەلبىم ئىخلاس بىلەن خىزمەتلىرىڭ، ئۆمرۈم ئادا بولسۇن.

ماڭا سەندەك سۆيۈملۈك ئەل تېپىلماس ئۇشبۇ ئالەمدە،
مۇقەددەس ھەر سىقىم خاكىڭ كۆزۈمگە تۇتىيا بولسۇن.

ھىماۋلايەن سېنىڭ بىرلە ئۆزۈمنى بەختىيار بەكمۇ،
بۇنىڭدىن غەيرى بەخت-دۆلەت مېنىڭچۈن ناراۋا بولسۇن.

تېگىشمەيمەن پەرىدۇن تەختىگە پۇخرالىقىمنى ھېچ،
بۇنى يالغان دىگەن بولسام جېنىمدىن مىڭ جازا بولسۇن!

گۈزەل باغرىڭ كۆكۈل ياپراپدىغان راھەت ماكانىمدۇر،
ئۆزۈڭ جەننەت تۇرۇپ، جەننەت سېغىنسام زور گۇنا بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېنىڭ قوينىڭدا ئۆسكەن بىر شىۋاقىمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئۈز،
ئۇنى كۆلدىن تۆۋەن كۆرسەم كۆزلۈم كور - نابىنا بولسۇن.

تەڭ ئەتمەيمەن گويا ئات كاللىسىدەك زەرگە چالماڭنى،
سۆيگۈمنىڭ ساندۇغىدا ھەرنە زەررەڭ بىباھا بولسۇن.

ھاۋايىڭدىن كېلۈر بۇيى مىسالى مۇشكى ئەنبەرنىڭ،
سۈيۈك ئالدىدا كەۋسەرنى لەزىز كۆرسەم، خاتا بولسۇن.

تاپارمەن رۇستەمى داستان كۈچىنى بۇردا نانىڭدىن،
يىسەم ئاددى غوراڭنى، ئۇ ماڭا ئالى غىزا بولسۇن.

خۇشالمەن، ئىپتىخارلىقمەن ساڭا پەرزەند بولغانغا،
جۇدا بولسام مىنۇت سەندىن چىرايىم كەھرىۋا بولسۇن.

ئىرور قوينىڭدا ئۆتكەن ھەر كۈنۈمنىڭ ۋەزنى مىڭ يىلدەك،
دىلىمدا خوشلىقىم چەكسىزلىگى خۇددى ساما بولسۇن.

ساڭا مىڭ كۆز تىپىپ باقسامۇ تويمايمەن يەنە ھەرگىز،
كىمكى مېھرىسىز باقسا يۈزۈڭگە، بىھايا بولسۇن.

پۈتۈن ئىشقىمنى، ئەقلىمنى پەقەتلا سەن ئۈچۈن بەردىم!
زابانىمدا ئۇلۇغ نامىڭ داۋام ھەمدۇ-سانا بولسۇن.

ياشاي سەنچۈن، ئۆلەي سەنچۈن، بولۇپ ئەمرىڭگە پەرۋانە
كى ھەر ئىش مەشغۇلاتىدا ساڭا تۇتقان ۋاپا بولسۇن.

تۆكەي ئەجرىمنى-تەرىمنى كويۇڭدا قەھرىمانلارچە،
ياراتقان كەشپىيات-تۆھپەم راۋاجىڭغا ئاتا بولسۇن.

رىزا بولساڭ مېنىڭدىن چىن، يۈرەكتە ئارمىنىم قالماس،
مەگەر ياتسام مۇ گوردا ئۆلگىنىم تەھقىقكى جا بولسۇن.

سېنى كۈيلەپ كېچە-كۈندۈز ئاجايىپ زەۋقۇ-شەۋق بىرلەن
يېقىملىق، خۇشناۋا ئەيلەي، تامام بولبۇلگويا بولسۇن!

1982-يىل، يېڭىسا

## ۋەتەننى سۆيسە كىم دىلدىن...

كىمكى بولسا قەلبىدە ۋەتەنگە چىن مۇھەببەتلىك،
ئۇنىڭدەك ياخشى ئىنسان يوق، ئۆتەر ئۇ مەڭگۈ ھۆرمەتلىك.

قاراڭ، مەھمۇت، يۈسۈپ، لۇتپى، نىزارى، نازۇگۇم...لارغا
ئۇلەرنىڭ نامى مىللەتتە، جاھاندا شۇنچە شۆھرەتلىك.

مۈلۈك-مال، زەر بىلەن ئادەم غېنى، بەختلىك ھېساپلانماس،
ۋەتەننىڭ قەدرىنى بىلگەن ئېرۇر چىن باي، سائادەتلىك.

ۋەتەنپەرۋەر كىشى بولماس زەلىل، مۆھتاج ھېچيەردە،
مالامەت چەكسىمۇ پەخرى بىرەر كۆڭلىگە خۇرسەنتلىك.

ۋەتەن مېھرىگە ھېچقانداق گۈزەل يار مېھرى يەتمەيدۇ،
ۋەتەن سۆيگەن يۈرەك دائىم بولۇر كۈندەك ھارارەتلىك.

باھادىرلىق، ئىجاتچانلىق ۋەتەننىڭ ئىشقىدىن كەلگەي،
ۋەتەننى سۆيگۈچى ئىنسان بولۇر ھەر ئىشتا قۇدرەتلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەتەنگە كۆيمىگەننىڭ بولغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى،
ياشاشتىن مۇددىئا، مەنئا ـ ۋەتەنگە چىن ساداقەتلىك.

ۋەتەن مەنپەئەتى مىزاندۇر كىشى قەدرىنى ئۆلچەشتە،
بۇنى ئەستىن چىقارسا كىم بولۇر ئاخىر خىجالەتلىك.

ۋەتەن ئالدىدا ئەي ئابدۇرېھىم بۇرچۇڭ ئادا قىلغىل،
بولۇپ قالماي ياراتقان ئاز نەتىجەڭدىن قانائەتلىك.

1980- يىل، يېڭسار.

## خەلقىم

(ھاجى ئەخمەتنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ئېزىز نامىڭنى ئالەمدىن تىلىمىزدا ھەر قاچان، خەلقىم،
بولۇر جىسمىم دېڭىز يەڭلىغ سويۇنچكە جاي-ماكان، خەلقىم،
تېپىلماس ئاشىناھەرگىز سېنىڭدەك مېھرىۋان، خەلقىم،
غورۇرۇم، ئىپتىخارىمسەن سۆيۈملۈك، جانىجان خەلقىم،
يېگىلمەس كۈچ ـ مادارىمسەن ئۆمۈرلۈك قەھرىمان خەلقىم.

ئەزەلدىن زەپ ئۇلۇغ خەلقسەن جاھاننىڭ كۆڭلىگە ياققان،
نادانلىق پەردىسىن يىرتىپ ئىلىم-ئىرپانغا يول ئاچقان،
ھۈنەر-سەنئەت، ئىجادىڭدىن پۈتۈن ئىنسانغا دۇر چاچقان،
ئېقىل ئاسمانىدا يۇلتۇز بولۇپ ئالەمگە نۇر چاچقان،
ئىجادى تۆھپىسى مەشھۇر، بىلىم-ھېكمەتكە كان خەلقىم!

ئۈزۈلمەي چىقتى دانىشمەن، ئەدىپ، ئالىملا سەندىن جىق،
ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسى شۇنچە كۆپ، داڭلىق،
جاھان ئالدىدا بۇ بىرلە پەخىرلەنسەڭ بولۇر ھەقلىق،
ياراتتىڭ قەھرىمانلىق، ساپ پەزىلەتتىن گۈزەل تارىخ،
بېشىڭدا شان - شەرەپ تاجى، ساڭا قايىل جاھان خەلقىم.

ۋەتەن ئىشقىدا بۇرچۇڭنى چىقارماي زادىلا ئەستىن،
داۋام جان كۆيدۈرۈپ ئۆتتۈڭ ۋاپاسىزلىقنى بىلمەستىن،
تۆكۈلدى قان - تېرىڭ ۋە قوغداپ كەلدىڭ ھۇجۇم قەستتىن،
بوران-چاپقۇندا قارغايدەك كۆتەردىڭ قەد ئېگىلمەستىن،
بېسىپ كەلگەندىمۇ ئاپەت ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىم.

جەسۇرلۇق بابىدا شۆھرەت تېپىپ قالتىس بۈيۈك نامىڭ،
جاھاننى سالدى زىلزىلىگە ئۇزاق تارىخى دەۋرانىڭ،
ئىرادەڭنى ئايان قىلدى ئالىپ ئارتۇڭا خاقانىڭ،
ساڭا باش ئەگدى ئىسكەندەر، بىلى ئۈشتالدى دارانىڭ،
جەسۇر، قۇدرەتتە تەڭداشسىز، كۈرەشتە پەلىۋان خەلقىم.

ئەجەپ ئىشچان خەلقسەنكى بولۇر باغ چۆلگە تەر تۆكسەڭ،
ئەجەپ باتۇر خەلقسەنكى ئۆلۈر ياۋ تىغ تۇتۇپ ئۆتسەڭ،
ئەجەپ ھەققانى پاكسەنكى، ساڭا ياتتۇر ھەسەت، نەيرەڭ،
بولۇپ تىمسالى مەرتلىكنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنە، ئۈلگەڭ،
ئۆتۈپ كەلدى نەسىللەرگە زامانلەردىن-زامان، خەلقىم.

لېكىن سەن كۆرمىدىڭ خوۋلۇق ئۆزەڭنىڭ نامىغا لايىق،
پەلەك تەتۈرگە چۆرگەلگەچ ساڭا يۈزلەندى كۆپ خارلىق،

بولۇپ كەلدى رەقىبلەرگە جىمى تاپقانلىرىنىڭ تالىق،
بېسىپ ئۆتتى ئەسىرلەرنى ئېشىر چامداپ قېرى تارىخ،
تېخى ياشلىق باھارىڭدا تۇرار سەن نەۋقىران خەلقىم.

بېشىڭدىن ئۆتتى كۆپ ئىسسىق-سوغاق، ئاندىن ساۋاق ئالدىڭ،
كۆيۈپ ئەرك دىلبىرىنىڭ ئىشقىدا ئاتەشكە ئايلاندىڭ،
ۋىسال گۈلزارىنى كۆزلەپ مۇشەققەت دەشتىدە ماڭدىڭ،
كۈرەش-مېھنەت بىلەن ئالتۇن قەسىرنىڭ ھۇلىنى سالدىڭ،
گۈزەل ئىقبال، شەرەپ، غەلبە ساڭا مەنسۇپ ھامان، خەلقىم.

بولۇپ زىچ ئىتتىپاق ھەردەم ئۇيۇشقاق خىسلىتىڭ ساقلاپ،
زامان كارۋانلىرى بىرلە تەرەققىغا قەدەم تاشلاپ،
بۆسۈپ ئۆتكەل، ئانا ئەلگە ئىلىم-پەن كەۋسىرىن باشلاپ،
ۋەتەن گۈلزارىدا سۇلماس چېچەكتەك بەرق ئۇرۇپ ياشناپ،
قۇياشنىڭ ئۆمرىدەك مەڭگۈ ياشا، بولغىن ئامان، خەلقىم.

1981-يىل، يېڭىسار.

## گۈل

پەسلى كۆكلەم پەيتىدە كۆكلەپ باراقسانلاشتى گۈل،
چىن مۇرادىغا يېتىپ، يايراپ پورەكلەر ئاچتى گۈل.

كۆركىدە ئۇزلۇق-نازاكەت قىلدى جىلۋە-تەنتەنە،
يالتىراپ رۇخسارىدا كۈن نۇرىنى چاقناتتى گۈل.

ئىچ-ئىچىدىن شاتلىنىپ ئۆرلەپ غۇرۇردا قىلدى زوق،
بىر كېلىشكەن نازىنىندەك ھەر كۆڭۈلگە ياقتى گۈل.

ۋەسلىگە يەتكۈزدى بۇلبۇلنى ھىجىر سەھراسىدىن،
قەلبىدە قوزغاپ ناۋاچاك كەلتۈرۈپ سايراتتى گۈل.

سوقسا يۇمشاق تاڭ ساباسى ئەيلىدى نازۇ ئەركىلەپ،
ئەتتى ھەريانىنى مۇئەتتەر، مۇشكى ئەنبەر چاچتى گۈل.

دورىغاندەك ئىشتا تەر تۆككەن چىۋەرلەرنى گويا،
تاڭدا زۇمرەتتەك سۇزۇك شەبنەملىرىنى پارلاتتى گۈل.

خۇش تەبەسسۇمتىن سۇنۇلغان مىسلى زۇمرەت جامىدەك،
دىلخۇمارلارغا گۈزەللىك مەيلىرىن ئوتلاتتى گۈل.

ھۆسنىگە قوشتى ھۆسۈن باغچا، يېزا-قىشلاقلىرىنىڭ،
پاك-چىرايلىقلىق ئىلە ھۆرمەت-ئىناۋەت تاپتى گۈل.

بولدى ئىززەت، شان-شەرەپ ۋە سۆيگىنىڭچىن بەلگۈسى،
قەھرىمانلار كۆكسىگە ئالقىشلىنىپ ئورناشتى گۈل.

دەۋرىمىز خۇددى باھاردۇر، بەختىمىز گۈلگە سىما،
قەلبىدە ئابدۇرېھىمنىڭ تەسىرات قوزغاتتى گۈل.

1980-يىل يانۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كەمتەرلىك ھەققىدە غەزەل

ئۆزىنى كىم يوغان چاغلاپ، كۆرەڭلەپ كىبرىيا ئەيلەر،
ئۆزىدىن ئۆزگىلەرنىڭ رايىنى شەكسىز جۇدا ئەيلەر.

— پەقەت مەنلا يارايمەن!» دەپ غادايغاننى كۆرەر كىم خوپ؟!
بۇ ئەيىپنى كىم راۋا تۇتسا ئۆزىنى كەم باھا ئەيلەر.

غادايماقلىق — ھاماقەتلىك، غادايغانلار كۆرۈنگەي سەت،
بۇ يەڭلىغلەر نادان، ئەخمەقلىغىنى كەڭ جاكا ئەيلەر.

ياراشقاي ئەھلى ئىنسانغا جىمىكى جايدا كەمتەرلىك،
بۇ خىسلەت بولسا گەر كىمدە، ئۇنى خەلق ئاشىنا ئەيلەر.

كىشىنىڭ ھۆرمىتى، قەدرى ئاشار كەمتەرلىگى بىرلەن،
گادانى كەمتەرىنلىك ئىھتىرام تەختىدە شاھ ئەيلەر.

قارا ئالتۇنغا، ئۇ ۋەزمىن، جۇلالىق رەڭگى ئۆزگەرمەس،
كۆرۈپ مىستىن چىنان ئەلا خالايىق ئەتىۋا ئەيلەر.

تېپىلماس شۇنچە بوي بىرلە قۇمۇشتا مىۋە، تەمكىنلىك،
شوڭا توقماق بىلەن يەنجىپ توقۇچى بورىيا ئەيلەر.

كۆرۈڭكىم مىۋە كۆپ بولغان دەرەخت باشنى ئىگەر پەسكە،
يىكەن مەھسۇلى يوقلۇقتىن كى شالدىلاپ سادا ئەيلەر.

كىشىنىڭ كەمتىرىن بولماقلىغى پاكلىق، بىلىمدىندۇر
جىلمىلىك، پاك كىشى كەمتەر پەزىلەتنى راسا ئەيلەر.

چىقالار ئەرشى ئەلاغا ھەققى كەمتەرىن ئادەم،
ئىزىدىن ئۈندۈرۈپ لالە، ۋەتەن-ئەلگە ۋاپا ئەيلەر.

ئۆتۈشتى قانچىلاپ ئەجدات چېچىپ نۇر كەمتەرىنلىكتە،
ئۇلارنىڭ نامى دىللەردە پەخىر قوزغاپ جۇلا ئەيلەر.

ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى كىم ئۇلارغا ئەتسە گەرنىسبەت،
تېرىق ئالدىدىكى تاغدەك ئەجەپ ئاز، بىساپا ئەيلەر.

شۇ ۋەجىدىن كۆرەڭلەش - ماختىنىشقا نە ئاساس بولغۇن؟
كۆرەڭلىك قىلسا كىم ئەجداتلار ئالدىدا گۇنا ئەيلەر.

شۇڭا ئەي دوست، ھاكاۋۇرلۇقنى تاشلاپ كەمتەرىن بولغىن،
ئۆمۈر باغىنى كەمتەرلىك سەمەرلىك،[1] خۇشھاۋا ئەيلەر.

يوقات ئابدۇرېھىم سەن ھەم ئۆزۈڭدىن ئەسكى ئىللەتنى،
شۇ چاغ بۇ دەئۋىتىڭنى كۆپچىلىك مەقبۇل، بەجا ئەيلەر.

1983- يىل، يانۋار.

## چىقىتمىك

ئويۇندا سەھنىگە جانان، تولۇنئايدەك كۈلۈپ چىقتىمىك،
ئىچىمگە شاتلىقنىڭ سىغماي، غۇرۇرلۇقتا چۆمۈپ چىقتىمىك.

سالام بەردىڭ ئىگىپ زىبا بويۇڭنى تالۇ-مەجنۇندەك
ئۆزەڭنىڭ خۇشپىئىل، كەمتەرلىگىڭنى كۆرسىتىپ چىقتىمىك.

---

① سەمەر - مېۋە.

لېۋىڭدىن ئەيلىدى پەرۋاز ئەجەپ نادىر، يېقىملىق كۈي،
بولۇپ بۇلبۇلگويا سايراشلىرىڭدىن گۈل تۆكۈپ چىقتىڭ.

خۇمارلىق زىل ئاۋازىڭدىن جاراڭلاپ كەتتى زال قوينى،
چېكىپ دىل تارىنى نازۇك ھاياجان قوزغۇتۇپ چىقتىڭ.

كۆيۈڭنىڭ لەززىتىدىن يۇتتى شەرۋەت كەك تاماششابىن،
ئۇنۇڭ جامىغا مېھرىڭنى قۇيۇپ بىر - بىر سۇنۇپ چىقتىڭ.

تامايان ئەيلىدى ناخشاڭ ئىپقىدەك، ئىقتىدارىڭنى،
ئۆزەڭنىڭ سەنئىتىنى شۇنچە بەك نوبدان كۆرۈپ چىقتىڭ.

تونۇتتۇڭ كۆپكە ئۇيغۇر ناخشىسىنىڭ شۆھرىتىنى چىن،
مۇھەببەتلىك يۈرەكلەرگە سېلىپ ئوت كۆيدۈرۈپ چىقتىڭ.

كۆيۈڭگە ياڭرىدى گۈلدۈرماما يەڭلىغ چاۋاك-ئالقىش،
سۆيۈندۇڭ بۇ شەرەپتىن ئىززىتىڭنى سەن كۆرۈپ چىقتىڭ.

تالانتىڭغا بولۇپ قايىل تەشەككۇر ئەيلىدىم مەن ھەم،
دىلىمنى مىسلىسىز ئىلھام، مەدەتكە چۆمدۈرۈپ چىقتىڭ.

1982- يىل، يېڭىسار.

## شائىرغا

(مۇخەممەس)

سائادەتلىك گۈزەل دەۋران بىلەن بولدۇڭ خۇشال شائىر،
يېتىپ كەلدى يېزىش پەيتىڭ، قوچۇپ ئىلھام ۋىسال، شائىر،

قېنى، بۇ مەردۇمەيداندا تالانتنى ئىشقا سال شائىر،
تولۇقدۇرسەن ئۇچۇن ئەمدى بەلەن پۇرسەت، ئامال، شائىر
ئىجات قىل زوقو ـ شوق بىرلە كېچە ـ كۈندۈر پائال، شائىر

ھۆكۈم سۈرگەندە تورت مەلئۇن بولۇپ دەپسەندە خالاندىڭ،
زۇلۇم ئىسكەنجىسى بىرلەن سىقىلدىڭ، شۇنچە قىينالدىڭ،
"كېزەندە"، "ئەكسىيەتچى" ۋە "قارايىپ" دەپ ئېيىپلاندىڭ.
نەزەربەنتكە ئېلىندىڭ، تۈرمىدا ياتتىڭ، ئازاپلاندىڭ،
كۆزۈڭدىن ئاقتى ياش خۇناپ، ساڭا بولدى ئۇۋال، شائىر.

جىنايەت بولدى يازساڭ ئەل ـ ۋەتەننىڭ شەنىنى كۈيلەپ،
قىزىل گۈللەر ئېچىلدۇرساڭ يۇلۇپ تاشلاندى بىر ـ بىرلەپ
پېزىشقا قىلمىدى رۇخسەت ھوقۇقۇڭنى تامام چەكلەپ،
كۆرەڭلەپ كەتتى قۇزغۇنلار "ئاكاڭ قارغاي بىرىنچى" دەپ،
ھوقۇقنى تارتىۋالماقنى قىلىپ مەقسەت ـ خىيال، شائىر.

خەلققە زورلىدى ساتماق بولۇپ ئۆتمەس ماتاسىنى،
كىمىكى بولسا نارازى، شۇئان بەردى جازاسىنى،
ئىجات، سەنئەتكە كەلتۈردى گويا توپان بالاسىنى،
سۈكۈت، ئىمتاسچىلىق قۇچتى ۋەتەننىڭ تاغ ـ دالاسىنى،
كۆچەيتتى سەندە ئۆچمەنلىك، غەزەپنى ئۇشبۇ ھال، شائىر.

ئۇلۇغ كومپارتىيە قۇربى بىلەن يورۇپ ئاشۇ تۈنلەر،
ۋەتەنگە نەۋباھار كەلدى، ئېچىلدى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر،
ناۋا قىلدى ئۇرۇپ خەندان گۈلىستان ئىچرە بۇلبۇللار
كۆڭۈللۈك ئۇشبۇ دەۋراندىن سۆيۈندى بەكمۇ بۇ دىللەر،
ساڭا ئىلھام پەرىسى زوقلۇنۇپ ئاچتى جامال، شائىر.

چۈمۈپ ئالەمچە خوشلۇققا قولۇڭغا كاڭ قەلەم ئالدىڭ،
دىلىڭنى قاپلىدى سۆيگۈ، مىسالى ئوت بولۇپ ياندىڭ،
شۇ ئوتلۇق ئىشتىياقىڭدىن شېئىر ـ ئەشئارلەر يازدىڭ،
ئىجادىڭنى كۆرۈپ "بەختىم" دېدىڭ چىن ئىپتىخارلاندىڭ،
خەلققە ئاقتى قەلبىڭدىن بەئەينى شېرنە ـ بال، شائىر.

سېنىڭ نەزمەڭ ئېتىز، زاۋۇت، قىسىملارغا تاراپ كەتتى،
ئۈنىڭ ھەر بىر سۆزى بەكمۇ كۆڭۈللەرگە ياراپ كەتتى،
ئېلىپ ئىلھام، ئۇزۇق ھەر كىم ۋەتەنگە جان پىدا ئەتتى،
قۇچۇشقا مول زەپەرلەرنى راسا مەرتلىكنى كۆرسەتتى،
ئىجادىڭ بولدى بارلىق جەڭ ـ كۆرەشلەردە قورال، شائىر.

گۈزەل دەۋرىم تەقەززا تۆرت نىشان ـ مەنزىلگە يەتمەككە.
سەپەردە ئالدىرايدۇ ھەر كىشى ئالدىغا ئۆتمەككە،
قېنى سەن ھەم قەلەم تۇلپارىڭغا مىن، ئۆرلىگىن كۆككە!
كۆيۈڭ ـ نەزمەڭ بىلەن بەرگىن مەدەت ئىلھاملىنى كۆپكە!
سۆيۈملۈك بۇ دىيار تاپسۇن راسا گۈللەپ كامال، شائىر.

1979 ـ يىل.

## قامغاقنىڭ ئىپتىخارى

چۆلنى ماكان ئەيلىگەن بىر تاش
يېنىدىكى قامغاققا دېدى:
"ئەي بۇرادەر، ياشىشىڭ ئۈچۈن
باغ بولغاندا بەك ياخشى ئىدى..."

دېدى قامغاق جاۋابەن كۈلۈپ:
"ئۆسكەن يېرىم ئېزىزدۇر ماڭا.
ئايرىلمايمەن ئۇنىڭدىن زىنھار
يىلتىزىم چىڭ تۇتاشقان ئاڭا.

مەن كۆردىمەن بۇ يېراق چۆلنى
گۈلچىمەنلىك باغلاردىن گۈزەل.
بورانلارنىڭ گۈرۈلدىشىدىن
ئاڭلايمەن شوخ، يېقىملىق غەزەل.

مەن ياشايمەن ئاددى ۋە تىنچ،
تۇرمۇشۇمغا قىلىپ قانائەت.
سېزدىمەن بۇ هاياتتىن گويا
بىر شاهانە راهەت ـ پاراغەت.

ئۆزگىلەرگە چۈشمەس هاجىتىم
پەرۋىشلەشنى قىلمايمەن تاما.
يېلىنىشنى، ئاۋرۇيكەشلىكنى
هەم ئۆزۈمگە كۆرمەيمەن راۋا.

تالايلىغان ئەجدادىم ئۆتتى
بۇ دىيارغا هەغدالىق قىلىپ.
مەن هەم ئۇنى سۆيۈپ ئۆتىمەن
ئۆمۈرۋايەت ئىپتىخارلىنىپ.

دىلىغا پۈككەن تىلەك ـ ئارزۇيۇم:
يانسا تىنىم بولۇپ ئوت ـ گۈلخان.

نۇر ۋە ئىسسىق ئېلىپ مېنىڭدىن
ھوزۇر تاپسا ھاجەتمەن ئىنسان»

× ×

ئاڭلاپ قامغاق سۆزلىرىنى تاش
ھاياجاندا «ئاپىرىن!» دېدى.
قۇچتى شۇ دەم بىپايان چۆلنى
ئىپتىخارلىق قامغاقنىڭ ھىدى.

1983 - يىل، يېڭىسار.

## كۆزلىرىڭ

ئەي پەرى، نىمانچىلا ئوتلۇقتۇ ئاھۇ كۆزلىرىڭ؟!
ھەم نىمانچە بەك خۇمالىق، قاپقارادۇ كۆزلىرىڭ؟!

باردۇ ئۇندا نە سېھىر-خىسلەت؟ ئۇنى ھېچ بىلمىدىم،
ئەيلىدى ئوتقۇن - ئەسىر ئەقلىمنى جادۇ كۆزلىرىڭ.

خۇددى كۈندۈز ئۇ، مۇھەببەت نۇرىدا يالقۇنلىغان،
بولمىغاي تاقەت قىلىپ، چۈشكەندە دەررۇ كۆزلىرىڭ.

تارقىلۇر ئۇندىن ساداقەت ھەم ۋاپا - شەپقەت مۇدام،
جىلمىيىپ، ئويناپ - كۈلۈپ، ئەيلەر تەۋەززۇ كۆزلىرىڭ.

كۆردەمەن شەرمى - ھايانىڭ جىلۋىسىنى ئەكسىدىن،
ياتقا باقماقنى بىلەر ئۆزىگە مەكرۇ، كۆزلىرىڭ.

بىر نەزەر قىلساڭ ئەگەردە ئوت كېتەر تەن مۇلكىگە
كۆيدۈرۈپ، ئەتكەي يۈرەكنى خۇددى مەجرۇ، كۆزلىرىڭ.

بولمىغاي دەۋزەخ ئوتىنىڭ تەپتىمۇ بۇنچە يامان،
بەرمىگەي كۈندۈز ئاراملىق، تۈندە ئۇيقۇ، كۆزلىرىڭ.

گەرچە چەكسەممۇ ئازاپ، كۆرمەككە تەشنا – زارىمەن،
ساقلىغاچ ئۆزىدە مەنچۇن ياخشى ئارزۇ، كۆزلىرىڭ.

تاپىمەن ھەر باقىشىڭدىن بىر ئۆمۈر دەرتكە راۋا،
كۆزلىرىمنىڭ ھاجىتى، دەردىگە دارۇ كۆزلىرىڭ.

بى ھايالەر باقسا پەس ئارزۇ – ھەۋەستە سەتلىشىپ،
سانجىلار خەنجەر بولۇپ، نەپرەت بىلەن شۇ كۆزلىرىڭ.

شول سەۋەپتىن ئەي نىگار باققۇم كېلۇر دائىم ساڭا،
لىق قۇچۇپ تۇرغان ئۇچۇن ئالەمچە تۇيغۇ، كۆزلىرىڭ.

كۆزلىرىڭ تەئرىپىنى ئابدۇرەھىم ئەيتىپ تولا،
يازدى نەزمە، نەزمىسىگە بولدى ماۋزۇ كۆزلىرىڭ.

## رۇبائىيلار

### 1

ئەي بۇرادەر، ياخشىلىق كۆتمە ياماندىن ھېچقاچان،
بەرگىنى بار نەددىمۇ بال نەشتىرى بىرلە چايان؟!

ياخشىلىق كۆتمەك ياماندىن، بەلكى بىز ئوخشار گويا —
يىپ ئېشىپ قۇمدا، پېچىپ سايەنى تىككەندەك چاپان.

2

زەر بىلەن مىس قىممىتى ئەما ئەچۈن پەرقسىز ئىرۇر،
ئەيلىسە بۇلبۇل ناۋا، زاغلىق قىلىپ قوزغۇن كۈلۇر.
ئىلغىماس ئەسلا ئېشەك چالسا قۇلاغىغا راۋاپ،
قىلما نادانغا ئېسىل سۆز، قىل ئۇنى دانا بىلۇر.

3

سۆھبىتى ناجىنسلارنىڭ خۇددى خالاجايىمان،
ئۇندا تۇرساڭ بىر مەھەل بەدبۇيىغا بۇرنۇڭ ماسلىشار.
ئۆلپىتى قىلما ئۇلارنى سەن ئۆزۈڭگە ھېچقاچان،
كىم نىجاسەتنى تۇتۇپ يۇرسە ئۇنىڭدىن ئەل قاچار.

4

ئەل - ۋەتەننى سۆيمىگەندىن بەلكى ئۆلگەن ياخشىراق.
يەرگە خائىن مۇردىسىدىن تاپنى كۆمگەن ياخشىراق.
ياۋغا باش ئەككەن نىجىسنىڭ باققىچە ئەنگارىغا،
سەسكىنىشسىز ئىت-ئېشەك ھايۋاننى كۆمگەن ياخشىراق.

1962 -، 1977 - يىل، يېڭىسار.

# كۆلگە قاراپ

تۇرىمەن قىرغاقتا كۆلگە سېپ نەزەر،
لىقلانغان سۇ شۇنچە تىنىق ۋە زىلال.
سەتھىن ئالتۇندەك قوياش شولىسى،
كۆرۈنەر گوياكى كۆك زۇمرەت مىسال.

سۇ ئېلىپ كېتىشتى كۆلدىن كۆپ كىشى،
مەلىدە قاپاقۇ، چېلەك ئەكىلىپ.
يەتكۈزەر ئۇ شۇنداق غەرەزسىز بەھىر،
ئازايسا، سۇ بىلەن يەنە لىقلىنىپ.

ئوخشاتتىم مۇئەللىم خىسلىتىن كۆلگە،
بەرگەچ ئۇ ئىنسانغا ئىلىم - پەن سۈيى.
ئۆگىتىپ بىر ياقتىن تولۇقلاپ ئۆزىن،
ئىشلىگەچ بى مېھنەت تا ئۆمۈر بويى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەسقەر ھۈسەيىن

ئەسقەر ھۈسەيىن 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ سىم تاغ كەنتىدە دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات پاكولتېتىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ، 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇندىن ئىبتىۋارەن ئۇ كۆپلىگەن شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى يازدى.

ئۇنىڭ يولداش ۋاھىتجان غوپۇر بىلەن بىرلىشىپ ئىشلە-

گەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» ناملىق كىتاۋى
مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرپىدىن نەشر قىلىنماقتا. ئۇ
يەنە بىر شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى.

## ئانا دىسەم

ھاياتىم، شەۋكىتىم، شانىم ئەي ۋەتەن،
مېھرىڭدە ئۆستۈرگەن ئانام سەن مېنىڭ.
قەلبىمنىڭ تۆرىدە تۇرار ھۆرمىتىڭ،
ئىشقىڭدا يانىمەن بىر ئۆمۈر سېنىڭ.

سەن بىلەن گۈزەلدۇر قايىنغان ياشلىق،
سەن بىلەن تۈگەلدۇر دىلدىكى شاتلىق.
شۇڭلاشقا پەخىرلە ئېغىز تولدۇرۇپ،
«ئانا» دەپ ئاتىسام نەقەدەر تاتلىق؟!

1957 - يىل، قەشقەر.

## سەن بەردىڭ ۋەتىنىم ئىشقىنى ماڭا

بۇلبۇل ئەسلى گۈلزارنى جاي ئەتمىگەندە،
خۇشال سايراپ گۈل شېخىغا قونارمىدى؟!
تۆرەلمىگەن بولسام ئەگەر ۋەتەن سەندە،
مۇھەببىتىم مۇنچە ئۇتلۇق بولارمىدى؟!

ئۆستۈرمىسەك قوينىڭدا سەن ۋۇجۇدۇمنى،
ئەسلى شىردەك كۈچ - غەيرەتكە تولارمىدى؟!
ئىشقىم تۇرسا يالقۇنجىغان (ئۆزۈڭ بەرگەن)،
سىنى سۆيمەي كۆڭۈل شۇندا تۇنارمىدى؟!

كۆلدۈرمىسە ھەغدالىرىڭ چىكەڭدە نۇر،
ۋىسالىڭغا يۈرىكىمنى قانارمىدى؟!
يۈز ئاچمىسا كىملەچىكىڭ كۆز ئالدىمدا،
بۇ ياش دىلىم ئارزۇ بىلەن يانارمىدى؟!

ئېيتقىن ۋەتەن، سىنىڭ ئىشقىڭ بولمىغاندا،
ئايدىڭلاردا ئەسقەر تەمبۇر چالارمىدى؟!
سۆز بېغىدىن چېچەك ئاللاپ، ئاتاپ ساڭا،
تۇيغۇ تاشلاپ ئۇتلۇق قوشاق قاتارمىدى؟!

1962-يىل، قەشقەر.

## بۇلبۇل ئىدىڭ

كىم ئالار مەيدان ئارا جاي مەردۇ مەيداندىن بۆلەك؟!
كىم كىرەر ئات ئويىنىتىپ جەڭگاھقا مەرداندىن بۆلەك؟!
جادۇگەر ئالۋاستىنىڭ كۆكسىگە تىغ ئۇرماق ئۈچۈن،
كىم بارار كۆكرەك كېرىپ كويىقاپقا پالۋاندىن بۆلەك؟!
بەرسە كىم قاندىن بوياق ئۆز تۇپرىقىنىڭ ھۆسنىگە،
قاي گىيا قەۋرىنى قاپلار گۈلى خەنداندىن بۆلەك؟!
ـەن ئىدىڭ شائىر مۇتەللىپ ئىشقىۋاز بۇلبۇل كەبى،

يوق ئىدى سۆيگەن نىگارىڭ گۈل ۋە بوستاندىن بۆلەك.
كۆز ئېچىپ تۈن ئىچرە، ئاھ دەپ تاشلىدىڭ غەمكىن نەزەر،
كۆرمىدىڭ ئاۋات ماكان خارابە ۋەيراندىن بۆلەك.
بىرسى باي، سانسىز گادای، يوقسۇلغا پۈتلاشقان ئەجەل،
تەگمىدى ئەلگە نېسىۋە ئاھۇ - ئەپغاندىن بۆلەك.
سۆيگۈ گۈلزارىدا زوھرەڭ كەتتى تاپماستىن ۋىسال،
تاھىرىڭ ھەم غۇنچە ئۈزمەي بەرگى ھىجراندىن بۆلەك.①
قىلمىدى تەتۈر پەلەك ھېچنەرسىنى ھەرگىز ئاتا،
تۈلكىگە لوق گۆش ۋە لېكىن شىرغا قاپقاندىن بۆلەك.
كىم چىقىپ مەلئۇنغا مۇشت ئاتسا، ئۇنى كۈتتى خەتەر،
تەگمىدى ئاشىيانە ئەسلا ئاگا زىنداندىن بۆلەك.
سەن بولۇپ تاڭ ئەلچىسى ئېيتتىڭكى: كەلمەيدۇ پەقەت -
بىزگە ئەرك ئۆزگە ئامالدىن جەڭ ۋە جەۋلاندىن بۆلەك.
سەن دېدىڭ: جانانغا يەتمەس كەچمىسە جاندىن كىشى،
بارمىكىن ئاشىققا ئەلا كىمسە جاناندىن بۆلەك؟!
ساتتى ۋىجدانىنى بىراۋلار بىر يالاق ئاداپ ئۈچۈن،
يوقتۇرۇر خائىنغا ئەۋزەل نەرسە جان، ناندىن بۆلەك.
ئاقلىدىڭ ۋىجدانىنى سەن باشقا سىناق چۈشكەن چېغى،
بولمىغاي ئادەمگە زىننەت ھەرنە ۋىجداندىن بۆلەك.
سەن كۈلۈپ باردىڭ ئەجەلگە، ئەل ئۈچۈن بەردىڭ جېنىڭ،
كۆرمىدىڭ ئەلگە مۇناسىپ نەرسىنى جاندىن بۆلەك.
ساپ قېنىڭدىن قەۋرەڭ ئۈزرە ئۈندى گۈللەر - لالىلار،
بارمۇ ئەلا سوۋغا خەلققە قىپ - قىزىل قاندىن بۆلەك؟!

---

① بۇ يەردە ل. مۇتەللىپ يازغان «تاھىر - زوھرا» درامىسىغا ئىما قىلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ەمدى ئاچتى گۈل چىراي شائىر ئۆزۈك سۆيگەن تىلەك،
چىن ھەقىقەت، چۈنكى بولغاچ پىتنە — يالغاندىن بۆلەك.
خ سۆيۈملۈك كۈيچى، بولماق ۋارىسىڭ ئارمان ماڭا،
وق پەقەت ئەسقەردە ئارمان ئۇشبۇ ئارماندىن بۆلەك.

1979 - يىل، توققۇزاق.

## بەختىم

ىز بىلمەكلىكىم جاندىن ۋەتەن سەن گۈل دىيارىمنى،
سىنىڭ نامىڭ بىلەن تاپقانلىغىمدىن ئىپتىخارىمنى.
ۆرەلدىم ھەمدە چوڭ بولدۇم سىنىڭدە، ئامىتىم شۇدۇر،
ىزەرمەن قوشىقىزەك شۇ ئامىتىم ھەم ئىپتىخارىمنى.
ىنى كۈيلەپ دۇتار چالسام، دۇتار سۆزلەيدۇ ئىشقىڭنى،
ۆزۈك بەرگەچ مۇھەببەت رىشتىمدىن دۇتارغا تارىمنى.
ۇياش دەيمەنمۇ تەپتىڭنى ۋە يا ئاي دەيمۇ ئەپتىڭنى،
ۆرۈپ نۇر ھەم گۈزەللىك ئىلكىدە لەيلۇ — ناھارىمنى.
پىچىمدا بار قىرو، ئەمما سىنىڭ ھۆسنۈڭگە باققاندا،
اھاردەك ئۈز جامالىڭدىن كۆرەرمەن نەۋ باھارىمنى.
ەتەن سەن باركى مەن ھەم بار، ۋەتەنسىز جاندا نە مەنا،
ايا تىم مەنىسىز: بەرمەك كويۇڭدا يوقۇ-بارىمنى.
سىنىڭ مەيلىڭ — مېنىڭ مەيلىم، كىيەرمەن بۇيرىساڭ ئوتقا،
سىنىڭ بەختىم: سىنىڭ ئىلكىڭگە بەرمەك ئىختىيارىمنى.
سىنىڭ بەختىم: سىنىڭ قوينىڭدا ئالغان بىر نەپەس، ھەتتا —
سىنىڭ كۆكسۈڭدە جاي تۇتقان قىياس قىلماق مازارىمنى.

كۆتەرسە گەر قەدەھ ئەسقەر ۋەتەن ئىسمى بىلەن دائىم،
قېنى كىم كەم قىلار جامىدا مەي ـ گۈلگۈن شارابىمنى.

1979 - يىل، توققۇزاق.

## كۆردۈم

قوغۇلغاندا ۋەتەن سەندە ئېچىپ كۆز گۈل دىيار كۆردۈم،
بالاغەت پەيتى ئۆمرۈمگە سېنىڭ ئىشقىڭنى يار كۆردۈم.
يىگىتلىك مەۋسۇمى كەلگەندە كۈچ ھەمدە قانات بەردىڭ،
قىرانلىق دەۋرىدە ئەجرىڭگە خوپ ئىش جان نىسار كۆردۈم.
"ئىزىزدۇر تاش ئۆزى چۈشكەن ماكاندا"، دەپتىكەن خەلقىم،
سېنىڭدىن كەچسە گەر كىملەر، ئۇنى ھەر جايدا خار كۆردۈم.
سېنىڭ مېھرىڭ-ئانا مېھرى، ماڭا يات ئۆزگە يار مېھرى،
سېخىڭدىن، مېھرىڭدىن ئايرىلماقنى مىڭ نامۇسۇ ئار كۆردۈم.
سېنىڭسىز گەر پۈتۈن ئالەم ماڭا بىر سەيلىگاھ بولسا،
ئۇنى باغرىڭدا جاي تۇتقان لەھەتتىن بەلكى تار كۆردۈم.
ئىزىز يۇرتۇم ئامان بولساڭ كى سەن، رەڭگىم سامان بولماس،
ئۆزۈڭ بار سەنكى دۇنيادا شۇ چاغ ئەسقەرنى بار كۆردۈم.

1989 - يىل، توققۇزاق.

## باھار كېچىسى

كۆكتە چولپان كۆز قىسار باقسام نىگار شەھلاسى بار،
يەردە گۈل قەددىدە يارنىڭ قامىتى زىباسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيىكى
www.uyghurkitap.com

ۋلدە ئول گۈل يۈزلىگىمنىڭ بولسا ئايان كۈلكىسى،
نچىدە شول غۇنچە لەۋ يار لەئلىنىڭ تەشناسى بار.
لغان ئاي گاھ كۆرسىتىپ يۈز، گاھ بۇلۇت ئىچرە مۇكەر-
ندا ھەم ئاي يۈزلىگىمنىڭ ئارزۇ- ئىستىغناسى بار.
ۇ ئۇنىدە ئىككى لەۋنىڭ جۇپلىشىپ ئايرىلمىغى،
لدا كىمنىڭدۇ پىچىرلاشقان نىھان غەۋغاسى بار.
ر يىلى تۇغماس تەبىئەت بىر باھار، ئەمما بۇ دەم-
ر چىمەننىڭ ھەر گۈلىدە مىڭ باھار سىماسى بار.
ۇ چىرايلىق ئايدىڭ ئاخشام دىلغا بەرگەچكە ھوزۇر،
كۆڭۈللەرنىڭ غۇبارى، نە ئۇنىڭ سەۋداسى بار؟!
ل گۈزەل، گۈلزار گۈزەل، چۈنكى ئۇنىڭ خۇش سايرىغان
ن كەبى ئەسقەر تۇمەنىمىڭ بۇلبۇلى شەيداسى بار.

1982 - يىل،قەشقەر.

## قەلەم ئالدىم يەنە قولغا

ىمستان قىش كېتىپ باشتىن قەلەم ئالدىم يەنە قولغا،
دى كۆكلەم پەقىر دەسلەپ قەدەم قويغاندا بۇ يولغا.
يۇپ نەزمە ئىشىملىك يارغا مەن مەجنۇن سۆيەت يۈرسەم،
نام دەيتتى: "جېنىم ئوغلۇم كىرىپ قالدىڭ ئەجەپ كويغا"..
تۇپ قانچە باھار، ياردىن جۇدۇن پەسلىدە ئايرىلدىم،
ۇدا بولدۇم ۋىسالىدىن كىرىپ يەتتە ۋە جۇپ ئونغا.
لىمدىن كەتمىدى زىكرى، دىلىمدىن ئوتتى ئول يارنىڭ،
قېنى سەن ئى نىگارىم» دەپ قارايتتىم ئوڭ بىلەن سولغا،

كۆڭۈلدە كۆپ ئىدى ناخشام، لېكىن ئېيتىشقا ئىمكان يوق،
چىقالماي بىر مەھەل، كەتتى سىڭىپ قەلبىمدىكى مۇڭغا.
ئۆتۈپ كۈنلەر، كېتىپ تۈنلەر، يەنە كۆكلەم چىراي ئاچتى،
ئىشى تەتۈر بولۇپ زاغنىڭكى، بۇلبۇلنىڭ كېلىپ ئوڭغا.
ياشاردى قايتىدىن جانلار ھايات كۈلدى ناۋا بىرلە،
يەنە كىرگەچكە تىل دۇتار، راۋاپ نەي بىرلە قالۇنغا.
شۇ ھىجران تۈنلىرى پۈتكەچ، يېتىشتىم ۋەسلىگە يارنىڭ،
قەلەم ئىزھاردا پەيدا بولغۇن ئۇ ئەمدى ھەر قۇرغا.
نىگارىم نەزمىدۇر ھەم كۆڭلۈم ئىچرە بايلىغىم نەزمە،
غەنىلىك بابىدا ئەسقەر پىسەن قىلمايدۇ قارۇنغا. *

1982 - يىل، قەشقەر.

## تاڭ سەھەر

تۈن قىزى يىرتىپ ياقا بولدى پەرىشان تاڭ سەھەر،
بولدى ئايخان كەينىدىن يۇلتۇزمۇ پىنھان تاڭ سەھەر.
تەۋرىنىپ گۈلشەندە گۈل يار نازىنى قىلدى ئايان،
بەرگىنى گۈلنىڭ سابا سۆيگەندە لەرزان تاڭ سەھەر.
بولدى زاھىر بىر گۈزەل كۈلگەن كەبى مىڭ لەۋ بىلە،
غۇنچىلار بەس - بەس بىلەن كۈلگەندە خەندان تاڭ سەھەر.
بۇ يېشىل كۆكلەم گۈزەل، گۈللەر گۈزەل، كۈنلەر گۈزەل،
شات ئۆتەر خەلقىم ھايات زەۋقىدە ھەر ئان تاڭ سەھەر.

---

* بايلىقنىڭ كۆپلىكى ۋە پىخسىقلىقى بىلەن نام چىقارغان ئەپسانىۋى باي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شقا چىللايدۇ يىگىت ئاستا چېكىپ پەنجىرىنى،
ەشۇغى ناز ئۇيقۇدا تولغانسا ھەر ئان، تاڭ سەھەر.
ەر- ئايال، ياشۇ- قېرى، ئۆسمۈر بۈگۈنكى جەڭ ئۈچۈن،
كان- زاۋۇت، مەكتەپ، ئېتىزنى قىلدى مەيدان تاڭ سەھەر-
ەر كىشى ئاقىل ئىرۇر ياتماس پەقەت غەپلەت ئارا،
چۈنكى، تەييار بولغۇسىدۇر ھەر نە ئىمكان، تاڭ سەھەر.
ۇرغىل ئى ئەسقەر قولۇڭغا ئال قەلەم ئەسبابىنى،
ەزمە تۇپراقتا ئەككىن سۆيگىدىن دان تاڭ سەھەر.

1983 - يىل، قەشقەر-

## ۋەتەن ئىشقى

ەي ۋەتەن ئىشقىڭ ئوتىدىندۇر ئۆزلۈكگە كۆيمىگىم،
ىپايان مېھرىڭ سۆيىمدىندۇر يۈرەكتىن سۆيمىگىم.

ۈت بولۇپ-ئاتەش بولۇپ ئۆستۈم سىنىڭ باغرىڭدا مەن-
يوق پەقەت مايسىز چىراقتەك پارلىماستىن ئۆچمىگىم.

ەن مېھىر دەرياسى سەن، مەن ئۈندىكى يەلكەندىمەك،
ىر ئۆمۈر ئۈزمەك ئىرور راھەت، نومۇستۇر چۆكمىگىم.

ەن بەخت ئاسمانى سەن، مەن ئۈندىكى يۇلتۇز دىمەك،
ەڭگۈ پارلاپ تۇرغىنىم تۇرغان، يوق ئىزسىز كۆچمىگىم.

ەن ساداقەت جامىدا تۇتتۇڭ شاراپ ئىچتىم قېنىپ،
ىز سەۋەپتىندۇر ھاياتتا ساڭا سادىق ئۆتمىگىم.

تەقدىرىم بىر سەن بىلەن، بەختىڭ سېنىڭ ـ بەختىم مېنىڭ،
يات ماڭا سىرلىق ۋىسالدىن بەختى ئىقبال كۈتمىگىم.
ئېيە، ۋەتەن، يوقتۇر سېنىڭدىن ئۆزگە يار ئەسقەر ئۈچۈن،
ياردىن بىر كەچمىگەمدىن ياخشىراق بىر ئۆلمىگىم.

## پارچىلار

گۈزەللىك شاھىنىڭ سېخىلىغىدىن،
ۋەتىنىم بولۇپتۇ خىسلىتىڭ تولۇق.
ئېيتمىدى تەبىئەت خىسلەتتىن مېنى،
ۋە لېكىن قويمىدى ئىشقىڭدىن قۇرۇق.

× ×

كۆلەر ئارزۇ، ۋەتەن ئىشقىڭ نۇرىدىن دىلغا شام ياقسام،
نە ئارماندۇر ياشاپ مەرت بوپ، ھاياتتا بىر ساڭا ياقسام.
كىرىپ ئاق باشقا، بەل مۈكچەيسە، ئاخىر مەن كۆزۈم يۇمسام،
دېگەيمەن شۇندىمۇ: بەختىم ۋەتەن كۆكسۈڭگە تەن باقسام.

ئەگەر سازەندىمەن، كەسپىم سېنىڭ ئىشقىڭدا چالماقتۇر،
ئەگەر پەرۋانىمەن ئەھدىم سېنىڭ ئوتۇڭدا يانماقتۇر.
مەگەر تۈن ئىچرە يۇلتۇز، تاڭدا كۈن بولسام، مېنىڭ بەختىم:
ۋەتەن تالماس تومەن كۆزدە سېنىڭ ھۆسنۈڭگە باقماقتۇر.

1962 ـ يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئابلىز ئۆمەر

ئابلىز ئۆمەر 1942 - يىلى قەشقەر شەھرىگە تەۋە قوغان رايونىنىڭ موللازادە كەنتىدە تۇغۇلغان، 1958 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبى ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇ 20 نەچچە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژورنال، ئالمۇناخلاردا كۆپلىگەن شېئىر، ھىكايە، نەسىر، ئوبزۇرلارنى ئېلان قىلدى. 1983 - يىلى قەشقەر

ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق شې- ئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جە- مئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## يىللار سىرى

بەزىلەر يازسا گەر يىللارغا جاۋاپ،
مەن شۇ دەم يازىمەن يىللارغا سوراق؛
سورىغىنىم - يىللارنى سىناش بەلگىسى،
ھەر جاۋاپ ھەر يىلنىڭ ۋەزنىدۇر بىراق.

يىل دىگەن ئالەمنىڭ ۋاقىت ھېساۋى،
نەچچە مىڭ كالىندار پۈتتى يىرتىلىپ.
ئېسىمدە ئۆكتەبىر يورۇتقان سەھەر،
(تارىخقا ئوتتۇز يىل قالدى يېزىلىپ)

تاڭ نۇرى پارلىغان شۇ غالىپ يىللار،
ئەسىرلىك مەزمۇننى بەردى كۆڭلىگە.
ۋەتەننىڭ تاغ - دالا، يېزا - سەھراسى،
پۈركەندى قىپ-قىزىل ئۇتتۇق گۈلىگە.

ۋە لېكىن يىللار ئۆتمىدى تىپ - تېنىچ،
قارا بۇلۇتلار تاشلىدى سايە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىنىپ مىسلىسىز دەھشەتلىك قويۇن،
سىلكىندى دىلدىكى ئىشەنچ ۋە غايە.

يۇندە كۆلچىگىدە ئۆزگەن بىلىقتەك،
بەدنىيەت مەلئۇنلار چىقتى سەھنىگە؛
ياۋۇزلۇق قىلىچى كەستى بويۇننى،
كەلگۈلۈك زەپ كەلدى بىلىم ئەھلىگە.

باغلارنىڭ ھۆسنىدە ئوينىدى غازاڭ،
گۈل - غۇنچە ئېچىلماي توزىدى شۇئان.
جۇدالىق دەردىدە باھارنى كۈتكەن -
ئىشقىۋاز بۇلبۇلنىڭ باغرى لەختە قان...

× ×

شۇ يىللار بولدى نادانلىق دەۋرى،
« ساداقەت » مۇنارى ياسالدى ئېگىز؛
شۇ يىللار بولدى پالاكەت دەۋرى،
قېپقالدى غەپلەتتىن دىللاردا بىر ئىز...

يىللار تىزمىسى ئۆتتى لاي سۇدەك،
تارىخ ئۆردى ئاپپاق ۋاراقلار.
نە ئامال!؟ شۇنداقلا قالدى جاۋاپسىز،
يىللارغا قويۇلغان سوئال - سوراقلار.

.......................................

خەلقنىڭ ئەقلىدىن قۇدرەت كۈچىدىن،
پەلەكنىڭ چارقى ئايلاندى شۇ دەم.

ھەقىقەت زۇلمەتنىڭ يولىنى توستى،
تارىخنىڭ ئەينى شۇ، تارىخ ھۆكمى ھەم!

زەردىكەش يۈرەكلەر ئىچتى شەرۋەت سۇ،
يايرىدى قايتىدىن ئازارلىق دىلمۇ.
سائادەت ئاپتىۋى چىچىپ ئالتۇن نۇر،
ئۇتۇقلار ئەۋجىدە كەلدى ھەر يىلمۇ.

كالىندار ۋارىقى تولدى مەزمۇنغا،
چوڭ ئۇزۇن سەپەرنىڭ زەپەر گۈلىدىن.
جاۋاپسىز سوراقلار تاپتى نەق جاۋاپ،
شۇئانا ۋەتەننىڭ شاتلىق كۈيىدىن.

× ×

يىل دىگەن ئالەمنىڭ ۋاقىت ھىساۋى،
ئىنسانلار بېرىدۇ ئۇنىڭغا مەنا.
يىللار مەزمۇندار كېلىدۇ چوقۇم،
چۈنكى بار رەھنىما پارتىيە ـ دانا.

1978 - يىل، 12 - ئاي، قەشقەر .

## سۆيگۈم

پارتىيەم ، مەن سېنى سۆيدۇم ئىزدىلاپ،
ئالتۇن قەسىرلەردە باققاندا مىنى.
توز كورلار تۆھپىنى جىنايەت ساناپ،
قەپەزگە سالغاندا سۆيدۇم ھەم سېنى.
1974 - يىل 4 - ئاي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لياڭشەن دالىسى

تاڭ بىلەن تەڭ يولغا چىقتىم لياڭشەننى بويلاپ،
چولپان يۇلتۇز كۆزى كىلىپ مۆككەن بىر چىغى.
تاڭ شامىلى ئەركە قۇشتەك قىيغىتىپ ئويناپ،
سىلىپ ئۆتەر ھەر يۈرەككە چىن بەخت ئىشقى.

× ×

تۆت ئەتراپى دەرەخزارلىق ئېدىرلار-تاغلار،
ئاق بولۇتتىن باشلىرىغا ئورىغان سەللە.
ئوتتۇرىسى جەننەتكەبى گۈلزارلىق باغلار،
ئاپىرىدە بولغان گويا مەزمۇت بىر قەلئە.

ھەر تامچىسى تەنگە شىپا جىرا سۇلىرى،
تاشتىن - تاشقا زۇمرەت چېچىپ ئويناقشىپ ئاقار.
ئارشاڭلارنىڭ سەھەردىكى سۇ ۋە ھورلىرى،
كۆك ئاسمانغا زىننەت بېرىپ ئاق بېزەك تاقار.

ئۇيۇر - ئۇيۇر مال - چارۋىلار ئوتلار يايلاقتا،
تەمەنلىكتىن، سەمىزلىكتىن سەكرىشىپ ھەريان؛
جۇپ شولىلار ئەكس ئېتىدۇ زىلال بۇلاقتا،
بامبۇكزارلىق مۇھەببەتكە خالى بىر ماكان.

سارۋا① ئارتقان چارۋىچىلار غەيرەتتە ئۇزەر،
چىۋەر قولى چىۋەرلىكتىن توقۇيدۇ كەشتە.

① سارۋا - يىزۇ چارۋىچىلىرىنىڭ تاغار شەكلىدىكى يامغۇرلۇق يېپىنجىسى.

دىلىرىدا مول ھۆسنىنىڭ تەقدىرى كېزەر،
شۇڭا يېڭەر مۇشەققەتنى ئۇچرىغان يەردە.

گۈزەل ئەمەس، ئېسىل ئەمەس گۈللەر — غۇنچىلار،
ئەمگەكچىنىڭ كۈمۈش تەرى تامىمىسا ئەگەر؛
مېھنەت — بەخت، مېھنەت كۈچى نۇردەك چېچىلار،
(ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ دالا گۈزەل شۇ قەدەر).

× ×

ئۆز يولۇمغا ماڭغاندىمۇ قاراپ تويمىدۇم،
كۆزلىرىمدە لياڭشەن ئەكسى پارلار ئەك رۇشەن —
ھېسسىياتىم قوشاق تۇغدى، ناخشا توقۇلدىم،
يۈرىكىمدە مەڭگۈ قالدى شۇ گۈلزار گۈلشەن!

1977 - يىل سىچۈەن چىڭدۇ — قەشقەر

## بىر شائىرنىڭ ھەسرىتى

ئاخشام بىرسى ئۆز — ئۆزىدىن ماختاندى؛
" شېئىرلىرىم — شېئىرىيەت گۈلى"، دەپ؛
ئاچچىقلىنىپ ماڭا تازا داتلاندى:
" بىربىلمىدى شان — شەرەپنىڭ تۆرى"، دەپ.

تۇۋا دەيمەن ئۆزنى ماختاش نەھاجەت،
كەلدى بۇ ئوي قانداق ئۇنىڭ ئېڭىغا.
شېئىرلىرىنى سېلىپ كۆرسە بولمامدۇ،
خەلقنىڭ كۆڭۈل تارازىسى — جىڭىغا؟!...

1980 - يىل 9 - ئاي، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كوچا سۈپۈرگۈچى قىز

قولىمىزدا ئۇزۇن سۈپۈرگە،
تىنىم تاپماي ئىشلەيسەن شۇنداق.
ئۇزىتىسەن قانچە كېچىنى،
قارشى ئېلىپ سەھەرنى ھەرۋاخ.

قەھرىتان قىش، پىژغىرىم تومۇز،
قىلالمايدۇ غەيرىتىڭگە كار.
يامغۇر يۇسا سۇمبۇل چېچىڭنى،
چەكسىز ھوزۇر بېغىشلايدۇ قار.

يوللار جانان چىمەندەك پاكىز،
سېنىڭ تەرىڭ، مېھنىتىڭ بىلەن؛
جۇلالىنىپ تۇرىدۇ مۇھىت،
ئەمگەك ئەجرىڭ، ھىممىتىڭ بىلەن.

ياغار ساڭا رەخمەت ــ تەشەككۈر،
(ئەل قەلبىدە ھۆرمىتىڭ تولۇق).
كىچىك چاغلاپ بولماس تۆھپەڭنى،
نام نىشانىڭ ئېزىز ۋە ئۇلۇغ.

قاچار ئەي قىز سېنىڭ ئەجرىڭدە ــ
توپا ــ چاڭلار، يوقاپ كېسەللىك...
بەختىم ئىدى، بەرسەمتىم مەنمۇ،

قەلىمىمدە ئىللەتنى يۇيۇپ –
خەلق دىلىغا روھى گۈزەللىك!
1981 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر.

## بەختىم

تارىخنىڭ بىزگە ئاتىغىنى شۇ:
ھاياتلىق – سىنىپى، دۇنيادۇر باقى؛
گۈللەر تۆكۈلسە، ئېچىلار غۇنچە،
توختىماس ئالەم، پەلەكنىڭ چاقى.

ھايات لەززىتى تەڭداشسىز ئۇلۇغ،
ياشاش ئىستىكى ئۆچمەس دىلىمدىن.
لېكىن، ئەل ئىشى – خىزمىتى ئۈچۈن،
كېچىشكە رازى ھەتتا جېنىمدىن.

شۇڭا ئۆلۈمدىن قىلمايمەن ۋەھىم،
ئەمەستۇر كۆڭلۈم غەمدە – غۇسسىدە.
مېنىڭ ئۆلۈمۈم – ئۆلمەسلىك، چۈنكى –
قەلبىم لىقمۇ – لىق بەخت ھىسسىدە.

ھاياتلىغىمدا قىلدىم جەڭ – كۈرەش،
كومپارتىيىگە ئەگىشىپ ھەر ۋاق.
كىرپىگىم جۇپلەشسە ياپار يۈزۈمنى –
ئوغاق – بولقىلىق قىپقىزىل بايراق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يېڭى يىل شارابى

مەن شاراپ ئىچمەيمەن ( ئادىتىم شۇنداق)
بۇ مېنىڭ بەزمىدىن قاچقىنىم ئەمەس.
ياشلىقىم ھېسلىرى بىر ئەزىم دەريا،
قەلبىمدە جۇش ئۇرار خوشاللىق پەۋەس.

يارانلار قولۇمغا ئالدىم جۇپ قەدەھ،
(بۇنىڭدىن قىلچىلىك بولماڭلار ھەيران).
خۇمارىم قىستىدى ئىچىشكە شاراپ،
چۈنكى مەن يېڭى يىل قوينىدا مېھمان.

شۇ قەدەھ گويا كى بىر جاھاننامە،
كۆرۈندى ئۇنىڭدا ۋەتەننىڭ ھۆسنى؛
ياشارغان تاغ ـ دالا ، ياشنىغان باغلار،
گۈللەرگە پۈركەنگەن تۆت باھار پەسلى.

شۇ قەدەھ ئىچىدە بولدى نامايان،
شەرەپلىك مۇساپە، چاقماقلىق يوللار؛
تامچە تەر ئورنىغا ئاققۇزغان ساپ قان،
جاپاكەش ئەمگەكچى، قاداقلىق قوللار.

شۇ قەدەھ ئىچىدە كۆرۈندى يەنە:
چولپاندەك نۇرانە، بىر يورۇق رۇجەك؛
بەختىمنىڭ سىماسى جۇلالاپ تۇرغان،
جەننەتۇل مەئۋادەك گۈزەل كېلىچەك!...

قوي ساقى، شاراپنى، ئۇزۇلدۇرمەي قوي،
قەدەھلەر لىق تولسۇن، قالمىسۇن يېرىم.
شۇ گۈلگۈن شاراپتىن ئىچەي قانغىچە،
خۇشاللىق مەۋجىدىن يايرىسۇن تېنىم.

بۇ ئاددى مەي ئەمەس،
غەلىبە ـ زەپەرنىڭ
هايات بەخش ئەتكۈچى شىپالىق سۈيى؛
مەنزىلگە ئات سالغان يولچى كارۋاننىڭ،
تۆتلىشىش جېڭىگە قەسەميات كۈيى.

1982 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر.

## ئەلۋىدا، باغۋەن

(بۇ شېئىر قەشقەر مىللى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ۋا ـ قىتسىز ۋاپات بولۇپ كەتكەن پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى ھەسەن غوپۇرغا تەزىيە ئۈچۈن يېزىلغان)

ئەلۋىدا سىرداش، قېرىنداش، ساھىپقىرانىم، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، دىلداش، پىكىرداش، دوستۇ ـ يارىم ئەلۋىدا.

www.uyghurkitap.com

قىزىل دەريا بويىدىن ئاڭلانغاندا شۇم خەۋەر،
ئۆرتىنىپ سەكپارە بولدى تەندە جانىم، ئەلۋىدا.

ئاقتى كۆزدىن ياش- قىيان، ئىگىلدى باشلار يەر تامان،
مۇسىبەت قۇچتى پەلەكنى، ئاھۇ - زارىم، ئەلۋىدا.

چاچ يۇلۇپ نوغۇچ تاياندى سادەت ئاتلىق جۆرىڭىز،
ئاتىڭىز قەددى پۈكۈلدى، بىۋاخ خازانىم، ئەلۋىدا.

× ×

بولدى نامايان چېھرىڭىز ، دىللاردا يالقۇن مېھرىڭىز،
كۆزىڭىز ئويناق بۇلاق، قاشى كامانىم، ئەلۋىدا.

مەردانە باغۋەن ئىدىڭىز ئىلمۇ - ئېرپان بېغىدا،
ئاۋازىڭىز بۇلبۇل ئىدى، خۇشخۇي زابانىم ، ئەلۋىدا.

مارالۋېشى دىياردا، قەشقەر ئاغۇ باغرىدا،
قالدى مېھنەت ئەجرىڭىز تۆھپىكارىم، ئەلۋىدا.

مەرىپەت بابىدا ھەرگىز ئۆچمەيدۇ ئىزگۇ نامىڭىز،
ياش بوغۇنلار قەلبىدە سىز، ئارزۇ - ۋىسالىم، ئەلۋىدا.

سىزگە ئوخشاش شان قۇچۇپ يۈرسە ھەركىم كۆزىنى،
غۇرۇرلۇنۇپ ئاچار قۇچاق ۋەتەن دىيارىم، ئەلۋىدا.

قەۋرىڭىزدىن گۈل ئۈنۈپ، قاناتلانسۇن روھىڭىز،
ئەل - جامائەت نامىدىن شېئىرىي كالامىم، ئەلۋىدا.

1984 - يىل 2- ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# جېلىلى

جېلىلى ( ئابدۇجېلىل تۇرسۇن ) 1940 - يىلى 11 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى يۇرۇڭقاش رايونىغا قاراشلىق ئالتىمە يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ھازىر « قەشقەر گېزىتى » ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك ۋە مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى 1959 - يىلى باشلانغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە كۆپلىگەن شېئىر، داستان ۋە ھېكايىلارنى يازدى. شائىرنىڭ « يۈرەك ئۇچقۇنلىرى »ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1983 -

يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جا-
ماتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ
ئەزاسى.

## سۆيگۈ نەزمىسى

( چەتئەلگە كەتمەكچى بولغان بىر يىگىتكە )

يىگىت، راستىنلا چەتئەلگە كەتمەكسەن تۇتىيا ئىزلەپ،
ۋە ياكى مىسنىزەر قىلماق ئۈچۈن سەن كىمىيا ئىزلەپ؟!

مۇقەددەس بۇ ئانا تۇپراق كۆزۈڭگە تۇتىيا، بىلسەڭ،
نەھاجەت چەتكە كەتمەكلىك، بىھۇدە باشپانا ئىزلەپ.

ۋەتەن گۈلزارىدا بۇلبۇل خۇشال سايراپ كۈلۈپ تۇرسا،
كېتەمسەن ۋاز كېچىپ يۇرتىڭ چىمەن، بۇلبۇل گويا ئىزلەپ؟

ۋەتەننىڭ ئوت - چۆپى، چەتنىڭ گۈلىدىن خۇشپۇراق، كۆركەم-
قەدىرلە، سۆي ئۇنى، يۈرمە بۆلەك مېھرىگىيا ئىزلەپ.

ۋەتەننىڭ ھەر تېشى خۇددى گۆھەردۇر بىباھا - قىممەت،
ئېزىزدۇر شۇ ساڭا، يۈرمە نىشانسىز كەھرىۋا ئىزلەپ.

ۋەتەننىڭ تاغۇ - دەرياسى-ئاناڭنىڭ ئۆز سىماسىدۇر،
يۈزۈڭ قانداق چىدار تاشلاپ كېتىشكە، يات سىما ئىزلەپ؟

سائادەت چولپىنى چاقناپ ۋەتەن چۆمدى قىزىل نۇرغا،
ۋەتەندە نۇر تۇرۇپ، نەگە بارارسەن نۇر ـ زىيا ئىزلەپ؟

دىدىلىك: "چەتنىڭ قىزى زىبا، ئۇنىڭ ئىشقىدا مەجنۇنمەن،
كېتەي دەيمەن، ئۆزەمگە لەيلىدەك بىر دىلرابا ئىزلەپ…"

كۆزۈڭ ئاچ، ئەي يىگىت، چەتنىڭ قىزىدىن يۇرت قىزى ئۈزدۇر،
ئۆزۈڭنى قىلما خار چەتتىن ۋاپاسىز ئاشنا ئىزلەپ.

يىگىت يۇرتۇڭ ساڭا مەڭگۈ گۈزەللىك ـ بەخت ئاتا قىلغاي،
بەخت سۆيگەي پىشانەڭگە، كۆرەش قىلساڭ جاپا ئىزلەپ.

جىبىلىلى، چوڭ ئۈمىت كۈتكەي سېنىڭدىن بۇ باھار پەسلى،
ۋەتەندۇر ـ تۇتىيا، يۈرمە بۆلەكتىن "تۇتىيا" ئىزلەپ.

## ئۇستاز

(مۇۋەششەھ)

مۇھەببەت قوزغىدى مەندە نۇرانە خىسلىتىڭ، ئۇستاز،
ساۋاق بەردى ماڭا باشتىن كەچۈرگەن قىسمىتىڭ، ئۇستاز.

ئەقىدەم باغىدىن تىزدىم ئاتاپ شەنىڭگە گۈلدەستە
ياراشسۇن ئۇ ساڭا مەڭگۈ، بولۇپ ئۆز زىننىتىڭ، ئۇستاز.

خازان پەسلىدە چوڭ بولدۇڭ ئوپال ـ ئازىغ دىيارىدا،
يېڭىپ مۇشكۈلنى جۇش ئۇردى تېنىڭدە قۇدرىتىڭ، ئۇستاز.

ماھارەت كۆكىدە ئۇچتۇڭ قىلىپ پەرۋاز شىجائەتتىن،
تۆكۈلدى ئىلمۇ ـ ھېكمەتكە سېنىڭ تەر مېھنىتىڭ، ئۇستاز.

ئۇزاق يىلدىن بۇيان دىلنى ماياكتەك يورۇتۇپ كەلدى،
«دىۋان لۇغەت تۈرك» ئاتلىق ئۇلۇغۋار ھېكمىتىڭ، ئۇستاز.

تەۋەررۇك يوق ماڭا ئۇندىن بۆلەك ھېچقانچە قىممەتلىك،
جاھاننى مەھلىيا قىلغاچ گۈزەل تىل سەنئىتىڭ، ئۇستاز.

قەدىم تارىخ ۋاراقلانسا، چۈشەر يادىمغا تارىخىڭ،
كۆز ئالدىمدا ئايان بولغاي مۇبارەك سۈرىتىڭ، ئۇستاز.

ئەدەپ-ئەخلاق، پاراسەتنىڭ مۇجەسسەم ئۆلگىسىدۇر سەن،
ئىرىشچانلىق، ئىجاتچانلىق ھەقىقى ئۆلپىتىڭ، ئۇستاز.

شەرەپ قۇچتى بىلىم ئالغاچ سېنىڭدىن قانچە تالىپلار،
قورۇق، تەشنا يۈرەكلەرنى ياشارتتى شەربىتىڭ، ئۇستاز.

قەدىرلىكتىن قەدىرلىك سەن، ئەقىل بابىدا مەشئەلدەك،
ئاۋامغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى سېنىڭ زور شەپقىتىڭ، ئۇستاز.

ئەدىپسەن، كاتتا ناتىقسەن، ئىلىمگە ھۆددىگەر ھەرچاغ،
جۇلالاپ كەلدى گۆھەردەك ئىجادىڭ ـ نۇسرىتىڭ، ئۇستاز.

رىيازەت چەككۈچى خەلەر ئاسايىش ئىلكىدە كۈلدى،
قىلىپ كۆم ئەژدىھار شۇمنى پاساھەت، جۇر ئىتىلىك، ئۇستاز.

ئېسىل خىسلەت، ئۇلۇغ تۆھپەڭ مەدەت بەرگەچ ئىجادىيغا،
دىلىمغا نۇرنىدى چوڭقۇر سىبىنىڭ چىن ھۆرمىتىڭ، ئۇستاز.

## چېچەك

گۈل چېچەك، گۈلگۈن چېچەك، تىللاردا كۆي - داستان چېچەك،
سەن بىلەن تاپقاي ھۆسۈن باغۇ - ۋاران، بوستان، چېچەك.

تەۋ باھار نۇرى بىلەن ئاچساڭ جامالىڭنى كۈلۈپ،
يانىدۇ ئىشقىڭ بولۇپ دىللاردا ئوت - گۈلخان چېچەك.

تەبىئەت دۇنياسىدا يۇقتۇر سىبىنىڭ ھىچ تەڭدىشىڭ،
پاك، گۈزەللىك بابىدا گوياكى شاھ - سۇلتان چېچەك.

چۈمىدۇ شاتلىق - ھاياجان ئىلكىگە ھەر بىر كىشى،
سەن چېچىپ تۇرغاچ يۈرەككە خۇشپۇراق - دەرمان، چېچەك.

ئاشىغىڭ بۇلبۇل قىلۇرچىن مېھرىنى ئىزھار ساڭا،
تىلىدىن بال تامدۇرۇپ سايراپ خۇشال - خەندان، چېچەك.

بارچە ئىشچان قىز - يىگىتنىڭ مەشۇغى - گۈليارى سەن،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەچ زىبالىغىڭ چەندان، چېچەك.

ئۆمرۈڭ ئەجەپ قىسقا، بىراق يۈكسەك، ئىپسىلدۇر خىسلىتىڭ.
ئەلگە مىۋە قالدۇرۇپ، بولغاچ ئۆزۈڭ قۇربان، چېچەك.

ئەي چېچەك، كۈلگۈن چېچەك، تىللاردا كۈي-داستان چېچەك-
خىسلىتىڭ جارى قىلىش - قەلبىمدىكى ئارمان، چېچەك.

## دېخان كۈيى

ئېشىقىدا كۆيگەن يېزامنىڭ، نۇر كەبى چاقناي دېسەڭ،
ئاش - ئوزۇق بەرگەن قازاننى مەڭگۈگە چاقماي دېسەڭ.

يەر ۋە سۇ سەن-بىز ئۈچۈن جاندىنمۇ قىممەتلىك، ئېزىز-
يەت ئۇنىڭ چىن قەدرىگە قەدرىمنى مەن ساقلاي دېسەڭ.

پارتىيەم "باي بول» دېدى، يول ئاچتى بىزگە كەڭتاشا،
ماڭ ئاشۇ يولدا گۈزەل، جۇشقۇن هايات باشلاي دېسەڭ.

ھۆر بەخت، راھەت - پاراغەت پاك، هالال تەردىن كېلۇر،
قىل كۈرەش - مېهنەت داۋاملىق باي بولۇپ ياشناي دېسەڭ.

ھەر نەئىش قىلساڭ ۋەتەننى كۆزدە تۇتقىن باشتىلا،
سەن ئەگەر ۋىجدانى بۈرچۈمنى تولۇق ئاقلاي دېسەڭ.

## كەچتە

يېزامدا مەدىني تۇرمۇش ئەجەپمۇ جانلىنار كەچتە،
ساداسى ناخشا - سازلارنىڭ يېقىملىق ئاڭلىنار كەچتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلېكتىر نۇرى چاقنايدۇ، ھايات قايناق، كۆڭۈللەر خوش.
كۈلۈپقا جەم بولۇپ ياشلار كىتاپقا باغلىنار كەچتە.

قىزىيدۇ بۇندا بەس-بەستە كالاڭچۇر، دامكا، تىك-تاك توپ،
ماھارەت كۆرسىتەر ھەر كىم، بىرىنچى تاللىنار كەچتە.

كۆرۈپ تېلېۋىزىيە-كىنو، ئالار روھى ئۇزۇق دىلىغا،
پىلانى ئەتىكى ئىشنىڭ ئىدىتلىق چاغلىنار كەچتە.

بولۇپ چەكسىز خۇشال، رازى زاماندىن يايرىغان جانلار،
قۇرۇپ بەزمە ئۇسۇل ئويناپ ھوسۇلنى ماختىشار كەچتە.

## گۈللىنىپ

يېزىمىز ئالدى يېڭى، كۆركەم قىياپەت، گۈللىنىپ،
تىلىگى ئاچتى چېچەك، تاپتى سائادەت، گۈللىنىپ.

ئەسلىسەم، بەش يىل بۇرۇن نامرات، كۆرۈمسىز جاي ئىدى،
چاچتى نۇر ئۆرلەش ئۈچۈن شانلىق سىياسەت گۈللىنىپ.

قەدرىنى رۇسلاپ دىخان، دەس تۇردى ئورنىدىن بۈگۈن،
ئىشلىرى تاپتى راۋاج بولغاچ كاپالەت، گۈللىنىپ.

رەتكە چۈشتى يول، ئېتىز، ئۆستەڭ-ئېرىقلار باشقىدىن،
باغ-ۋاران، ئورمانلىرى كۆتەردى قامەت، گۈللىنىپ.

بەردى نەپ ئىلمى ئۇسۇل، قوللارغا كەلدى مول ھوسۇل،
يىلمۇ-يىل رېكورت بۇزۇپ ئاشتى دارامەت، گۈللىنىپ.

توخۇدىن مەھرۇم دىخان باقتى مانا قوي، ئات، كالا...
سۈت - قېتىق، گۆش - ياغ سېتىپ قىلدى تاپاۋەت،گۈللىنىپ -

ئىشلىندى كاسىپ راسا، بوش ۋاقتىدا قىلدى ھۈنەر،
مالغا لىق تولدى بازار يەرلىك سانائەت گۈللىنىپ.

قەد كۆتەردى يېزىدا يېڭى مەھەللە رەتمۇ - رەت،
ھەر كىشى دەۋرانغا باپ سالدى ئىمارەت،گۈللىنىپ.

شۇ يېڭى ئۆيدە خۇشال تويلار ياساپ، بەزمە قۇرۇپ،
بەختىيارلىق ئىلكىدە كۆردى پاراغەت، گۈللىنىپ.

بىخ سۈرۈپ ئاچتى پۈرەك ئەمگەكچى دىخان قەلبىدە،
كوممۇنىستىك ئىدىيە، ئەخلاق - دىيانەت گۈللىنىپ.

تېخى ئۆرلەر يېزىمىز تىنماي يەنە ئىقبال تامان،
بەختۇ - ئامەت يۈزلىنىپ تاپقاي كامالەت، گۈللىنىپ.

## نۇر ئاكام

ئالدى نۇر كام ھۆددە يەردىن ئىككى قاتلاپ مەھسۇلات،
مۇلەر ئوخشاپ بېغىدا، كەلدى ئامەت قاتمۇ - قات.

بەردى ئاشلىقنى سېتىپ دۆلەتكى چەكتىن ئاشۇرۇپ،
ئەجرىدىن رازى بولۇپ ئۇ، چاينىدى ياغ ھەم ناۋات.

بانكىدا قويغان پۇلى ئۈچ مىڭ يۈەندىن كەم ئەمەس،
ئالدى ئوغلاق تارتقىلى ئاۋات بازاردىن ئىككى ئات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرسىگە نۇركام ئۆزى مىندى گويا بايۋەتچىدەك،
بىرسىگە مىندى ئەنە ئىشچان يىگىت ـ ئوغلى پولات.

بۇ خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ يەتتى قۇلاققا ئېغىزى،
چۆمدى چەكسىز ئىپتىخارغا يېڭىدىن تاپقاچ ھايات.

دەيدۇ ئۇ: " كومپارتىيە ھۆر بەختىمىزگە مىڭ ياشا!»
قەلبىدىن ئۇرغۇپ بۇلاقتەك سۈپ ـ سۈزۈك، چىن ھىسسىيات.

ئىككى گەپنىڭ بىرسىدە نۇركامنى ماختاپ دەيدۇ خەق:
"باي بولۇشمۇ تەس ئەمەسكەن، قىلسا مېھنەت، ئىجتىھات!...»

## كۆرۈپ...

ئەي ياران، ھەيرەتتە قالماڭ "توختى سەرسان» نى كۆرۈپ،
زوقلىنىڭىز كەلگەي ئۇنىڭ بەختىنى تاپقاننى كۆرۈپ.

جۇت ـ تۇمانلىق يىللىرى "سەرسان» ئاتالغان ئىدى ئۇ،
يۇرتىدىن كەتكەچ بۆلەك يۇرتلارغا، غۇلياننى كۆرۈپ.

سىغىنىشنىڭ ئوتلىرى كۆيدى لاۋۇلداپ قەلبىدە،
"تۆت زىياندىش » گۇم بولۇپ، نۇرانە دەۋراننى كۆرۈپ.

كەلدى قايتىپ يۇرتىغا يۈكسەك ئىشەنچتە توختىكام.
بىر يېڭى شانلىق سىياسەت شولا چاچقاننى كۆرۈپ.

قالدى ئۇمۇ ئەل قاتارى قانچە مولاپ ھۆددە يەر،
تۆكمەس شاتلىققا چۆمدى تۈنجى خاماننى كۆرۈپ.

تەر تۆكۈپ غەيرەت بىلەن ھاللاندى تېزلا توختىكام،
گەمىدىن كۆچتى يېڭى ئۆيلەرگە، ئىمكانىنى كۆرۈپ.

ئۆيىدەچاقنايدۇ ئوتتەك رەڭمۇ - رەڭ شىرداق، گىلەم،
تويىنى ئۆتكۈزدى شات، بىر ياخشى چوكانىنى كۆرۈپ.

توختىكامنىڭ غەيرىتى ئاشقاچقا ھەر كۈن ھەسسىلەپ،
نى ئېغىر مۈشكۈل - جاپا باش ئەگدى دەرمانىنى كۆرۈپ.

دەيدۇ ئۇ "كەپتۇ بۈگۈن ئىشلەيدىغان دەۋران راسا،
ئاتلىدىم شۇڭلاشقا مەن كەلگۈسى نىشانىنى كۆرۈپ."

## يېزا ياشلىرى

ئۆگىنىشتە شان - شەرەپ قۇچتى يېزامنىڭ ياشلىرى،
پەن بىلەن قەلبىنى ئىللىتتى نادان - بەڭۋاشلىرى.

ھەر بىرى بولدى بۈگۈن تېخنىك - ھۈنەرنىڭ ماھىرى،
بۇ يېڭى دەۋرانغا ماس كەلدى يۈرۈش - چامداشلىرى.

تېرىدى ئىلمى ئۇسۇلدا شۇنچە كۆپ بۇغداي، قوناق...
مول ھوسۇلنىڭ شاتلىغىدىن كۆككە يەتتى باشلىرى.

ئوخشىغان ئاق پاختىسى سۇلياۋ يوپۇققا چەكتى گۈل،
دىلنى مەپتۇن قىلدى بۇلبۇلنىڭ خۇشال سايراشلىرى.

دورا پۈركەلگەن كۆچەتلەر مېۋە بەردى غۇچچىدە،
ئاقتى باغۋەنلەر كۆزىدىن شات، ھاياجان ياشلىرى.

چۈشتى قوغۇن - تاۋۇزىدىن بىر پىلەكتە يۈز خەمەك،
يەتمىگەي ساندا ئاڭا ھەتتاكى ساينىڭ تاشلىرى.

ئويلىدىم مەن: "يەر تۈگۈل، مارستىمۇ ئالغاي ھوسۇل،
بولسا دېخانلار ئىلىم - پەننىڭ يېقىن سىرداشلىرى."

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇچقۇنجان ئۆمەر

ئۇچقۇنجان ئۆمەر 1945 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە دەرىيەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، 1957 - يىلدىن باشلاپ شېئىرلىرى مەتبۇئاتلاردا كۆرۈنۈشكە باشلىغان، ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى.

ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژورناللاردا كۆپلىگەن شېئىر، ئوبزور، ئەدەبىي تەرجىمىلەرنى ئېلان قىلدى. 1984 - يىلى ئۇنىڭ «چەشمىلەر» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئۈچقۇنجان ئۆمەر يەنە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش بىلەن «ئۇيغۇر خەلق تارىخى قوشاقلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» دىگەن كىتاپلارنى نەشر قىلدۇرۇپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

ئۈچقۇنجان ئۆمەر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

## بىباھا مېھنەتنىڭ بىباھا قەدرى

كۆردۈمەن سەھەردە، ئاۋات گۈزەردە،
بىر ئادەم ھەر كۈنى ئىش بىلەن مەشغۇل.
ئوينايدۇ كامالچە يېنىك كۈچ بىلەن،
ئالماسنى - قاداق جاي قىلىدۇ قوبۇل.
ئېيىخ ئۇستام قولۇڭغا كۆزۈم تەگمىسۇن،
خىسلىتىڭ دىللاردا مەڭگۈ چاقنىسۇن.

كىشىلەر يېنىڭدىن ئۈزۈلمەيدۇ ھىچ
ئوڭلاشقا بەرگىنى چىنە ھەم چەينەك.
چېكىنى ئۇلايسەن، چاكقا كەلتۈرۈپ،
ئەمگىكىڭ سۇنۇقنى جۈپلاپ - يەلىمەك.
ئېيىخ ئۇستام غايەڭگە كۆزۈم تەگمىسۇن،
خىسلىتىڭ دىللاردا مەڭگۈ چاقنىسۇن.

قانچىلاپ چىرايلىق سۇنۇق پىيالە،
شۇ ئاتاڭ كەسپىدىن تاپىدۇ داۋا.
سۇنۇلسا مېھمانغا لىق چاي بىلەن ئۇ،
"رەھمەت» دەپ دىللاردىن ئۇرغۇيدۇ سادا.
ئېيخ ئۇستام ئەجرىڭگە كۆزۈم تەگمىسۇن
خىسلىتىڭ دىللاردا مەڭگۈ چاقنىسۇن.

ھەر قېتىم قېشىڭدىن ئۆتكەن چېغىمدا،
كۆڭلۈمگە مېھماندۇر تەسەۋۋۇر تۇيغۇ.
نەقىشتەك چىكىلمەر تارىخى ساۋاق،
كۆزۈمدىن يىراقتۇر غەپلەتلىك ئۇيقۇ.
ئېيخ ئۇستام، بەختىڭگە كۆزۈم تەگمىسۇن،
خىسلىتىڭ دىللاردا مەڭگۈ چاقنىسۇن.

تەسۋىرىم: چاك كېتىپ بۆلەنگەن دۆلەت،
ئۇيۇشسا شۇنىڭدەك غايە ئاستىدا،
قايسى بىر زۇمىگەر بوزەك ئېتەلەر؟
تەقدىرى تەسلىمدۇر ياۋنىڭ باشتىلا.
ئېيخ ئۇستام يۇرتۇڭغا كۆزۈم تەگمىسۇن،
خىسلىتىڭ دىللاردا مەڭگۈ چاقنىسۇن.

قادالسا قادىغى، بولسا يېقىن جەم،
ئەختىلاپ — زىتلىقتىن سارغايغان مىللەت.
چوڭ پىلىنىڭ ئۈستىدىن باتۇر چۈمۈلە
بېشىغا قانداقمۇ كەلسۇن قايتا دەرت؟
ئېيخ ئۇستام نەسلىڭگە كۆزۈم تەگمىسۇن،
خىسامىتىڭ دىللاردا مەڭگۈ چاقنىسۇن.

بۆلۈنۈش ئۆچمەنلىك، تارقاقلىق ئىللەت،
شەخسلەر قەلبىدىن قوغلانسا نېرى.
قادالسا قايتىدىن جانان چېنىدەك،
ئۆملۈك ۋە بىرلىكتىن ياشنار كۈنسېرى.
ئېخ ئۇستام قەلبىڭگە كۆزۈم تەگمىسۇن،
خەسلىتىڭ دىللاردا مەڭگۈ چاقنىسۇن.

ئاي مارار ئاسماندا بەختىمگە كۈلۈپ.
تەسەۋۋۇر يەلكىنىم ئۈزىدۇ ئۇزاق.
دىمەككى، يۇلتۇزدەك تۆھپەڭ كۆپ ئىكەن،
پەزىلەت بابىدا ئېناق — ئىتتىپاق.
ئېخ ئۇستام غايەڭگە كۆزۈم تەگمىسۇن،
خىسلىتىڭ دىللاردا مەڭگۈ چاقنىسۇن.

1974- يىل، 4 - ئىيۇن، قەشقەر.

## ئالىم ھەققىدە مۇخەممەس

(ئابدۇقادىر داموللام ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئابدۇقادىر ۋارىسى ـ قەيسەر چىنارىم قايدىسەن؟
يۆلىكى مىسكىن ـ يېتىمنىڭ غەمگۇزارىم قايدىسەن؟
بۇ دىيارنىڭ كۆركىنى، راھەت باھارىم قايدىسەن؟
مەھشەت ـ ھېيتكاردىكى نۇرلۇق مۇنارىم قايدىسەن؟
مىللىتىمنىڭ بوينىغا ئاسقان تۇمارىم قايدىسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىسەپ ئۆتكەن ئەشۇ تارىخقا مەن سالسام نەزەر،
دى ئالدىمدا نامايەن قانچىلاپ نۇسرەت ـ زەپەر،
ساۋات بەردى ماڭا چەكسىز ئېقىل، شانلىق شەجەر،
ى ئەمەسمۇ قامۇسۇمدا چاقنىغان ماھى قەمەر،
كۆڭۈل خەلقىم سىغىنغان دىلخۇمارىم قايدىسەن؟

ى ئىدىڭ كاتتا، ئۇلۇغ زات، مۇرغىزار دانىشمىنى
ى ئۇرۇپ ئاقتى تومۇردا مىللىتىمنىڭ ساپ قېنى،
ۇ ـ ئىرپان باغچىسىنىڭ سەن ئۆزۈڭ چىن باغۋىنى،
جاھالەت يىدى سەندىن بىر ئەجەللىك سوققىنى،
ىتىمگە تون كېچىمدە يول ئاچارىم قايدىسەن؟

رىيەت ئاسمانىمدا بولدۇڭ ئاجايىپ مۆتىۋەر،
«ھىدايەت» ① قامۇسىڭدىن ياندى پارلاق تاڭ سەھەر،
پاساھەت ھەم بالاغەت نۇقتىسىدىن تۆكتى زەر،
رىتىڭ ئالەمگە كەتتى، بىلدى دۇنيا شۇ قەدەر،
ىغان مەرغۇلغا ئوخشاش شوخ مۇقامىم قايدىسەن؟

ئېلىشتىڭ شۇم خۇراپات، قايغۇ ـ مۇڭ، غەپلەت بىلەن،
ىمىزگە مىنىۋالغان قوش زۇلۇم، قىسمەت بىلەن،
ئېلىشتىڭ سوپى ـ ئىشان، پارىخور، تۆھمەت بىلەن،
ىلاپ، تەپرىق، نادانلىق، پاسىق ھەم غەيۋەت بىلەن،
لىق روھىڭغا تولغان نۇر ـ چىراغىم قايدىسەن؟

---

① ئالىمنىڭ شۇ ناملىق ئەسەرى.

سەن ئىدىڭ دەرتمەن خەلقىڭ چوڭ ھىماتى، قولدىشى،
بولدى كۈچ ۋە ئىنتىقام ساھىل - غېرىبىنىڭ كۆز يېشى،
باسسىمۇ تاغدەك ئېغىر - چېكىڭ شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى،
شۇ كۆڭۈل سەھنەڭدە بولدى ھەم ئۇلارنىڭ ياز - قىشى،
خەلقىمگە ئاپتاپقا ئوخشاش مېھرىبانىم، قايدىسەن؟

سەن دىدىڭ: ئىززەتى - ئىكرام، ئىلمۇ - پەن، نۇردىن كېلۇر،
ساپ ھالال مېھنەت بىلەن چەككەن جاپا، قولدىن كېلۇر،
سەن دىدىڭ: ئابرۇي، نوپۇز، كۈچ ئۆم-ئىناق يولدىن كېلۇر،
بەختسىزلىك ھەم زەبۇنلۇق ئىختىلاپ پۇلدىن كېلۇر،
شۇ قەدەر توغرا ھۆكۈمگە ئىگە ئالىم قايدىسەن؟

سەن شۇئار قىلدىڭ دىياردا بارچە مىللەت تەڭ - ئىناق،
زىچ ئىناقلىق قۇدرىتىدىن ھەممە قەۋم تاپقاي روناق،
ئۆز ئارا ئۆچمەن بولۇش ئىنسانغا يات، تۇرسۇن يىراق،
ئىتتىپاقلىق، باپ - باراۋەرلىك گۈلى چاچسۇن پۇراق،
نە قەدەر يۈكسەك پىكىرلىك دىلپىگاھىم قايدىسەن؟

سەن ئىدىڭ ۋەتەن سۆيۈشنىڭ ئەڭ نۇرانە بايرىغى،
بولدى قەلبىڭدە يۇرتۇمنىڭ تاغۇ - دەريا، بايلىغى،
ئەجنەبى - ئەغيارنىڭ تەگسە زېمىنگە ئايىغى،
سەن چۇراپ چىقتىڭ، ئېتىلدىڭ،
سەن غەزەپنىڭ يارلىغى،
ياۋسىنەسىگە قادالغان زۇلپىقارىم قايدىسەن؟

ئويلىغان ئارزۇلىرىڭ تاپتى مۇرات - ھاسىل بۈگۈن،
ئاز ئەمەس بەردۇق بەدەل كۆپ، شۇل بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

...يېڭى دەۋران يارالدى كۆر ئەنە، كەتكەچ جۇدۇن-
...ى بىلەن يېشىلدى جىق، دىللاردىكى سانسىز تۈگۈن-
...ـسام سەن يوق يېنىمدا، ئىپتىخارىم قايدىسەن؟

1984- يىل، ئىيون، قەشقەر-

# لىرىكىلار

## مېھرىڭ قالدى يۈرەكتە

قەلبىم مېنىڭ چىرايلىق،
خۇددى كۆكلەم باھارى.
ھوزۇر بەردى تېنىمگە،
بېيجىڭنىڭ تاڭ سەھەرى.

يارىم سېنى ئۇزاتتىم،
گۈزەل يۇرتقا ئەشۇ چاغ.
پولات كارۋان ئوت ئېلىپ،
شاۋقۇنلىدى ۋاگزال.

سوۋغا قىلدىم گۈل دەستە،
يارغا لايىق ھۆرمەتتە.
كۆزلىرىمدىن بىلگەنسەن،
مېھرىڭ قالدى يۈرەكتە...

## گۈل ۋە باغۋەن

ياڭزا ـ ياڭزا گۈللەردىن
تىزدىم تاللاپ گۈلدەستە.
قەلبىم گويا بىر دەريا،
تىزدىم قايناق ھەۋەستە.

ھەر كۈنلىگى سەھەردە،
ئەشۇ گۈلنى پۈرايمەن.
سۆيۈنگەندە ۋۇجۇدۇم،
باغۋەننى سورايمەن.

دەيمەن: باغۋەن ئەجرىڭىز،
ئۆسمەيدۇ گۈل ـ غۇنچىلار،
تاللاپ دەستە تىزالماس
ھېرىسمەنلەر، گۈلچىلەر.

## بۇ دەرتكە نىمە چارە

كۆيۈپ قالدىم ئۆزۈڭگە،
شېرىن ـ شەرۋەت سۆزۈڭگە،
مۇھەببەتنىڭ پاك نۇرى،
چاقناپ تۇرغان كۆزۈڭگە.

ئايغا ئوخشاش چىرايىڭ،
مەپتۇن بولدى نىگارىڭ،

قايسى چاغدا پۈتەركىن؟
ۋەدە قىلغان قارايىمڭ.

سۆيگۈدىن تىزىپ لالە،
يۈرەكنى قىلدىڭ پارە.
ئېيتقىنا، گۈزەل دىلبەر،
بۇ دەرتكە نېمە چارە.

## شورلۇق مۇھەببەتتىن ئىز

قوشماقلارنى كۆرگەندە،
چۈشۈپ قالدىڭ يادىمغا.
ئەي كېپىنەك مىجەز قىز،
ھەسرەت سالدىڭ باغرىمغا.

بىللە ئويناپ ئۆسكەن چاغ،
بولدى بىردەم نامايان،
تۇلۇنئايمۇ بىلگەندەك،
بۈگۈن بىزگە سىڭايان...

چىمەنلىكتە قوغلىشىپ،
ئۆتكەن كۈنلەر ئېسىمدە.
تەشنالىقتا بىر باقساڭ،
سۆيگەن ئىدىم لىۋىڭگە.

راست بەرگەنمۇ — يالغانمۇ،
باغدا قىلغان ۋەدەڭنى؟

ئەسىر چۇشۇپ شوخلىققا،
خارلىدىڭ بۇ ياش تەننى!

ھايات بەرگەن ساۋاقنى،
ئۇنۇتمايمەن ئەسلەيمەن.
«ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن».

بېيجـ، 1962-، 1963 - يىللىرى

## ۋەتەن قىزلىرىغا

كۆرىمەن لىۋىڭدە تەبەسسۇم كۈلكە،
ۋەتەنىنىڭ قىزلىرى، يۇرتۇمنىڭ قىزى،
دولقۇنلار قەلبىمدە شاتلىق دېڭىزى،
ئەجرىڭدىن قاقاس چۆل پۈركەنگەچ گۈلگە.

بولمۇدۇڭ پەدازگە ئەسلا مۇپتىلا،
سۆيگۈنۈڭ كەڭ ئېتىز، ئىشلەيسەن ھەر چاغ.
تەرتۆكۈپ چىكەڭدىن، ياسىغانىدا باغ،
جاراڭلاپ شوخ ناخشاڭ بىرىندۇ سادا.

يۈرۈكۈڭ يالقۇنجار ئەل بەختى ئۈچۈن،
كۆرۈمەن.ھېمىشە زاۋۇتتا سېختا.
كۆرۈمەن خاماندا، ئىسسىق - سوغۇقتا،
ئېيتىمسەن، ياشلىقتا ئىشلىمەي نىچۈن؟

قولۇڭدا ئاپتومات، يورۇماستا تاڭ،
پوستاسەن، بۈركىتتەك سەزگۈر ھەر مىنۇت-
قەلبىڭدە دەۋرىمگە لاۋۇلدايدۇ ئوت،
قوندۇرماي كەلگەچ سەن قىلچە توپا چاڭ.

ئىلىم - پەن بىغىدىن ئاچىسەن تىنىك يەر،
جور ئېتىمك تاققا تەن، ئوقچۇيسەن ئىشقا-
"پوپاڭچى" يىگىتلار تەكىمۇ چىشقا،
مەرىپەت يولىدا سۆزەرسەن كەۋسەر.
.................................

لايىقسەن ماختاشقا، يۈكسەك باھاغا،
ھەرساھە، ھەر كەسىپ بولغاچ كۆكسۈڭدە-
شان شەرەپ گۈللىرى چاقنار ھۆسنۈڭدە،
تۆھيەڭ بار قىش تىزغاچ ھەيۋەت بىناغا.

پەرۋاز قىل، يەنىمۇ ۋەتەن قىزلىرى،
شۆھرىتىڭ جاراڭلاپ كەزسۇن جاھاننى.
كىم سۆيمەس ئالقىشلاپ بىزنىڭ زاماننى،
كۆرۈنسە ئىقبالدىن ياشلار ئىزلىرى.
1960- يىل، 27 - نويابىر -

## شۇڭا، ئادەم دىمە

ئانىجان، كۆز ئاچقاندا سۇبھى ئىچرە،
قوينۇڭدا تۆكۈلدى، ساپ كىندىك قېنىم.
(تاشلارمۇ چۈشكەن يەردە ئىزىز ئىكەن،)

«ئانا» دەپ تۇنجى قېتىم چىقتى تىلىم.
ئۆز يۇرتنى ئۇنۇتقاننى ئادەم دېمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نېمە؟

بوۋاممۇ ئامراق ئىدى گۈل ـ چىمەنگە،
دادامۇ ئۈژمە تىكىپ، ئەنجۈر قويغان.
يىگىنىمدە جىلۋىلەنسە چىمەن دوپپا،
بەلچىمدە تام تورۇسقا نەقىش ئويغان.
گۈزەللىك رەقىبىنى ئادەم دېمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نېمە؟...

جانانىم تاغلاردىكى بەرگى قىياق،
بايلىغىم چاقناپ تۇرغان ئالتۇن تاۋاق.
خۇمارى ئەجداتىمنىڭ بۇلبۇلگويا،
ھىجراندا پەرھاتلىرىم مەڭگۈ ئويناق.
مۇھەببەت قوزغىمىنى ئادەم دېمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نېمە؟

ياش ئىدىم، ئېقىل تاپتىم بولدۇم رۇستەم،
ۋە لېكىن، دەيمەن ھەممە باپ ـ باراۋەر.
مىللەت ـ ياخشى، يامانغا ئەمەس بەلگە،
ئىززەتكە ئەجرى كۆپلەر ھەق، سازاۋەر.
غۇرۇرسىز، كۈشەندىنى ئادەم دېمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نېمە؟

ھاياتلىق دولقۇنلۇنۇپ ئاققان دەريا،
بەختىمنىڭ مەنىسىدۇر ـ تىنىك قىيالار.

كەمكى شۇڭغۇپ يۇرۇپ دېڭىزى قازسا،
خوش بولۇر ئوتكەن ئەجدات، ئەۋلىيالار.
ھوقۇققا تاماخورنى ئادەم دېمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن‌ھە، پەرقى نېمە؟

ئەمەل دەپ يالايسەنكى بەدبۇي تاپان،
سوكسۇكنى ئەترە دەيسەن يېپىپ چاپان.
چاك كەتتى قانچىلاپ رەت قاداق تەخەك،
ئۈچ قىرلىق، ئىككى بىسلىق، تىكەن - ئازغار -
ئەقىدە بولغۇغاننى ئادەم دېمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نېمە؟

دۇنيادا چىرايلىق ئات - نامى كۆپتۇر،
كۆرگەن بىز ئەلمىساقتىن كۆپ مىسالنى.
مەرۋايىت بولالمايدۇ بىلىق كۆزى،
چىناركەن دەيدۇ كىممۇ شاخ - پاخالنى.
خىسلىتى ۋابالارنى ئادەم دېمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نېمە؟

ھۆپۈپمۇ كۆرۈنۈشكە ئۆز، چىرايى قوش،
ۋە لېكىن، ئاڭا ھېچكىم قىلماس ھەۋەس.
تىلى بىلەن دىلى ئەگرى ناكەسلەردىن،
ھەزەر ئەيلە، ئۆز ئىشىڭدا بولغىن پەخەس.
كۆيىچىمەن - دەپ نىقاپلانسا ئادەم دېمە،
ئۇنىڭكى ھايۋاندىن ھە، پەرقى نېمە؟

1983 - يىل 18 - ئۆكتەبىر. قەشقەر.

# گۈل لىرىكىسى

مۇھەببەت، مۇھەببەت، ئىشقى مۇھەببەت،
پاك قەلب ھۆسنىگە يار ئاشىقان زىننەت.
كىمنىڭمۇ چېھرىدە پارلىماس كۈلكە،
شۇ سۆزدىن لەۋلىرى تېپىپ كامالەت.

ھەممىگە يېقىملىق شۇ مەشھۇر ئۇقۇم،
سۆيۈنەر قىز يىگىت قايناق دىل بىلەن.
مۇھەببەت - ئۇ ئۆزى خۇشپۇراق بىر گۈل،
ۋەسلىگە يەتمەك تەس، ئۇندا بار تىكەن.

گۈل خىللاپ گۈلزارغا كىرگەن يىگىتنى،
كۆيدۈرەر سۆيگۈنىڭ رىشتىسى ئوتتا.
كۆيىدۇ ئۇ شۇنچە ھارارەت بىلەن،
كۆيمەيدۇمەرت يىگىت ھەرگىز "ئىس-دۇت»تا.

چىرايلىق غۇنچىلاپ تەلپۈنگەن شۇ گۈل،
بىلىدۇ ئۆمۈرلۈك ۋىسال قەدرىنى.
بىلىدۇ، ئاشىقى دەرتمەن يىگىتكە،
يۇرالماق ئىشقىدا چەككەن جەۋرىنى...

ۋە لېكىن "چىن سۆيگۈ ئېيتماق يىگىتكە -
مىراس بوپ قالغانمۇ؟» بىلمەيدۇ بۇنى.
چاڭقىغان يۈرەكنىڭ مەلھەم شىپاسى،
ئىخ ئەشۇ قىزلارمۇ بىلىسكەن شۇنى...

1963 - يىل 5 - ماي ، بېيجىڭ.



# مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى

مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى 1942 - يىلى قەشقەر شەھرىگە
ۋە دۆلەتباغ يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكول-
تىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى 1958 - يىلدىن باشلانغان.
ۋ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەشكە
بىرلەشتۈرۈپ، شېئىر، ھېكايە، نەسىر ۋە بالىلار ئۈچۈن فانتازى-
يىلىك ھېكايىلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللاندى. يېقىنقى بىر نەچ-

چە يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ «شاتلىق ناۋاسى»، «ئۇيغۇر خەلق مە-
سەللىرى»، «قالىغاچ» قاتارلىق كىتابلىرى ئارقا - ئارقىدىن
نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

مەھەممەت ئىسىدىق تۆمۈرى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ
شۆبىسىنىڭ ۋە جۇڭگو ئالىي مەكتەپلەر يېزىقچىلىق جەمئىيىتىنىڭ
ئەزاسى.

## شەنبە ئاخشىمى

ۋەدىلەشكەن شەنبە ئاخشىمى،
ئۇچراشماققا سائەت يەتتىدە.
غالىپ كۈتتى،
گۈلنۇر كەلمىدى،
قاراڭغۇمۇ چۈشتى لەپپىدە.

كۆز ئالدىغا كېلەتتى بىللە،
سەيلە قىلغان ئايدىڭ كېچىلەر...
كىنومۇ تېز باشلاندى ئەنە،
كەڭ كۇلۇپقا تولغان كىشىلەر.

سەۋرى تۈگەپ غالىپنىڭ شۇدەم،
زاۋۇتقا ئۇ، قاراپ ماڭدى تېز.
باستى غالىپ ياتاققا قەدەم،
كۆرۈنمەيتتى لېكىن، گۈلنۇر قىز.

گۈلنۇرنى ئۇ ئاختۇرۇپ ھەر يان،
تىنماي چاپسان قاراپ باراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىت - تىت بولۇپ باسالماي ئۆزىن،
شۇنداق خىيال ئويلاپ باراتتى:

"شىكەر شەنبە ئەمەسمۇ بۈگۈن،
بوشقا كەتسە بولامدۇ پۇرسەت.
مېنى ئالداپ ئۇنىڭ تانسىغا،
كەتكەنلىكى شەكسىز ھەقىقەت!

بەلكى مەندىن باشقىسىغا ئۇ،
كۆيۈپ - پىشىپ يۈرۈيدىغاندۇ.
تانسا ئويناپ پىقىراپ زالدا،
كۆز بېقىشىپ كۈلىدىغاندۇ.

ئورمان ياكى خىلۋەت كىرچىدا،
پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ يۈرەر.
مېنى ئالداپ باشقىسى بىلەن،
ئامراقلىشىپ كۆيۈشۈپ يۈرەر.

ئىسىت! ئىسىت! مېنى ئالداپلا،
كەتكەندۇ ئۇ، ئەمدى قاياققا!؟
چۈشەنمەپتىمەن ئۇنىڭ قەلبىنى،
ئۇچراپتىمەن تازا شاللاققا...

ھەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتىپ،
يىراق يۈرسەم ياخشىراق بولار.
كۆرسەم ئۇنداق ئالدامچىلارنى،
قەلبىم چەكسىز ھەسرەتكە تولار..."

ئويلاپ شۇنداق ئوي - خىياللارنى،
ئىشخانىغا كېلىپ قالدى ئۇ.
ئىشخانىغا كىردى - دە، بىردىن
تاشتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى ئۇ.

ئىشخانىدا گۈلنۇر قىز يالغۇز،
مەشغۇل ئىدى تەتقىقات بىلەن.
"يالغان ۋەدە قىلغانمۇ؟» - دىدى،
غالىپ شۇبھە، ئېھتىيات بىلەن.

"يالغان ۋەدە قىلغان ئۆزىڭىز!»، -
دىدى گۈلنۇر بىردىن ئاچچىغلاپ -
ئىشلىمىسىڭىز بولمامدۇ ياخشى
ئۆزىڭىزنى بىر يىگىت چاغلاپ!

ئاڭلىسام مەن سۈپەت، نۇرمىڭىز،
سىخ بويىچە تۆۋەن ئورۇندا.
نىمە ئۈچۈن چىكىنىپ كەتتىڭىز،
ياخشى ئىشلەپ كەلگەن بۇرۇندا؟!

باشتا ۋەدە قىلىشقانىغۇ بىز،
ئىشلىمەككە بايراقدار بولۇپ!...»
سۆزلەلمىدى... غالىپ قايتتى تىز،
ياش قەلبىگە خىجىللىق تولۇپ.

سۆزلەلمىدى: ئىشىق، سۆيگۈ، دەپ،
يوقاتقاچقا ئەقىل - ھوشىنى.

سۆزلەلمىدى كۆيدۇم، ئۆچتۇم، دەپ،
ئۇنۇتقاچقا شانلىق بۇرچىنى...

نازۇك تاللار "ئۇيات!» دىگەندەك،
شامال سوقۇپ پىچىرلىشاتتى.
يۇلتۇزلارمۇ زاڭلىق قىلغاندەك،
سىرلىق بىقىپ چىمىرلىشاتتى.

× ×

پەسىل ئاتلاپ، كەلدى گۈزەل ياز،
بولغان كوچا هايات قايىنمى.
ئىككى ياشنىڭ قەلبىدە شوخ ساز،
ئۇچراشتى شات شەنبە ئاخشىمى.

ئىككىلىسى قىزىل بايراقدار،
هەسسە قاتقان شان - چىلىش ئۈچۈن.
كۈلۈپ قىزغىن سۆزلىشەر ئۇلار،
يېڭى تۆهپە، ئىجات، ئىش ئۈچۈن...

بۈگۈن ئۇلار خۇشالدۇر شۇنچە،
بىر - بىرىگە ئىشەنچى تاغدەك.
خەمىز قەلبى گۈزەل باهاردا -
ياشناپ تۇرغان چىمەنزار باغدەك...

تەڭكەش سوقۇپ بىر جۈپ قوش يۈرەك،
"سۆيدۇم!» دەيدۇ شاتلىققا چۆمۈپ.

ئېگىپ باشىنى نازۇك گۈل ـ چېچەك،
تەبرىكلەيدۇ يۈلتۈز، ئاي كۈلۈپ.

1979 ـ يىل، 6 ـ ئىيۇن.

## مۇھەببەت

ئايدىڭ كېچە...

سۆزلۈشۈپ كەتتى،
يىگىت ۋە قىز گۈلباققا كىرىپ.
(خۇددى چۆلدىن قايتىپ سەنەمنى،
چاھار باغدا كۆرگەندەك غېرىپ).

ئۇلار ئازات دەۋر ياشلىرى،
كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چېچىلار.
تاتلىق ۋىسال ئىستىگىدە پاك،
گۈزەل سۆيگۈ گۈلى ئېچىلار.

مەڭگۈلۈككە ئۇلار ئۆمرىدىن
غېرىپ كۆرگەن سەرگۈزەشت يىراق.
ھەمكى يوقتۇر قايناق دىلىدا،
سەنەم تارتقان سىتەمكار پىراق.

پەرھات بىلەن شىرىن كەچمىشى،
ھەم ئۇلاردىن خالى ھەر ئاندا.
لەيلى بىلەن مەجنۇنغا ئوخشاش
ۋىسال ئىزلەپ ئۆتمەس ھىجراندا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋاموۇق ھوزرا قىسىۋەتلىرىدەك،
كۆرمەس ئۇلار ئاسارەت ــ زۇلۇم.
يوق ئۇلارغا تاھىر ــ زوھرەدەك،
ئىچىنىشلىق پاجىئە ــ ئۆلۈم...

ئۇلار ئازات زامان ياشلىرى،
كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چېچىلغان.
يىگىت ــ قىزنىڭ يۈرەك قېتىمدا
ئۈمىت گۈلى كۈلۈپ ئېچىلغان.

ئانا ئەلگە يارىتىپ تۆھپە،
ئۆز ئىشىدا قۇچقاچقا زەپەر.
ئىلغار بولۇپ قىزنىڭ يىگىتى،
پايتەختكە قىلماقچى سەپەر.

شۇڭا بۇندا ئىشچان يىگىت ــ قىز،
خۇشاللىقتا سۆيۈشۈپ تۇرار.
شەرەپ، غەلىبە، گۈزەل ئىقبالنى،
چىن ئىشقىنى سۆزلۈشۈپ تۇرار.

1979- يىل، 8 - مارت.

## ھايات ــ بىپايان دېڭىز

ھايات گويا بىپايان دېڭىز،
سەن ئۇندىكى ئۈزگۈچى كېمە.

ئۆپقۇنلارنىڭ باغرىنى تىلماي،
ئۆندىن ئۆزۈپ ئۆتسەڭ دىمە.

خۇددى دېڭىز دولقۇنى ئوخشاش،
مىڭلاپ مۇشكۇل كىلەر ساڭا دۇچ.
مەنزىلىڭگە يېتەرسەن ئاخىر،
ئىشلەتسەڭ گەر ئەقىل، غەيرەت، كۈچ...

1980 - يىل، ئوكتەبىر.

## قەشقەر يوللىرى

ئادەملەر دەريادەك ئاقار توختىماي،
قەدىمى قەشقەرنىڭ يولىدا بۈگۈن.
قەشقەرنىڭ ئەزىمەت ئىشچان بالىلىرى
كېلىدۇ راۋاپى قولىدا بۈگۈن.

بىر چاغلار نۇزۇگۇم ئۆسكەن، چوڭ بولغان
رەستىدە قىزىغان سودا - سېتىقلار.
مىڭ تۈرلۈك گەزماللار، مېۋە - چېۋىلەر.
تارتىدۇ زوقۇڭنى قايماق - قېتىقلار...

ئەنجۈرنىڭ شەرۋىتى ئاقماقتا ۋىل - ۋىل،
ئۇدالدى ھاياتنىڭ قايىنمى بولغان.
كوچىلار، سورۇنلار، ھەر بىر ئۆيلەردە
باياشات، توقلۇقنىڭ بايرىمى بولغان.

ئازارى سۆيۈنۈپ تاۋاپ ئەيلىگەن،
بازاردا كېلەملەر يەركە يېيىلغان.
گۈلزارلىق ئىچىدە كۆرۈپ گۈلزارلىق،
شاتلىقنىڭ دولقۇنلاپ، دىلىڭ يايرىغان.

يالتىرار مۇۋىلەر ئىككى قاسناقتا،
چاقىرار باققاللار شاپتۇل يېيىشكە.
قايىلمەن، قەشقەرنىڭ نېمىتى تولا،
ئوخشايدۇ خىسلىتى خۇددى بېھىشكە...

قەشقەرنىڭ يولىنى كېزىپ يۈرۈيمەن،
ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قەلبىم تەلپۈنەر.
شا مەشرەپ يانتاقلار چاپقان چۇمبۇستا①،
ياپ - يېشىل مېۋىلىك باغلار يەلپۈنەر.

نەزەرباغ، شامالباغ، گۈزەل دۆلەتباغ
ئايلىنىپ قوغانغا، سەمەنگە ماڭدىم.
ئەجداتلار ئىزىدىن ئېلىپ مەن توپا،
كۆزۈمگە سۈردۈم - دە، كۆكسۈمگە تاڭدىم.

ئەشۇ چاغ، ئالدىمدا ئۇزۇن بىر تارىخ،
بەتلىرى نۇر چاقناپ بولدى نامايەن.
قەدىمى شۇ يىپەك يولىنى بويلاپ،
ئۆتۈشكەن بۇ يولدا بېھساپ كارۋان.

① يېزىنىڭ ئىسمى.

قاراخانىلارنىڭ پايتەختى بولغان،
شۇ يېپەك يولىنىڭ تۈگۈنى قەشقەر.
سانىسىزلاپ ئەۋلاتنى باققان، تويغۇزغان -
جاھاننىڭ غۇرۇرى، گۈلشىنى قەشقەر.

تەھران ۋە باغداتتا، قاھىرەياقتا،
شۆھرەتلىك شەرىپى، شانىنى كۆردۈم.
خاڭجۇدا، پارىژدا قەدىم سەييالار
ياراتقان نەزمىدە نامىنى كۆردۈم.

يۈسۈپ ۋە مەھمۇدتەك مىڭلاپ ئەدىبىنى،
ئۆستۈردى شۇ ئۇلۇغ ئىزىز قەشقىرىم.
قامۇسلار يۇرتى بۇ، ئالىم ئانىسى،
سۈيى بال، نانلىرى مېغىز قەشقىرىم.

ۋاھ! بۈگۈن تېخىمۇ گۈللىنىپ قەشقەر،
يوللىرى ھەر ياققا شاخلىغان تولا.
ئاسفالت كوچىدا كەچتە يۈلتۇزدەك،
ساناقسىز چىراقلار چاقنىتار شولا......

گوياكى تەندىكى قان تومۇر ئوخشاش،
تارالغان ھەر ياققا قەشقەر يوللىرى.
يوللارنىڭ چېتىدە تاۋلىنىپ گۈزەل،
ئېچىلغان خۇشپۇراق رەڭدار گۈللىرى....

ئەي قەشقەر يوللىرى، قەدىمى يوللار،
شېئىردىن ساڭا زەر چاچقىم كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنااقلىق، دوستلۇقنىڭ، مېھرىبانلىقنىڭ
گۈلىنى كۆكسۈڭگە تاقىغىم كېلىدۇ.

1983 - يىل، قەشقەر

## ئاق توشقان

ئورمانلىقتا گۈزەل يار بىلەن،
ئايدىڭدا بىز خۇشال ئۇچراشقان.
چىغىر يولدىن سەكرەپ شۇ چاغدا،
چىپىپ چىقتى بىر جۈپ ئاق توشقان.

ماموق يۇڭلۇق ئەي ئاپپاق توشقان،
ھۈركمە — توختا، بىزدىن قاچما سەن.
ئوپۇل — توپۇل چاخچاق ئارىلاش،
سىرىمىزنى سۆزلەپ ئاچما سەن.

تۈنجى قېتىم ئۇچرۇشۇپ ھازىر،
قىلماقتىمىز تاتلىق مەسلىھەت.
بولسۇن دەيمىز ئۆمۈرلۈك، قوۋناق؛
ياشلىقتىكى شادمان مۇھەببەت.

قەدىرلىمەك شەرەپتۇر ئەبەت
مۇھەببەتنى قايناق يۈرەكتىن.
پىشار كېيىن مول مېۋە شىرىن،
ئەتىۋالىق سۆيگۈ — چېچەكتىن.

ئەي ئاق توشقان، يانماقتا پىراق،
ساڭا ئوخشاش بىزمۇ جۈپ - ئىناق.
نامىمىز بار ئىشچان دەپ يۇرتتا،
مەن بەك ئامراق، سۆيگىنىم ئوماق.

## يۈرىگىمدە لاۋۇلدار بىر ئوت...

ئىشتىن چۈشۈپ كېتەلمەي قالدىم،
قاراپ شەرەپ تاختىسىغا مەن.
سۈرىتىڭگە تىكىلدىم ئۇزاق،
بەختىيارلىق قايناق زوق بىلەن.

خۇددى ماڭا كۈلۈپ باققاندەك،
كۆزلىرىڭدىن ئۇچقۇن چېچىلار.
ئايدەك گۈزەل نۇرلۇق چېھرىڭدىن،
گويا تۈمەن گۈللەر ئېچىلار.

پەن - تېخنىكا ئىشىدا زەپەر —
قۇچۇپ، دىلنى شاتلاندۇرغان يار.
تەتقىقاتتا قېيىن ئۆتكەلنى،
يېڭىپ غالىپ قەدەم باسقان يار...

مەپتۇن بولۇپ كېتەلمەي قالدىم،
قاراپ شەرەپ تاختىسىغا مەن.
يۈرىگەمدە لاۋۇلدار بىر ئوت:
"ئىشچان يارغا سادىقمەن!..." دىگەن.

## شەپەق بولۇپ قىزاردى يۈزۈڭ...

"شىرىن بولۇپ سۆيدۈم سېنى چىن،-
دېدىڭ،- جېنىم، بولما ناتايىن..."
ناخشا ئېيتىپ ئۆتتۈم بۈگۈن تاڭ،
ئىشىگىڭدىن ئەگىپ ئاتايىن.

ئاۋازىمنى ئاڭلىدىڭ بولغاي،
كۈلۈمسىرەپ چىقتىڭ هويلىدىن.
يۈرەك ئويناپ سوقتى دۈپۈلدەپ،
خۇشاللىقا چۆمۈپ هوسنىڭدىن.

خۇددى ئەگمە قەلەم قېشىڭدەك،
ئىشتا پىشقان قولۇڭدا ئوغاق.
جىلۋىلىنەر لەۋىڭدە كۈلكە،
چولپان كۆزۈڭ يەردىدۇر بىراق...

يوپۇرماقتەك تىترىدى لەۋلەر...
ئەمما تىلدىن چىقمىدى سۆزۈڭ.
ئېيتقىن جېنىم، نىچۈن ئالدىمدا،
شەپەق بولۇپ قىزاردى يۈزۈڭ؟!

1962 - يىلى، ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

## ئانا تىلىم

ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم،
يۈرۈگىمدىن كۆيگەن تىلىم.
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سىڭگەن،
ماڭا بىلىم بەرگەن تىلىم.

تۇنجى قېتىم "ئانا" دېدىم،
سۆز قىلىشنى سەندىن بىلدىم.
مۇرادىمنى ھاسىل قىلدىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ئاشتى ساڭا ئىپتىخارىم،
بولغاچ ئۆزۈڭ دىلخۇمارىم،
سەن ـ سەن مېنىڭ تىل تۇمارىم.
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

مەھمۇت، يۇسۇپ، ناۋايىنى،
مەشرەپ، گۇمنام، سادايىنى،
يېتىشتۈردۈڭ نازارىنى،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ۋەتەن سۆيەر لوتپۇللىنى،
ئۇستاز شائىر نىم شېھىتنى،
قىلدىڭ ناتىق سەن ئۇلارنى،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

مىڭلاپ ئەدىب يازدى كىتاپ،
ھەر بىر جۈملەڭ ياڭراق خىتاپ،
دىل يورۇتتۇڭ بولۇپ ئاپتاپ،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ئۆزۈڭ مېنىڭ شەرەپشانىم،
قاندى بۈگۈن دىل ئارمانىم،
ئاشار سەندىن ئىقتىدارىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

سەن ئارقىلىق بىلىم ئېلىپ،
تەبىئەتكە يۈگەن سېلىپ،
ماڭدۇق ئالغا جەۋلان قىلىپ،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

كۈلدى گۈزەل سائادىتىم،
ئۇنى كۈيلەش چىن ئادىتىم.
ھەر قاچان سەن گاڭ قانىتىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

1984 - يىل.

## لەۋلىرىڭدە ئېچىلدى غۇنچە

كەڭ دالادا چايقىلىپ بۇغداي،
ۋىچىرلايتتى كۆكتە بوز تورغاي.
قىيا بېقىپ، ئېتىز ئارىلاپ،
«ئىشلە!» دىدىڭ كۈلۈپ خۇشچىراي.

توختاپ قالدىم قىردا بىر نەپەس،
نەزەر تاشلاپ ئۇماق چېھرىڭگە.
چېقىلغاندا كۆزۈڭدە چاقماق،
ئوت تۇتاشتى يۈرەك قەلبىمگە.

دېدىم: "يايرىم ئالساق مول ھوسۇل،
ياشلىق گۈلى چاچار خۇش پۇراق…"،
ئەگمە قېشىڭ بولۇپ بىر ماكان،
كۆزلىرىڭدىن ئېتىلدى سا داق…

كۈلۈپ كەتتىڭ ۋاقاھلاپ،
كۆكسۈڭ —
جۇپ ئالمىدەك سىلكىندى شۇنچە.
نەپىسىڭدىن چېچىلدى ئىپار،
لەۋلىرىڭدە ئېچىلدى غۇنچە…

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تۇرسۇن نىياز

تۇرسۇن نىياز 1940 ـ يىلى پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ھازىر- غۇلتوغراق يېزا بەش توپ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇ- لغان، ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ھەررىرى.

ئۇ 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، شۇندىن بان جاپالىق ئىزدىنىپ 200 پارچىغا يېقىن شېئىر، 12 پارچىغا يېقىن ھكايە-نەسرلەرنى يازدى ۋە بۇ ئەسەرلىرىنى «ئۇزۇن سەپەرنا خ- لىرى» (شېئىرلار توپلىمى) ۋە «گۈل لوڭقىسى» (ھىكايىلار توپلىمى)

ناملىق توپلام قىلىپ تۈزۈپ نەشرىيات ئورۇنلىرىغا تاپشۇردى. «ئەگرى شاخنىڭ تەقدىرى» قاتارلىق 3 پارچە مەسەللى شۇ ناملىق مەسەللەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ھازىر «رۇبائىيات» توپلىمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

تۇرسۇن نىياز قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدىبىياتچىلار جەمىيىتىنىڭ ئەزاسى،

# غەزەللەر

## 1

جاھان گۈلزارىدا خەلقىم، سېنىڭدەك ئۆزگۈلۈم يوقتۇر،
كى بولسا، باشقىدىن بىرسى كۆرۈشكە كۆزنۇرۇم يوقتۇر.

نەزەر سالسام ھاياتىمنىڭ پايانسىز كەڭ ساماسىغا،
سېنىڭدەك بىغۇبار، ئۆچمەس نۇرانە يۇلتۇزۇم يوقتۇر.

تۇرار ئالدا تۇمەن يىللىق شەرەپلىك تارىخىڭ چاقناپ،
بۈيۈك نامىڭ ئاتالماستىن يېزىلغان قۇرلىرىم يوقتۇر.

مېھىر - شەپقەت، غۇرۇرىڭسىز بېشىم يەتكەندىمۇ كۆككە،
ئۆزۈمنى بەختىيار مەن دەپ ئاتاشقا ھېچ تىلىم يوقتۇر.

كېزىپ چىقسام كۈنى مىڭ رەت ۋەتەنىڭ گۈل دىيارىنى،
سېنىڭدەك گۈلزابان خۇشخۇي، نازاكەت بۇلبۇلۇم يوقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

...امىڭ ئەۋجىگە مەپتۇن بولۇپ جامىڭدا مەي ئىچمەي،
...كتە ئۇرغىغان پونتان خۇشال ناخشا - كۈيۈم يوقتۇر.

...ىز نامىڭ - نىشانىڭسىز، پۈتۈن ئالەمنى سەيىر ئەتسەم،
...ەرگە مەن باراي دىلغا چىرايلىق بىر سۆزۈم يوقتۇر.

...ى ئۇنتۇپ، سېنى تاشلاپ قىساي مەيلى بېشىمغا تاج،
...ات دۇنياسىدا خەسچە قەدىر - قىممەت، يۈزۈم يوقتۇر.

...ان رەنالىرى ئىچرە، سۆيۈملۈكسەن، كۆيۈملۈكسەن،
...ىڭدەك مېھرىبان، غەمخان، يۆلەنچىم، مۇڭدىشىم يوقتۇر.

...ەمنىڭ ۋەسلىنى ئىزلەپ غېرىبتەك چۆللەردە يۈرسەم،
...يا ئىلياس كەبى سادىق، سېنىڭدەك قولدۇشۇم يوقتۇر.

...سارەتامىڭ باھادىر سەن ئالىپ ئەرتۈڭگا خىسلەتلىك،
...زەل ئەخلاق - پەزىلەتتە پەخرلەنمەس كۈنۈم يوقتۇر.

...تەن بەختى ئۈچۈن ھەر چاغ كۆيۈپ جەڭلەرگە ئات سالسام،
...قىدەڭدىن مەدەت ئالماي، چېلىشتا قۇدرىتىم يوقتۇر.

...اشاپ كەلدىم گۈدەكلىكتىن پېشىمگە باش قويۇپ ھەردەم،
...ويۈك ئەجرىڭنى ئاقلاشتىن بۆلەك مەقسەت، ئويۇم يوقتۇر.

...ەسەم بىللا، ئىرادەمگە مۇخالىپ زەررە ئىش قىلسام،
...ورۇق دۇنيا ماڭا زۇلمەت، مېڭىشقا تۈز يولۇم يوقتۇر.

...ۇياشتەك پارلىدى بەختىڭ، يېڭى دەۋران - زامانىمدا،
...بولۇمغا پارتىيەم باشچى، ئۇنىڭدەك غەمخورۇم يوقتۇر.

يېڭى شانلىق سەپەردە كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكەندە،
شۇ كۈنكى بەختىيار بايرام كۈنىگىدەك چوڭ تويۇم يوقتۇر.

2

جان ۋەتەن ـ جانان ۋەتەن، بىر سەن ئۈچۈن جاندىن كېچەي،
كۈچ بېرىپ تۇرغان تېنىمگە قىپ ـ قىزىل قاندىن كېچەي.
مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلسەم ئەرزىگەي شامۇ ـ سەھەر،
شەپقىتى سىغماس جاھانغا دىلرابا ياردىن كېچەي.
سەن ئانا مېھرىڭنى دىلغا ئەيلىدىڭ ئابى ھايات،
شۇ ئۇلۇغ ئىشقىڭ تۇپەيلى سۇ، ھاۋا، ناندىن كېچەي.
كىم يۈرەك رىشتىمنى سەندىن ئويلىسا ئۈزمەك ئۈچۈن،
كۆيدۈرۈپ نەپرەت ئوتۇمدا "يۈز،نۇمۇس ـ ئار" دىن كېچەي.
سەن ماڭا بەردىڭ نىجاتلىق، ئۆلسىمۇ تۇققان ئانام،
شۇ بۈيۈك ئەجرىڭ ئۈچۈنلا بىر ئۆمۈر زاردىن كېچەي.
كەلسە ئالدىمغا ئەگەردە ياۋ بىلەن قىلماققا جەڭ،
ئوق قىلىپ قەھرىمنى شۇ ئان مىڭ سەۋەپ، نازدىن كېچەي.
شان ـ شەرەپ قۇچسام مۇبادا، ئوڭ كېلىپ بەختىم مىڭ،
بولمىسا نامىڭ بېشىمدا بار ئاتاق ـ شاندىن كېچەي.
ئى نىيازى كەتسىمۇ جان ئۆز سۆزۈڭگە قىل ئەمەل،
بولمىسۇن ھەرگىزمۇ يالغان ـ "مەن" ئۈچۈن باردىن كېچەي.

3

بىر مەھەل تەتۈر پەلەكتىن كەلمىدى خۇشلۇق ماڭا،
نەگە بارسام سايە ئوخشاش بولدى يار شۇملۇق ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىدىم: ئىنسان ئىكەنمەن پاك كىتەي ۋىژدان بىلەن،
دە ياش ئۆتكەن ھاياتتىن ئۆلگۈنۈم يوللۇق ماڭا.
ۋا بىلدىم ياشاشنى مەن يەنە ئويلاپ تۇرۇپ،
سىمۇ ھەر - بىر دەقىقە مىڭ تالاي خورلۇق ماڭا.
مىدىم ھەققانىيەتتىن، كەلسىمۇ باشقا ئەجەل،
ئىكەن چۈنكى ئەزەلدىن تۈلكىدەك قۇۋلۇق ماڭا.
ى تاڭ، كۆتكەن باھارىم قايتىدىن كەلدى يېنىپ،
- جاھان گويا كۆرۈندى قىپ - قىزىل چوغلۇق ماڭا.
ئەقىدەمگە مۇناسىپ باشلىدىم شانلىق سەپەر،
زىلىم ئاچتى يۈزىنى شۇنچىلىك نۇرلۇق ماڭا.
ى مۇھەببەت كەۋسىرىدىن ئۈندى گۈل - ئاچتى چېچەك،
مىدى شانۇ - شەرەپتىن باشقىچە زورلۇق ماڭا.
ئارا ئۈزدۈم سەنەمگە ھەر كۈنى مىڭ ياڭزا گۈل،
كىرەك مۇنداق بەختتىن ئۆزگە چوڭ تويلۇق ماڭا.
تېنىمدىن تامچىغان تەر بولدى قەن، ئابى ھايات،
رسىز ئىچكەن ئېشىم، ئىچسەممۇ ئۇ تۇزلۇق ماڭا.
تىمدىن ياشناتتى باغۇەن-نان بېرىپ تۇققان ۋەتەن،
لىسام مېھرىگە سادىق ھەممىدىن كورلۇق ماڭا.

4

ۇرەلدىم زوقى،ئىشقىڭدىن تېنىمگە جان كىرىپ،ناخشام،
ۇغۇلدۇم كۈچ - مادارىڭدىن ھاياتقا كۆز ئېچىپ،ناخشام.
ۇڭۇك بولدى يەنە دەسلاپ قۇلاققا كىرگىنى مۇڭلۇق،
پەندىم ئەللىيىڭ بىرلە بۆشۈكنى باغ ئېتىپ،ناخشام.

يېتىلدى تەنلىرىم ئوتلۇق كويا كى قىپ-قىزىل چوغدەك،
لىرىكاڭ پىلتىسى دائىم يۈرەككە ئوت يېقىپ، ناخشام.
غېمى قايسى ھاياتىمنىڭ جاھاندا بىلمەدىم ئەسلا،
مۇھەببەت جامىدا سۆيگۈ شارابىڭنى ئىچىپ، ناخشام.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، ياشاشتىن قىلمىدىم پۇشمان،
ئۈمىت نۇرۇڭ كېلىپ غالىپ، ئۆلۈمنى ھەم يېڭىپ، ناخشام.
ئېشىپ مۇشكۈل داۋانلاردىن، سەپەردە ھارمىدىم ئەسلا،
پەلەككە ياڭرىغان ئەۋجىڭ كۈچۈمغا - كۈچ قېتىپ، ناخشام.
دىدىم ھەر كۈن سېنى ئىڭشاپ: "قېنى سەن ئەي گۈلى رەنا؟"
سېنى ئېيتقان ئاماننادەك پەرىنى ياد ئېتىپ، ناخشام.
پەخىرلەندىم گادايلىقتىن، ئۇچامدا تۇرسىمۇ جەندە،
ئۆزۈمنى چىن بەختلىكلەر قاتارىدا سېزىپ، ناخشام.
ئاتالدىم بۇلبۇلى شەرقنىڭ جاھان گۈلزارىدا قانچە،
مۇقامىڭ شەۋكىتى تۆردىن ھەمىشە جاي بېرىپ ناخشام.
بېشىم يەتتى يەنە كۆككە، يېڭى دەۋران - باھارىمدا،
زامانىم دىلبىرى قايتا كى قەدىرىڭگە يېتىپ، ناخشام.
تۇغۇلدۇم بىر سېنى ئويلاپ، ياشاپ كەلدىم سېنى تۇۋلاپ،
ئۆلۈپ كەتسەم نېمە ئارمان، ئۈنۈڭگە ئۈن قوشۇپ، ناخشام.
نەھاجەت كۆز يېشى ئەلنىڭ، نىيازى مىڭ تۈمەن رازى،
قويۇشسا قەبرىگە دوستلار مېنى بىر زەت ئوقۇپ، ناخشام.

5

بىر كېلىپ كۆرگىن يېزامنى، كەڭ دالا باغلار گۈزەل،
نۇر يېغىپ تۇرغان يۈزىدىن قىپ - قىزىل تاڭلار گۈزەل.

ى - يېزى ئوخشاش باھارغا ، ئۆزگىچە خىسلەتكە باي،
ل پۇراپ تۇرغان كۆپۈلدەپ ، بىباھا ئايلار گۈزەل.
پ - يېشىل ئورمان قاتارى سوزسا بوي ئاسمان پەلەك،
ستىدا تۇرغان تاناپتەك رەتمۇ - رەت يوللار گۈزەل.
ۋج ئۇرۇپ ئىككى يېقىغا زەر بىلەن ئۈنچە چېچىپ،
خلۇنۇپ ئاققان كۆمۈشتەك سۇغا باي سايلار گۈزەل.
ئۆزى بۇلبۇل ماكانى سايرىغان كاككۇكمۇ تەك،
ن مۇھەببەت سەيلىگاھى - ئەۋرىشىم تاللار گۈزەل.
غىتىپ ئوينىشقا ئەپلىك باغرىدا تاي، قوزىلار،
چا ، قارغايدىن بېزەلگەن ياپ - يېشىل تاغلار گۈزەل.
ن تۇغۇلغان چۆل تۈمەن شۇ ، باشقا بىر جەننەت ئەمەس،
لنى - گۈل قىلغان چىرايلىق تۇتمىيا قوللار گۈزەل.
ختىماس قىز ۋە يىگىتنىڭ بەختىيار شات كۈلكىسى،
لكىگە شاھىت - گۇۋاچى ، كۆزدىكى تويلار گۈزەل.
رمىنىم يوق، — دەيدۇ بۇندا ھەر كىشى،- ئۆلسەم قېرىپ»
ئلى دەۋرىمدىن ياشارغان ئاقساقال-چاللار گۈزەل.
مە - مەشرەپ، مەرىكىلەردە توختىماس تۈن تەگگىچە.
تمىيە ئازات زامانغا ياڭرىغان سازلار گۈزەل.
ل نىيازى سەنمۇ ئورتاق بۇ مۇقامدىن بەھرى ئال،
ئشاڭ بۇلبۇل چىمەندە سايرىغان چاغلار گۈزەل.

6

رت ئەمەس چوڭ سۆزلىسە كىم ، مەرتنى مەيداندا سىنا،
س بىلەن ئوخشايدۇ ئالتۇن، زەرنى گۈلخاندا سىنا.

كىشنىگەي قىرچاڭغۇ ئاتمۇ، ئوت بېرىپ باقساڭ بىكار،
ماختىماي تۇلپارنى ئۆيدە، جەڭگە چىققاندا سىنا.
قىپ - قىزىل تۇرغانلار باغدا، ھەممىسى چوغلۇق ئەمەس،
لالىمۇ، ھەشقىپىچەكمۇ گۈل ئېچىلغاندا سىنا.
بالچىمەن دەپ ئالدىغايمىش بەزىدە گۈلنى چىۋىن،
ھەرىمۇ ياكى چىۋىنمۇ، نەگە ئۇچقاندا سىنا.
پەرق ئېتىش بەكمۇ قىيىندۇر ئادىمى ئەۋلادىنى،
سەن ئۇنى بىلمەكچى بولساڭ نامى چىققاندا سىنا.
ئامىتىڭ بار چاغدا ھەر كىم، مەي ئىچەر ئۇلپەت بولۇپ،
ئاقكۆڭۈل، سادىقلىغىنى كوزا سۇنغاندا سىنا.
بىل نىيازى بۇ ھەقىقەت، ئۆز سۆزۈڭنى قىل ساۋاق،
دوستنى دوستاندا ئەمەس، كېسەلدە ياتقاندا سىنا.

7

نىگارىم خەيرى - خوش سەندىن، مېنى كۆپ ئەسلىمە ئەندى،
«ياشالماس ئۇ مېنىڭسىز» دەپ، ئۆزۈڭنى بەزلىمە ئەندى.
ۋاپاسىزلىق يېغىپ تۇرغان كۆزۈڭگە مەن خېلى تويغان،
كۆيۈپ ئۆچكەن مۇھەببەتنىڭ كۈلىنى پۈ دىمە ئەندى.
پاك ۋىجدان گۈزەللىكنىڭ ئەمەستۇر ئۆلچىمى تىلدا،
«ئۆزۈم يۈكسەك ساداقەتنىڭ گۈلى» دەپ سۆزلىمە ئەندى.
جاھاندا قايسى بىر ئاشىق ۋاپاسىز يارغا قۇل بولغان؟
سېلىپ بۆكۈمگە جىگدەڭنى گۆھەر دەپ تەڭلىمە ئەندى.
«ئىشق باشقا، ھەۋەس باشقا» بۇنى ئىسپاتلىغان تارىخ،
قوشۇپ زىم - زەمگە مىكىرىڭنى سۇنۇشنى قەستلىمە ئەندى.

www.uyghurkitap.com

نكە تەڭ بولۇپ ئورتاق، ئەلەم كەلگەندە باشىمغا،
رگىنى بىر يولى ئۆرۈپ، قىچىشنى قەستلىمە ئەندى.
ەبىەت بىباھا نەرسە، بېرىپ ئالتۇن ئېلىپ بولماس،
 «كالۋاڭ بازارى» دا پۇلۇم دەپ خەجلىمە ئەندى.
م ئەلاكى ئاشىققا ياشاشتىن ئالدىنىپ سەرسان،
ۇق ئىمىزەكنى «مەممە» دەپ ياشاشنى كۆزلىمە ئەندى.
لغاي ئوتقىلا كىرسە ھەقىقى مىس بىلەن ئالتۇن،
پ پەداز سىياقىڭغا كىشىنى پەللىمە ئەندى.
زى ئېيتىمدۇ دىلدىن سۆزىگە چىن قۇلاپ سالغىن،
كالمايدۇ مېنىڭسىز» دەپ، كۆرەڭلەپ سۆزلىمە ئەندى.

8

ى ئېگىپ قىلدىڭ سالام، قىلغان سالامىڭ ساختىمدۇر.
تىنكى ئاپتاپ كەبى كۈلگەن چىرايىڭ ساختىمدۇر.
تۇنۇپ قەلبىڭ ھەسەتتىن ئىس تۈتەپ تۇرسا شۇدەم،
ىدى دەمسەن مېنى، سۈرگەن خىيالىڭ ساختىمدۇر.
كۆڭۈل ئىنسانغا ھۆرمەت ئەسلىدە قىلغان سالام،
لىكىن شۇ تاپتىكى جىلۋە، خۇمارىڭ ساختىمدۇر.
زامان ئالدىڭدا گويا ئەرزىمەس بىر خەس ئىدىم،
دى زارلانما ئۇشۇق ھەر بىر ئىپادەڭ ساختىمدۇر.
ستى كەلگەي كىشىنىڭ ھەر قاچان خەلقى بىلەن،
ى ئۈنىڭسىز تاجى ــ دۆلەت، گۈل سىياقىڭ ساختىمدۇر.
ز ئۈيۈڭدىن باشقا ئۆيگە چۈشمىسە زەررە يورۇق،
بەخش ئەتتىم دىمە ياققان چىراغىڭ ساختىمدۇر.

ساختىدۇر ساختا كىشىنىڭ ھەر زامان قىلغان ئىشى،
كەينىدىن تۆككەن يېشىڭ، ھەسرەت پىراقىڭ ساختىدۇر.

## 9

بىر كۈنى ئۇن ئۆيگە كىردىم، مەقسىدىم: بىر جىڭ سوراپ،
ئاغزىدىن چىقتى جىمىنىڭ "يوق" دىگەن بىر خىل جاۋاپ.
"ئالتە يىل ئالدىدا كۆرسەم بارتىغۇ ھەر ئۆيدە جىڭ؟"
جىلى بوپ كەتتىم ئىچىمدە ھەممىنى "پىخسىق" ساناپ.
كۈلدى شۇچاغ بۇ سۆزۈمدىن چوڭ ئانام "پىسىڭگىندە"
"بىزمۇ بەش يىل ئالدىدا ئالغان ئىدۇق بىرنى ياساپ.
ئۆتكۈزۈپ بولمايتى ئۇچاغ، راست دىدىڭ بىر كۈنىمۇ،
بولمىسا ھەر بىر كىشىدە جىڭ بىلەن پۇختا ھېساپ."
بايقىدىم "يوق"نىڭ سىرىنى ئەمدى بۇ سۆزدىن كېيىن،
بىر بۇلۇڭدا تاشلىنىپ، تۇرغان پۇچۇق جىڭغا قاراپ.
ھە، دىدىم ئاشلىق كۆپەيگەچ ئەندى بىزنىڭ ئۆيدىمۇ،
تەڭلە ئۆلچەم بوپتىكەندە، بۇ قاپاق جىڭغا تاۋاپ.

## كىتاپ ھەققىدە مۇخەممەس

قاچانكى يەتتىگە كىردىم ماڭا يار بولدى بىر دىلبەر،
گۈزەللىك بابىدا كىرسىز، يۈزى نۇرلۇق، تىلى شېكەر.
شېكەر تىل لەۋزىدىن ئىچتىم ۋۇجۇدۇم قانغىچە كەۋسەر،
نەكەۋسەر خىسلىتى چەكسىز، تېگى يوق بىباھا گۆھەر،
ئۇنىڭ نۇرانەچېھرىدىن خىجىلدۇر كۆكتىكى ئەختەر.

ەندىم «ئا» بىلەن «ب» نى ئۇنىڭ يارقىن يۈزىدىن مەن،
ەندىم ھەق-ئادالەتنى ، تونۇپ ئۆتكۈر تىلىدىن مەن،
ىگە كۈچ - قۇۋۋەت يىغدىم مېھرىلىك ھەر سۆزىدىن مەن،
ۇپ يەتتىم كىلىچەكنى قۇياش يەڭلىغ كۆزىدىن مەن،
ەل ياشلىق ھاياتىمنىڭ يولىدا بولدى ئۇ سەرۋەر.

ىڭ نۇرىدا ئوت ئاچتىم، قارا زۇلمەت - جاھالەتكە،
اشتىم قىپ - قىزىل گۈلدەك يېڭى دەۋران - سائادەتكە،
اشتەك چاقنىدى قەلبىم ، يېتىپ ئەقلىم كامالەتكە،
ۇپ ئاشنا گۈزەللىككە، قەدەم قويدۇم ھىدايەتكە،
ل - ئىدرەك - پاراسەتتە ماڭا بولغاچقا ئۇ جەۋھەر.

اتىم ئۆتمىدى بىر كۈن ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ يەككە،
ىمىز دۈت - نادانلاردىن يىسەممۇ قانچىلاپ دەككە،
تاپ مەستانىسى» - بۇ سۆز بەخش ئەتتى ماڭا كۈلكە،
اپ - تۆھمەت ھاقارەتكە ، ئۇمىتتىنى ئۆزمىدىم چەككە،
ىشكە مۇشكۇلاتلارنى ئۇ بولدى ماڭا تىغ-شەمشەر .

ياتنىڭ قىممىتى نەدە؟»، ئۇنىڭدىن مەن سوراپ باقتىم،
گەن بىر كۈن ئۇچۇن ئون يىل»، دىدى ئۇ، چىن جاۋاپ تاپتىم،
شتىم - تىرمىشىپ ھەر كۈن، بۇ يولدا كۆپ داۋان ئاشتىم،
ىلدى سېھرىلىك تىلسىم، زەپەر دەرياسىدا ئاقتىم،
سان - مەقسەتكە يەتمەككە ئۇ بولدى ماڭا ئەڭگۈشتەر.

ھاجەت زەر ئۇچۇن پەرداز، چىرايلىقتا گىرىم - زىننەت،
ۇ زىننەت ، ئەشۇ بايلىق ئىدىڭ سەن مەن ئۇچۇن قىممەت،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇڭا بىلدىم سېنى ھەر چاغ بېشىمغا تاجەئى - دۆلەت.
سېنىڭدىن نۇرلىنىپ قەلبىم، ۋۇجۇدۇم تاپتى كۈچ - قۇدرەت،
ئەجەپ خۇشبۇيىنى چاچتى يولۇمغا لالەئى - ئەنبەر.

جاھان چەكسىز، ئۆمۈر چەكلىك، نىيازى چىڭ ئېسىڭدە تۇت،
بىلەمسىز بۇ جاھان ئىچرە ئەمەستۇر ھېچ ئىشنىڭ مەۋجۇت،
ياشايدۇ تۆھپىسى مەڭگۇ، ئىجاتكار، قەھرىمان ئەرقۇت،
بۇ سۆزگە چىن گۇۋا- شاھىت ئۇلۇغ ئۇستاز بوۋام مەھمۇت،
كىتابىنى دوست تۇتۇپ سەنمۇ ئۈگەن ھارماي، بولۇپ كەمتەر.

## رۇبائىلار

1

كۆڭۈل سۇلتانىدىن يۈكسەك جاھاندا كۆرمىدىم سۇلتان،
شاھانە تەختىگە زىننەت بىرەركەن گۈل كەبى ۋىژدان،
ئەشۇ ۋىژدان قانات بولدى چىقىشتا ئەرشى ئەلاغا،
غۇرۇرۇم ئالدىدا پەستەك بىلىندى يەتتە قات ئاسمان.

2

قىش كېتىپ كەلگەن باھارنىڭ شۇنچە راھەت پەيزى بار،
باغرى قان بۇلبۇلغا گۈلنىڭ باغدا چەندان مەيلى بار،
مىڭ جاپالار ئىچرە پەرھات تاغ كېسىپ يۈردى نېچۈك،
چۈنكى ھەر قازغان تېشىدا مەشۇقىنىڭ ۋەسلى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3

...تا كىردىم گۈلچى قىز، گۈلنى ئۈزۈپ تۇتتى ماڭا،
...پەردە» گۈلنىڭ ئەمەس، قىزنىڭ ھىدى يەتتى ماڭا.
...تتىدى دەل نالىسىدىن باغرى قان بۇلبۇلمۇ تەڭ،
...دى بۇلبۇل خۇش تەبەسسۇم ئىشق ئوتى كۆچتى ماڭا.

4

...ال جامىدا سۇندۇڭ مەي ئۇنۇتتۇم داغى ھىجراننى،
...ۈل دەشتىدە ياشناتتىڭ يېڭىچە باغۇ ـ بوستاننى.
...دە قىلچە غۇم ساقلاش يېگىتكە خاس ئەمەس خىسلەت،
...اي ئەندى ساڭا قوللاپ ۋاپادىن لالە ـ رەيھاننى.

5

...مۇرۇپ نامەرت قولىغا، نان تىلەپ جان باقمىدىم،
...ەسەتتىن رىسقى ئىزلەپ، ئاينى كۈنگە چاقمىدىم،
...ى دىسە سەرراپ گۆھەرنى، مەن دىدىم "ياق بۇ گۆھەر"،
...سەۋەپ "ئاتەش» دىلىمغا مۇزغا ئوخشاش ياقمىدىم.

6

...تىمسا بۇلبۇل شېخىمغا، گۈل نىھالىڭ نە كېرەك؟
...رمىسەڭ ئەلگە مېۋە، قەددى چىنارىڭ نە كېرەك؟
...رمىدىم شاتۇتىنى بۇلبۇلغا تەڭ قىلغاننى ھېچ،
...سا «لاي ـ لاي» كۈندە ناخشاڭ بۇ ئىجادىڭ نە كېرەك؟

7

قانچە كۈن، قانچە كېچە ئۆتتى ئۇنى مەن بىلمىدىم،
ئۆيـقىدىن كەچتىم تەپەككۇر باغىدىن گۈل ئىزدىدىم.
گۈلنى دەپ چەككەن جاپا يەتكۈزدى شېرىن ۋەسلىگە،
مەنمۇ بۇ ئىشتا غېرىپتەك زەررە پۇشمان قىلمىدىم.

8

ئالىمنى ئاتتىم دىمە، ئاتقاندىكىن تۇتماق قىيىن،
پۈۋلىمە شامۇ چىراغنى ئۆچسە ئۇ ياقماق قىيىن.
ئالىمنى ئۆتكەن ئۆمۈرگە، ئۇتتنى جانغا قىل قىياس،
كەتسە ئۆمرۈڭ، چىقسا بۇ جان قايتىدىن تاپماق قىيىن.

9

...

ئىزدىدىم ئاسمان-زېمىندىن بۇ ئىجات ئىلھامىنى،
قويمىدۇم ھەتتاكى كەزمەي شېئىرىيەت گۈلزارىنى.
"مەن"، - دېدى شۇ چاغدا ئىلھام، - ئاي بىلەن گۈلدەك ئەمەس"
چىقتى راست ئۇ ئۆز تېرىمدىن كۆرسىتىپ رۇخسارىنى.

10

ئاشىغى بولغاچ، شېخىدا گۈل تىكەندىن ئەتىۋا،
زەر خېرىدارى بازاردا كۆپلىگەندىن بىباھا.
مەن ئۇچۇن تۇققان ۋەتەن، ئۆسكەن ئېلىم جاندىن ئەزىز،
تۇپرىغى كىمندىك قېنىم، تۆككەن تېرىمدىن تـۇتىيا.

11

سەن ئەمەس بىر كۈندە سەندەك مەيلى ئۆلسۇن مىڭ كىشى،
ئار تۇر الماس بۇ ئەجەلگە بارچە ئەلنىڭ كۆز يېشى.
ئويلىما: كەتسەم جاھاندىن چۈگىلەمەس يەر شارى دەپ،
ئايلىنار سەنسىز يەنە، چەرخى پەلەكنىڭ گەردىشى.



# ۋاھىتجان غوپۇر

1

ۋاھىتجان غوپۇر 1951- يىلى مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات
نتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر قەشقەر پېدا-
گىكا ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى - «ئاچقاندا ۋاراق» 1964- يىلى
تبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇ ھازىرغىچە -
ك نۇرغۇن شېئىر، داستان، مەسەللەرنى گېزىت - ژۇرناللاردا
لان قىلدى. بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى.
نىڭدىن باشقا «مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئۆچمەس نامايەندە»،

«يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە سۆزدە گۈزەل بولۇش» قاتارلىق كۆپ-لىگەن ئىلمى ماقالىلارنى يېزىپ، بىر قىسمىنى كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇنىڭ يولداش ئەسقەر ھۆسەيىن بىلەن بىر-لىشىپ يازغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەزكىرىلىرى» ناملىق كىتاۋى ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقتا. بۇندىن باشقا ئۇ يەنە شېئىرلار، شېئىرى مەسەللەر، ئىلمى ماقالىلار توپلىمىدىن ئىبارەت 3 كىتاۋىنى نەشرگە تەي-يارلىدى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، مەم-لىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى-نىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

## پەزىلەت بولاقلىرى

### 1

دېيدۇ مەھمۇت قەشقەرى: "ئىلدۇر پەزىلەتنىڭ بېشى"
ئېھتىيات قىلماق شۇ ئىلغا مەرت، زىرەكلەرنىڭ ئىشى.
خۇددى گۈلشەندە ئېچىلغان لالىدەك تەبئى، گۈزەل -
خۇشپۇراق بولسۇنكى ئۇ، بولسۇن ھالاللىق سىردىشى.
توغرۇلۇق، راستىلىق ۋە پاكلىق كۆيىنى ئۇ كۈيلىسۇن،
نۇر ۋە ئىللىقلىقنى سەزسۇن ئاڭلىغان ھەر بىر كىشى.
قىسسا، ئېخچاملىقتا كۆنسۇن، مەنىسى بولسۇن تىرەن،
بۇ سۈپەت ئىلنىڭ بولالماس زەر، گۆھەر ھىچ تەگدىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسرىسا كىم تىلنى شۇ يەڭلىغ كامالەت تاپقۇزۇپ،
نامى ئۆچمەس ئۆلسىمۇ، خاستۇر ئاڭا ئەل ئالقىشى.
ئەكسىچە كۆندۈرسە غەيۋەت، پىتنىگە بۇ تىلنى كىم،
ياقتۇسى ئۇنداق كىشىنىڭ بېشىغا لەنەت تېشى.
گەپ توشۇپ، تۆھمەت قىلىپ، ئەل ئىچرە سالسا زىددىيەت،
بۇ زەھەر يەڭلىغ يامان تىلنى تۇتار ئەل قارغىشى.
تىل مۇھىم ئەزا، ئۇنى قوغداڭ يامان سۆز خەۋپىدىن،
سۆزىڭىز بولسۇن گۈزەل، بولسۇن ھەقىقەت كىشمىشى.

2

بۇ ئۆمۈرنىڭ زىننىتىنى سىز گۈزەل ئەخلاق بىلىڭ،
ھەر كىشىنىڭ قىممىتىنى سىز گۈزەل ئەخلاق بىلىڭ.
مېھرى ئورناشقان كۆڭۈللەر توزىماس گۈلدەك گۈلەر،
ئارزۇ ـ ئارمان راھىتىنى سىز گۈزەل ئەخلاق بىلىڭ.
بىر گۆھەر ئۇ، لايىغا ئاتمايدۇ ئۇنى ئاقىل كىشى،
ئادىمىلىك ئىززىتىنى سىز گۈزەل ئەخلاق بىلىڭ.
باركى ئۇ، بولماس ئەدەپسىزلىك، يامانلىققا ئورۇن،
مەرت، جېۋەرلىك قۇۋۋىتىنى سىز گۈزەل ئەخلاق بىلىڭ.
تاپسا كىم ئابرۇي-ئىناۋەت تاپتى دائىم ئۇ بىلەن،
ياخشىلارنىڭ شۆھرىتىنى سىز گۈزەل ئەخلاق بىلىڭ.
ئۆمرىڭىز بولسا دەرەخ، شېرىن مېۋە ئۇ شېخىدا،
ئەجرىڭىزنىڭ بەرىكىتىنى سىز گۈزەل ئەخلاق بىلىڭ.
قالمىسىز ھەسرەت ـ نادامەتتە، ئۇنى خار كۆرسىڭىز،
بەختىيارلىق نېمىتىنى سىز گۈزەل ئەخلاق بىلىڭ.

بولسىڭىز تەشنا ئۆمۈرلۈك چىن ۋاپادار دوستقا گەر،
بۇ كۆڭۈلنىڭ ئۈلپىتىنى سىز گۈزەل ئەخلاق بىلىڭ.

## 3

ھەر كۆڭۈل باغىدا گۈل ئۈندۈرگۈچىدۇر تەربىيەت،
ئۇنى يار تۇتقاننى شات كۈلدۈرگۈچىدۇر تەربىيەت.
تاپتى دانالار ئۇنى تۇتقاچقا دوست ھۆرمەت، شەرەپ،
ئەلنى ئىرپان مەۋجىدە ئۈزدۈرگۈچىدۇر تەربىيەت.
كاج، نادانلىق، ھەر بىپەتسىزلىك كەبى ئىللەتلىنى،
يىلتىزىدىن ئۆرتەبان كۆيدۈرگۈچىدۇر تەربىيەت.
ياش، گۈدەكلەر قەلبىگە چاچسا بىلىم، ئەخلاق نۇرى،
بەد قىلىقتىن چوڭلىنى بەزدۈرگۈچىدۇر تەربىيەت.
بىۋاپالىق، بىھايالىق ھەم خىيانەتتەك رەزىل —
شۇم قۇرۇتلارنى تامام ئۆلتۈرگۈچىدۇر تەربىيەت.
بولسا ئىنسان قەلبى ئايسىز كېچىدەك زۇلمەت ئەگەر،
كۈن بولۇپ نۇرغا ئۇنى چۆمدۈرگۈچىدۇر تەربىيەت.
قايسى ھەق، قايسى خاتا، قايسى گۈزەل ھەم قايسى سەت؟
ھەر كۆڭۈلگە ھەممىنى بىلدۈرگۈچىدۇر تەربىيەت.
تۇتسا يار كىمكى ئۇنى، بولغاي يارامىلىق ئەزىمەت،
قايسى ھەق، قايسى خاتا، قايسى گۈزەل ھەم قايسى سەت؟
ھەر كۆڭۈلگە ھەممىنى بىلدۈرگۈچىدۇر تەربىيەت.
تۇتسا يار كىمكى ئۇنى بولغاي يارامىلىق ئەزىمەت،
ھەر كىشىنىڭ قەدرىنى ئۈستۈرگۈچىدۇر تەربىيەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

4

بارچە گۈللەردىن ئېسىل بوستاندا كەمتەرلىك گۈلى.
بىباھادۇر كۆرسىڭىز ھەر ياندا كەمتەرلىك گۈلى.

مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، مەيلى ئايال ھەم مەيلى ئەر،
سۆيىنەر شىرىن پۇراق چاچقاندا كەمتەرلىك گۈلى.

كىم ئۆمۈر باغىدا ئۆستۈرسە تېرىپ، پەرۋىش قىلىپ،
ئۇنى قالدۇرمايدۇ ھىچ ئارماندا كەمتەرلىك گۈلى.

ئىززەتۇ، ئابرۇي، شەرەپ، ئالقىشقا مەنبە ئۇ ھامان،
بىر خەزىنە، تۈگىمەس قازغاندا كەمتەرلىك گۈلى.

كىم ئۇنى دوست تۇتمىسا ئەل ئىچرە بولماس ھۆرمىتى،
بى ئەدەپنى ئۆرتىگەي گۈلخاندا، كەمتەرلىك گۈلى.

دوستلۇق ھەمدە ئىپتىخارلىق كۆۋرۈكى ئۇ تائەبەت،
شۇڭا ئەڭگۈشتەر دېمەك ئىنساندا كەمتەرلىك گۈلى.

چېھرىدە مەرتلىك، ۋاپادارلىق نۇرى جىلۋە قىلۇر،
تونىماس مەغرۇپ چېچەك ھەر ئاندا كەمتەرلىك گۈلى.

كۆيىنىپ پەرۋىش قىلايلى، كۆكلىسۇن، ئاچسۇن پۇرەك،
پۇرسىتى كەڭ بۇ گۈزەل دەۋراندا كەمتەرلىك گۈلى!

# مەسەللەر

## كىچىكسىپ كەلگەن ئەقىل

(1)

ئۇپۇق لىۋى قىزارغاندا شەپەق يېتىپ،
ماڭدى ئارقار يايلاش ئۈچۈن تاققا چېپىپ.

كۆردى يولدا پۈتلاش بولۇپ ياتقان تاشنى،
ئەگىپ ئۆتتى رەنجىگەندەك چايقاپ باشنى.
ئۇچۇپ يۈرگەن تورغاي شۇ چاغ ئۇنى كۆرۈپ،
دېدى ئاڭا يېقىنلىشىپ ئۇدۇل تۇرۇپ:
— ئارقار ئاكا، بۇ تاشنى سەن يولدىن ئېلىپ،
يۆتكىۋەتكىن بىر چەتكىرەك غەيرەت قىلىپ.
تار يولنى ئۇ توساپ ياتسا شۇ پېتىچە،
يەنە ھەرەج تارتىسەن، بىل سەن قايتىقىچە.
باشقىلارمۇ بۇ ئىشىڭدىن مەنپەت كۆرسۇن،
قېنى كۆرسەت كۈچۈڭنى، يول راۋان بولسۇن!
بۇنى ئاڭلاپ دېدى ئارقار: " ئەي مەمەدان،
بىلەرمەنلىك قىلماقچۇ سەن ئويلاپ ئوبدان!؟
بىر-ئىككى رەت بۇ تار يولدىن ئۆتكۈنىمگە،
تېخى مۇنداق يۈك ئارتامسەن گەدىنىمگە؟
ھەر كۈنلىكى بۇ يول بىلەن مېڭىۋاتقان —
ھايۋاناتلار ئاز ئەمەسقۇ، قىلسام بايان.
بۇ تەلەپنى كۈتۈپ تۇرۇپ شۇلارغا ئېيت،
كىكىشىپ مۇنداق، سەن ئىچىمنى قىلما تىت - تىت،
ئېلىۋەتسۇن يولدىن شۇلار تاشنى چەتكە،
ئىشىم جىددى، تۇتما مېنى قۇرۇق گەپكە!».
بۇ بىمەنە سۆزنى ئاڭلاپ تورغاي شۇ ئان،
ئاچچىقلىنىپ دېدى: " ئاڭلاپ تۇر، ئەي نادان!
كەمكەن ئەقلىڭ، گەۋدەڭ يوغان بولغان بىلەن،
ئويلا، ئۆزۈم ئۇچۇن بۇنى دېدىممۇ مەن؟!

www.uyghurkitap.com

مېنىڭغۇ جۇپ قانىتىم بار، يولنى توسۇپ –
ياتسىمۇ تاش يۈرەلەيمەن ئەركىن ئۇچۇپ.
لېكىن سەندەك تۆت ئاياقلىق دوستلار ئۈچۈن،
كەلتۈرىدۇ كاشىلىسىنى بۇ تاش نۇرغۇن.
ئىست! سەندە بولغان قۇدرەت بولسا مەندە،
يۆتكەپ تاشلار ئىدىم تاشنى مۇشۇدەمدە!...»
تورغاينىڭ بۇ سۆزلىرىگە قىلماي پىسەن،
ئۆز يولىغا كەتتى ئارقار تۇڭلۇق بىلەن!

(2)

كەچقۇرۇندا شۇ يول بىلەن ئۆيگە قايتىپ –
كېلەر ئىدى ئارقار ئېغىر ئويغا پېتىپ.
تۇساتتىنلا ئولجا ئىزلەپ مۆكۈپ تۇرغان،
قارا ئېيىق توستى ئۇنى، سالدى چۇقان.
كۆردى ئارقار، قاچتى ئۇقتەك بەرمەي تۇتۇق،
قوغلاپ كەلدى ئېيىقمۇ تېز ئىز باستۇرۇپ،
جەھلى بىلەن يۈگرەپ ئارقار يېراقلىشىپ،
قۇتۇلۇشقا ئاز قالغاندا بەلدىن ئېشىپ،
يولنى توسۇپ ياتقان تاشنى قالدى كۆرمەي،
يۈگرەك پۇتى تەگدى ئاڭا، سۇندى ھەي – ھەي!
"ۋايجان!..." دېدى، گۆپ يىقىلدى جايىغا ئۇ،
كۆز ئالدىغا كەلدى شۇ چاغ تورغاي دەررۇ.
دېدى: "ئىست! ھەق سۆزۈڭگە قىلماي پىسەن،
دانا تورغاي، تاكاللىشىپ سېنىڭ بىلەن؛
بىلىپ تۇرۇپ مەن يوقاتماي بۇ ئاپەتنى،

ئۆز جېنىمغا تاپتىم مانا ھالاكەتنى!
دېمەك، توغرا دالالەتكە كۆنمىگەنىنىڭ —
ئۆمرى مەندەك كۆتەي ئىكەن (ئىبرەت ئېلىڭ)...»
شۇ سۆز بىلەن بېشى ئۇنىڭ تۆۋەن چۈشتى،
موك تۇتۇلدى ئاچ ئېيىققا، كۈنى توشتى.
«ئاخماقنىڭكى ئەقلى كېلەر چۈشتىن كېيىن»
دېگەن تەمسىل قالغان ئىمىش ئەشۇ ئىشتىن.

## يەتتە باشلىق ئېيىق

يەتتە باشلىق، بىر تەنلىك ئېيىق ئۇۋۇغا ماڭغاندا،
ئۇخلاپ ياتقان بوغچاق ئۇچراپ قالدى ئورماندا.
دېدى شۇئان بىر بېشى: — بۇنى دەرھال تۇتۇپ بىز،
مەشەدىلا ئۆلتۈرۈپ مەززە قىلىپ يەيلى تېز.»
« ياق بولمايدۇ! — دەپ سەكرەپ قوپتى يەنە بىر بېشى،—
بۇ يەردىلا يەۋەتسەك بولماس بەك كۆپ پايدىسى.
ھىلى ئىزلەپ كەپ قالار بەلكىم بۇنىڭ ئانىسى،
(ئانىسىغا ئەگىشىپ ئاچىسى يا ئاكىسى.)
شۇڭا دەرەخ كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپ بىز دەرھال؛
كەلگىنىدە بەرىنى تۇتۇپ يەيلى بىمالال»
« قوي بۇ ئاقماس گېپىڭنى! — دېدى قىلىپ رەتبىر باش،—
ھازىرقىسى غەنىمەت، ماڭا قۇلاق سال، ئاداش.
بۇ بوغىنى تىرىكلا تۇتۇپ ئۆيگە يانايلى،
كاۋاپ قىلىپ يەپ تازا تويۇپ ھوزۇر قىلايلى.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردىلا يەۋەتسەك، قايتىپ، ئۆيگە بارغىچە،
چۈشۈپ قالار قوساقتىن، بولماس لەززەت ئۆزگىچە...»
شۇ يوسۇندا يەتتە باش تۇزۇپ يەتتە خىل پىلان،
بىر - بىرىنى قىلالماي قايىل، سالدى راس چوقان.
ئۇخلاۋاتقان بۇغىچاق ئاڭلاپ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى،
قاچتى چۇچۇپ ئويغىنىپ ئالدى چەتكە ئۆزىنى.
بىر تەندىكى يەتتە باش بىرلىككە ھېچ كېلەلمەي،
تەييار تۇرغان ئۆلجىنى قولدىن بەردى يېيەلمەي.
دېمەك، بىرلىك بولمىسا ھەر قانداق ئىش - ھەركەتتە،
ئۆتەر ھايات كۆڭۈلسىز، نەتىجىسىز — ئەلۋەتتە!

## سۆۋەت بىلەن ئېيىق

كىشلەرنىڭ يوغان - يوغان سۆۋەتلەرگە —
مال قاچىلاپ، قاتراپ تەرەپ - تەرەپلەرگە؛
سودا - سېتىق قىلغىنىنى ئېيىق كۆرۈپ،
ئۆزىچە بىر "ئېقىل» تاپتى خىيال سۈرۈپ.
دېدى: " بەللى! كۆرۈۋالدىم بۇنى ئوبدان،
سۆۋەت ئالاي بازارغا مەن بېرىپ، چاپسان.
سۇ ئىچكىلى ماڭغىنىمدا يۇدۇپ بېرىپ،
ئۇنىڭغا سۇ قاچىلاپ مەن كەلسەم يېنىپ؛
ئۇسسۇغاندا ئىچمەمدىمەن ئۆيدە يېتىپ،
كۆلگە نەچچە قاتراپ يۈرمەي، زوققا پېتىپ!؟»
شۇ خىيالدا بازارلارنى ئېيىق كېزىپ،
سېتىۋالدى چوڭ بىر سۆۋەت (ئىزلەپ، تېپىپ.)

ئاغزى يېتىپ قولىشىغا، قايتىپلا ئۇ،
سۇ كەلتۈرۈرمەك بولۇپ چاپتى كۆلگە دەررۇ.
كۆلگە بېرىپ، سۆۋىتىنى چۆكۈرۈپلا،
قاشقا تارتتى سۇنى پەۋەس "تولدۇرۇپ" لا.
بىراق، كۆلدە سۇغا "تولغان"، ئەشۇ سۆۋەت،
قاشقا ئالسا چىقار ئىدى قۇرۇق پەقەت.
تەكرارلىدى نەچچە رەت ئۇ مۇشۇ ئىشنى،
توختۇتالماي سۆۋەتتە سۇ، قىلدى كەچنى.
تەلۋىلىگى تۇتۇپ،
ئاخىر غەزەپلىنىپ،
كىملەرنىدۇ تىللىغانچە كەلدى يېنىپ.
پاراسەت ھەم ئەقلىنىڭكى كەملىگىدىن،
ئالالمىدى ئېيىق ھوزۇر ئەمگىگىدىن.
قارىغۇلارچە دوراشتىن ئۇ تارتىپ زىيان،
چەكتى ھەسرەت،
بولدى ھالى بەتەر يامان...

## لاچىن بىلەن قۇزغۇن

"ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ لاچىن"
دىگەن خەۋەر كەڭ ئورمانغا تاراپ بىردىن؛
جەلپ ئەتتى ئۇچار قۇشلار دىققىتىنى،
كۆپلىرىنىڭ قوزغاپ ئەندىش - ھەسرىتىنى.
تاڭ سەھەردىن كۈن پاتقۇچە ئۇلار كېلىپ،
لاچىندىن ھال سوراشتى، كۆپ مەدەت بېرىپ.

چىن كۆڭلىدىن تىلەپ ئاڭا مەلھەم - شىپا،
ياخشى تىلەك - ئارزۇسىنى قىلدى چاكا.
لېكىن قۇزغۇن ئاڭلىغاندا بۇ خەۋەرنى،
قالتىس خۇشال بولدى تاپقان كەبى زەرنى.
بىلمىدۇرمەي ئۇ مۇ لاچىن تۇرغان يەرگە —
كەلدى، ئەتەي چۆككەن بولۇپ ئېغىر غەمگە
كۆرۈپ بىتاپ لاچىننى ئۇ مۇشكۇل هالدا،
ئۈزۈن تۇرماي قايتتى دەرهال ئارقىسىغا.
سوغۇق كۆلكە چاقناپ قىيسىق كۆزلىرىدىن،
زەهەر خەندە نىيەت تامدى سۆزلىرىدىن،
دېدى: " ئاخىر مۇراددىغا يېتەر بولدۇم،
بۇ ئەبلەختىن قۇتۇلۇپ شات كۆلەر بولدۇم.
ئورمانلىقتا ياشىغۇچى هەممە قۇشلار،
مېنى كۆزگە ئىلماي ئاڭا قويۇپ باشلار:
لەختە - لەختە قان قىلغانتى يۈرىگىمنى،
ئاشۇرغىلى قويماي ئىشقا تىلىگىمنى.
دېمەك، لاچىن كېسەللىكتىن كەتسە ئۆلۈپ،
قارىمامدۇ ئامەت دىگەن ماڭا كۆلۈپ؟!
لاچىننىڭكى ئورنىغا مەن بولۇپ ئىگە،
قىلمامدىمەن پىشۋالىق هەممىسىگە؟!"
شۇ سۆز بىلەن ئۆز — ئۆزىنى قۇزغۇن ئالداپ،
يېقىنلاشتى ئۆگىسىغا كۆڭلى يايراپ،
سەزمەي قالدى،
ئۇنى كۈتۈپ مۆكۈپ تۇرغان —
ئوۋچى ئۈزدى قوش ئاتاردىن ئوقىنى شۇئان.

كۆپ يىقىلدى قوزغۇن، قانغا پېتىپ ئۆلدى.
شۇم خىيالى كۆپۈكتەكلا بەربات بولدى...

## قانلىق ساۋاق

(1)

بىر جۈپ كېيىك ئورمانلىقنى ئارىلاپ —
كېتىۋاتقان مەزگىلدە ئالدىراپ؛
تاغ باغرىدا يېتىپ قالغان بۆرىگە،
دۇچ كەلدى - دە، تولدى ئەندىش كۆڭلىگە.
ئېھتىياتتا قاراپ تۇردى بىر نەپەس،
ھۇشسىز ياتار ئىدى بۆرى، بېشى پەس.
ئارقا پۇتى چورتلا ئۈزۈپ تاشلانغاچ،
ئازاپلىنىپ يىغلايتتى ئۇ بى ئىلاج.
لىۋى تىترەر، ئېيتالمايتتى سۆزىنى،
ئىگرار ئىدى،
ئاچالمايتتى كۆزىنى.
زەخمىدىن قېنى ئۈزمەي ئاقاتتى،
ھالسىزلانغان پېتى لايدەك ياتاتتى.
بۇنى كۆرۈپ ئەركەك كېيىك غەزەپتە،
دەرھال ئېلىپ قولىغا تاش نەپرەتتە؛
مىجىپ تاشلاپ بۆرىنىڭكى بېشىنى،
تامام قىلماق بولدى ئۇنىڭ ئىشىنى.
چىشى كېيىك بۇ ھالەتنى كۆرۈپلا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

توستى ئۇنى دەرھال يۈگرەپ بېرىپلا.
دېدى: " تەگمە، ئۆلەر ھالدا ياتار ئۇ،
زەربەڭىزمۇ قارا يەرگە پاتار ئۇ.
تىرىك قالدى دېگەندىمۇ بۇ پاسىق،
قىلالمايدۇ بۇرۇنقىدەك ئىپلاسلىق.
ئايرىلىپتۇ چۈنكى ئۇ بىر پۇتىدىن،
ئويلا، نە ئىش كېلەر ئۇنىڭ قولىدىن؟
يۈر، كېتەيلى، ئارامىغا قوي ئۇنى،
تۆكۈر بولۇپ كۆرسۇن غەمدە ئۆزىنى…"
بەرھەم بېرىپ ئەركىمىنىڭ پەيلىگە،
توسۇۋېلىپ، كۆندۈرۈپ ئۆز مەيلىگە؛
چىشى كىيىك جورىسىنى ئەپ كەتتى،
ئۆز پىكرىنى شۇ يوسۇندا دەپ كەتتى.

(2)

بۇ ئىش بولۇپ، بەش ئاي ئۆتۈپ ئارىدىن،
چىقتى بۆرە كىيىكلەرنىڭ يادىدىن.
مەلۇم كۈنى چىشى كىيىك سۇ ئېلىپ —
كەلمەك بولۇپ تاغ تەرەپكە يول سېلىپ؛
چىقىپ كەتتى، قالدى ساقلاپ ئەركىگى،
ئىمىشكىدۇر تىت - تىت بولۇپ يۈرىكى.
ئۆتتى بىر چاغ، ھەمرىيىدىن يوق خەۋەر،
باقتى يولغا، تەشۋىشلىنىپ شۇ قەدەر.
يەتمىگەن ئۆي - يېتىپ ئۇنىڭ يادىغا،
بارماق بولدى ھەمراينىڭ ئالدىغا.

كەلگىنىدە يول بىسىپ تاغ تۆۋىنگە،
بىر پاچىنى چۈشتى دەرھال كۆزىگە.
كۆز ئالدىدا تۆكۈر بۆرە يارىنى،
بىسىپ يەرگە، ئىچىپ ئىچى - باغرىنى؛
يەۋاتاتتى مەززە قىلىپ بەھۇزۇر،
كۆزلىرىدىن ئۇچقۇندايتتى كۆكۈش نۇر.
تونۇپ كىيىك ئەشۇ توكۇر بۆرىنى،
يىغلىۋەتتى توختۇتالماي ئۆزىنى.
دىدى: " جۇرام، بولۇپ ئۆزۈڭ ئەقلى كەم،
ھەق - ناھەقنى، دوست - دۈشمەننى قىلماي پەم؛
تاشلاتقۇزۇپ تاشنى مىنىڭ قولۇمدىن،
ساقلىغانتىڭ بۇ توكۇرنى ئۆلۈمدىن.
شۇ قىلغىنىڭ بەدىلىگە سىنى ئۇ،
تۇتىۋىلىپ مۇشۇنداق يەپ كەتتىمغۇ؟!
ۋا ھەسرىتا! ياۋۇنى سەندەك كىمەرسە،
كۆرۈپ ئاجىز ، خار چىغىدا تەۋرەنسە؛
تىخى ئاڭا مىھرىۋانلىق بىلدۈرۈپ؛
ئىچ ئاغرىتسائۆلۈمىنى كەچۈرۈپ؛
ساڭا ئوخشاش دەھشەت بولۇر ماماتى،
قۇچار قانلىق ھالاكەتنى ھاياتى.
بولسىمۇ گەر دۈشمەن قانچە ئاجىز، خار،
ئەيلەش كىرەك ئىدى ئۇنى گۇم، تار مار.
چۈشەنمەي بۇ ھەقىقەتكە، بەرمەي تەن،
ئۆز جىنىڭغا زامىن بولدۇڭ جۇرام سەن!...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تامام قىلىپ كىيىك شۇنداق سۆزنى،
ھەسرەت بىلەن ئالدى چەتكە ئۆزنى.

## تۈلكىنىڭ ھىلىسى

ئوزۇق ئىزلەپ كېتىۋاتقان تۈلكىگە،
گۆش ئۇچرىدى چىغىر يولنىڭ ئۈستىدە.
شۆلگەيلىرى ئاقتى، نە پىسى تاقىلداپ،
يېتىلاشتى گۆشكە شۇئان ئالدىراپ.
بىراق، بىر ئىش چۈشكەندەكلا ئېسىگە،
نەچچە قەدەم شوخشىدى ئۇ كەينىگە.
دېدى: « توختا، گەر بولمىسا بىرەر سىر،
گۆش تۇرامدۇ يول ئۈستىدە؟ (قىل پىكىر.)
ئوۋچى قەستلەپ قاپقان قۇرغان بولمىسۇن،
ئالداش ئۈچۈن گۆشنى قويغان بولمىسۇن.
شۇڭا ئالدىن بىلىپ ئىشنىڭ تەھتىنى،
ئاندىن گۆشنى يەيچۇ، تېتىپ تەمىنى...»
شۇ خىيالدا مەككار تۈلكە ئارقىغا-
يېنىپ، يەنە نەزەر سالدى ئالدىغا.
كۆردى دالا مۈشۈكىنى يىراقتىن،
يۈگرەپ باردى قېشىغا ئۇ بۇياقتىن.
دېدى دالا مۈشۈكىگە: « ۋاي دوستۇم،
ۋاقتىدىلا تاپتىم سېنى، خوش بولدۇم.
بىر پاقلاننى يەپ بولالماي، مەن كۈتۈپ —
تۇرغان ئىدىم سېنى قالار دەپ ئۆتۈپ.

رىسقىڭ باركەن ئۆلگۈرۈپلا كەلدىڭ دەل،
نېسۋەڭنى يەۋال بېرىپ، كەل، كەل!...—
سۆزلەپ شۇنداق، يالغان كۈلۈپ قۇۋ تۈلكە،
باشلاپ كەلدى مۈشۈكنى گۆش تۇۋىگە.
كۆرۈپ گۆشنى، چىشلەپ مۈشۈك سۆيىنىپ—
تارتىشغا چىقتى قاپقان ئېتىلىپ؛
بوغدى دەرھال ئۇنى قاماپ گېلىدىن،
دەھشەت ئاغرىق ئۆتتى ئۇنىڭ جېنىدىن.
تۈلكە گۆشنى ئالدى چىشلەپ ئاغزىغا،
پەرۋا قىلماي كېلىپ قاپقان ئالدىغا.
زارلاپ ياتقان مۈشۈككە ئۇ قارىماي،
سالدى يانغا نەزەر، ئىزلەپ خىلۋەت جاي.
غورو چاتقال كەينىگە ئۇ بېكىنىپ،
يېدى گۆشنى ھوزۇرلىنىپ— شاتلىنىپ.
دېمەك دالا مۈشۈكىگە ھالاكەت
بېغىشلاشتىن كۆردى تۈلكە مەنپەئەت.
ئىشەنگەچكە سىنالمىغان تۈلكىگە،
يەتتى ئاپەت مۈشۈكنىڭكى ئۆمرىگە!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# دىلبەر قەييۇم

دىلبەر قەييۇم 1958 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى
ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ مۇھەررى-
رى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى 1980 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە
ئېلان قىلىنغان. شۇندىن بۇيان شائىرەنىڭ بىر قىسىم لېرىك شېئىر،
باللادا ۋە ھېكايىلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قى-
لىندى. ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئايال ئاپتورلارنىڭ ئە-

سەرلىرىنى ئاساس قىلىپ تۈزگەن «سوت ئۈستىدە» ناملىق ھېكا-يىلار توپلىمى 1984 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «تامچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى پات ئارىدا كىتاپ-خانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئۇ، ھازىر ئۆزىنىڭ «ئانا» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى ئۈستىدە جىددى ئىشلىمەكتە.

دىلبەر قەييۇم جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبى-سىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدىبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

## تاڭ ئالدىدىكى چولپان

(باللادا)

قانات بېغىشلاپ خىيال قۇشۇمغا،
چىققانتىم سەھەر ساياھەت قىلىپ.
چۇمۇلدى قەلبىم شېرىن بىر ھىسقا،
گۈزەل ھاياتتىن ئىلھاملار ئېلىپ.

گۈللەر يەلپۈنۈپ سالام بېرىدۇ،
سۇلار ۋىلىقلاپ تاتلىق كۈلىدۇ.
نەغمىچى قۇشلار ئەگىپ بېشىمدا،
يېقىملىق سايراپ چۇرۇقلىشىدۇ.

ئانا تەبىئەت نەقەدەر گۈزەل،
ئېيتقۇم كېلىدۇ شاتلىنىپ غەزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلايمەن گويا زېمىندىن سادا:
"ئىنسان مېھنىتى ھەممىدىن گۈزەل!"

بىردىنلا ئەتراپ نۇرغا چۆمۈلدى،
ئۇندا بىر نۇرلۇق سىما كۆرۈندى.
ھاياجان ھىسسى ئويغىنىپ دىلدا،
دولقۇنلاپ يۈرەك، قەلبىم سۆيۈندى.

—لۇتپۇللاغا بۇ؟—دەۋەتتىم شۇئان،—
مەرھابا ئۇستاز ئى ئېزىز مېھمان!...
—ياخشى تۇرامسىز بەختىيار سىڭلىم؟
مەنمۇ ساياھەت قىلىشچۇن چىققان.

يولىمىز بىر ئىكەن، ئارزۇيىمىز ھەم،
بولۇپتۇق بۈگۈن ساياھەتتە جەم.—
دېدى سۆز باشلاپ كەچۈرمىشلەردىن،
يانمۇ - يان بىرگە تاشلىدۇق قەدەم.

× ×

لۇتپۇللا دەيدۇ مېنىڭ ئىسمىمنى،
دۇنياغا كەلدىم ئىلى— ئىلقىدا.
ئاتام بىلىملىك بىر دېخان ئىدى،
كۆيۈپ - پىشاتتى ئىلىم ئىشقىدا.

تىل تۇمار بىلىپ قىلاتتى زىكىر،
لۇتپى، ناۋايى، مەشرەپ... نامىنى.

دەيتتى ئۇ ماڭا: «ئىنسانلار ئۈچۈن
گۇناھتۇر ئۇنتۇش نەسەپ-زاتىنى.»

ئائىلەمدە مەن چىقاردىم ساۋات،
ئاتام مۇڭدىشىم، سىردىشىم بولدى.
مومامدىن ئاڭلاپ ساماۋى چۆچەك،
بالىلىق قەلبىم ئۈمىتكە تولدى.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، بىر كۈن،
«ئوغلۇم لۇتۇن،— دەپ چاقىردى ئاتام.—
ئۇلۇغ لۇتپىنى ھۆرمەتتە ئەسلەپ،
‹لۇتپۇللا› قويدۇم ئىسمىڭنى بالام.

شۇڭا ئۈمىدىم: ئىسمىڭغا لايىق،
ئوغلانىم بولساڭ رازىدۇر ئاتاڭ.
ۋەتەننى ئەلنى جېنىڭدەك بىلسەڭ،
سۆيۈنۈپ كېتەر سۈت بەرگەن ئاناڭ.»

ئاتام سۆزلىرى قەلبىم تۆرىگە،
ئۆچمەس نەقىشتەك ئورنۇشۇپ كەتتى.
گۈزەل يېزامنىڭ قوينىدا ئۆسۈپ،
يېشىممۇ مانا يەتتىگە يەتتى.

دوستلىرىم بىلەن باشاق تېرەتتىم،
ئاڭلايتتىم دەرتلىك ناخشا- قوشاقلار.
ئاچلىق، يوقسۇزلۇق، كۈلپەت دەردىدىن،
ئۆلۈپ كېتەتتى سەبى بوۋاقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاللامنى دائىم چىرماپ ئالاتتى،
غەلىتە بىر خىل چىگىش خىياللار.
قىسمەت ئەزەلدىن تەتۈر باقامدۇ؟
يەنە يىرقسۇلنى باسسا قىيانلار...

ئىشلەيدۇ ئۇلار ھالال تەر تۆكۈپ،
ئانا ئۇرۇقچى، قىزى سۆرەمدە.
توشۇپ بىرەتتىم مەنمۇ سۈزۈك سۇ،
سۇغا ئۆتكۈزگەن ئەپكەش مۈرەمدە.

ئەنە شۇ چاغنىڭ يالدامىسى بوپ،
ئورنىدى دىلغا چىلىك «كۆكلەم ئىشقى».
ئۇنىڭدىن باشقا «دىخنىمىغا» دەپ،
باغلانغان ئىدى يۈرەكنىڭ رىشتى.

ئۇن بىر يېشىمدا ئىلىغا كەلدىم،
شېئىرىي ئىشتىياق ئۆزىگە تارتتى.
گۈزەل كىلىچەك ـ ئۇلۇغۋار غايە،
يەلكەمگە ئېغىر يۈكلەرنى ئارتتى.

ئابدۇللا توقاي، ھادى تاختاشلار،
ئىجادى يولدا ئۇستازىم بولدى.
پوشكىن ھەم بايرون شېئىرلىرىدىن،
قەلبىمگە شېرىن شەربەت قۇيۇلدى.

قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋما بولدۇم،
كەزدىم ۋەتەننى تاغ- دالا ئارا.

قايناق ئۈرۈمچى شەھەرگە كېلىپ،
زورىيىپ قالدى قەلبىمدە يارا.

چۈنكى، ياپونىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلى،
سوزۇلغان شۇ چاغ گۈزەل زېمىنغا.
قەھرۇ- غەزەپتىن ياڭرىغان سادا،
ئايلانغان ئىدى ئۇلۇغ ئېقىنغا.

چىن تيەنچۇ بىلەن ماۋزېمىنلارنىڭ
ئىشى مەدەتكار يۆلەكچى بولدى.
لىن جىلۇ كېلىپ ياپونغا قارشى
بىرلىكسەپ ئۈچۈن باشلامچى بولدى.

مانا شۇ يىللار مېنىڭ ئىجادىم،
"تۆنلەرنى يېرىپ ئىزلارنى باستى".
«يىللارغا جاۋاپ»، «مۇھەببەت نەپرەت»
ھەم «سامساق ئاكام قايناپ» مۇ تاشتى.

«لىبىن شۇنداق ئۆگەتكەن» بولغاچ،
«كۆرەش قىزى» مۇ يېتىلىپ قالدى.
«چىمەنبىلەن پالۋان» تەڭ تۇرۇپ،
كۆرەش تۇغىنى قولىغا ئالدى.

ئەنە! «چوڭ كۆرەش قوينىدا» ساغلام
ئۆسمەكتە «جۇڭگو پارتىزانلىرى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالغا باسماقتا دادىل قەدەمدە،
«كۈرەشچان جۇڭگو خوتۇن- قىزلىرى».

«جانان ئەيلەر» زەپ يېقىملىق نىگاھ،
«باتۇر يىللار» نىڭ كۆيچىلىرىدگە.
«ماي ناخشىسى» قاپلىغان كۆكنى،
تەلمۈرەر ئانا پەرزەنتلىرىگە.

ۋەتەن سۈت بەرگەچ، ساپ ھاۋا بەرگەچ،
تاپتى قوينىدا ھەر ئوغلان ئەقىل.
شۇڭا قەرزدار ئەمەسمۇ ھەممە،
ھالال ئاق سۈتكە ئەبەت- ئەبەدىل.

ياپونغا قارشى ئارقا سەپ شىنجاڭ،
بولدى ۋەتەنگە مەزمۇت بىر قالقان.
"يانماس كۆكۈلاۋك پارتىزانلار" مۇ
ئوت بولۇپ ياندى گوياكى ۋولقان.

"ياش ئەسكەرلەر" مۇ توۋلاپ "ھۇررا!" نى،
غەلبە تۇغىنى كۆتىرىپ ماڭدى.
ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسى،
نۇرلىنىپ پارلاپ قەلبىمدە ياندى.

«ماي- كۈرەشچان ئاي» يېزىلىپ پۈتتى،
ئاققان ساپ قانلار بىكار كەتمىدى.
مۇقەددەس، ئىززىز بۇ ۋەتەن ئۈچۈن،
قايسى مەرت ئوغلان جاندىن كەچمىدى؟!

ھاۋا بۇلۇتلۇق، شۇۋىرغان ـ سوغۇق،
دەريا شاۋقۇنى ئەلەملىك بوغۇق.
خۇددى گۆرىستان خارابە يېزا،
ياتار جەسەتلەر كۆزلىرى ئوچۇق.

مۇنبەت ئېتىزلار، ۋەيرانە ئۆيلەر،
يېشىل جاڭگاللار، چېكى يوق سايلار.
ئېگىزدە تۇرۇپ تەلمۈرەر شۇنچە،
سىرداشلىرىغا ئوماق يۇلتۇزلار.

ھەر كىم كۆڭلىدە بىرلا ۋەتەن بار،
ئىس ـ تۈتەك ئىچرە باسماقتا ئالغا.
بوۋاي ـ مومايلار ھەتتا باللار،
نەپرەت ئوقىنى ئاتماقتا ياۋغا.

كۈرەشچان يىللار تۇغدى باھادىر،
قايناق كۈرەشنىڭ پالۋانلىرىنى.
بېزىدى ئۇلار ئالتۇن ھەل بىلەن،
بۈيۈك تارىخنىڭ ۋاراقلىرىنى.

جەڭگىۋار بۇيرۇق چىقاردى رەيھان،
مارت شاملىغا شۇنداق جاراڭلىق.
ئۇ دىدى: توختا! پۈتۈن دۇنياغا،
ئېلىپ بار ئۈيغۇر قىزىدىن يارلىق!

چېلىشسۇن دۇنيا خوتۇن ـ قىزلىرى،
ئەركىن، ئازاتلىق تاڭلىرى ئۈچۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فاشىستلار گۇمران بولسا جاھاندا،
شۇندا ئايىماي نۇرىن تۆكەر كۈن.

"يانار تاغلار» مۇ ياندى غەزەپتىن،
ھىندى، ئىسپاندىن كەلگەچكە پەريات.
يوللاپ ئازاتلىق تويى چىن سالام،
دېدى: زالىملار بولغۇسى بەربات.

زۇلۇم تىغىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن،
يالقۇنلۇق كۆرەش قاينار زېمىندا.
قان تامغان ھەر بىر ماكاندا چوڭقۇر،
قايناملار ھاسىل بولماقتا يەنە.

زىندان، دارلارغا قاراپ غەزەپتە،
يانار تاغلار مۇ ئوتلار ئاچىدۇ.
قارا داغلارغا قاراپ غەيرەتتە،
ئۇلۇغ ئوكيانمۇ دولقۇن ئاتىدۇ.

ئەشۇ چاغ مەنمۇ "ۋەتەن ئەلا» دەپ،
زۇلۇم، غەۋغاغا تۇردۇم تابىل.
ئىبلىس ياپونغا، ۋەھشى گىتلىرغا،
قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىپ دادىل.

لېنىن ئاتىمىز ئۆگەتتى بىزگە:
"ئىزىلگۈچىلەر بىرلىشىڭلار!»دەپ؛
ئەركىن، مۇستەقىل ھۆر ھايات ئۈچۈن،
قەيسەرلىك بىلەن كۆرىشىڭلار دەپ.

لېنىن تۇغىنى باشلامچى قىلىپ،
ماگدۇق كونسېرى ئالغا ئىنتىلىپ.
«يىللارغا جاۋاپ» يوللىدى خەلقىم،
تارىخ بېتىگە ئۆچمەس ئىز سېلىپ.

بىراق، شىڭ شىسەي ھەددىدىن ئاشتى،
ئىلغار كۈچلەرنى قىردى تۈركۈملەپ.
قاپلىدى كۆكنى قاپ- قارا بۇلۇت،
بوغار نەپەسنى تۇمان تۆمەنلەپ.

يىللار بەزىدە گۆرەڭلەپ كېتەر،
قېرىتتىم كۈرمىڭ يىگىت- قىزنى دەپ.
بىراق باتۇرلار جاۋاپ بېرىدۇ:
« قىرىتالمىغايسەن نەسلىمىزنى!» دەپ.

ئۇزاتتى مېنى ئەنە شۇ يىللار،
قايناق شەھەردىن ئاقسۇ دىيارغا.
سۆيدى يۈزۈمنى «جەنۇپ شامىلى»،
نۆۋەت يەتتى دەپ ئەندى باھارغا.

قىلدىم بۇ يەردە كۈرەش مۇنبىرى-
«ئاقسۇ گېزىتى» مەخسۇس بېتىنى.
«قايناام ئۆركىشى» ياسىدى دولقۇن،
ئاگلاپ نىمشېھىت ئۇستاز ئېتىمنى.

بىلال ئەزىزى، مۇنبىرىدىن خوجا،
بىرلىكتە قۇردۇق يېڭى تەشكىلات.

«تاھىر - زۆھرە» لەر بىيىتتى سەپنى.
قوشۇلدى يەنە «شىرىن ۋە پەرھات».

ئەزەلدىن ھىچ ئىش بولمىغان ئاسان،
سەپ ئىچرە پەيدا بولدى بىر خائىن.
باستى يەلكىنى قايغۇ تاغلىرى،
باغلار خازانغا تولدى كۈنسايىن.

تەگداشىمىز ئىيىز ۋەتەن باغرىدا،
كۆرمىدى خەلقىم باھار ۋەسلىنى.
زىمىننى تۆگەل قاپلىغاچ يانتاق،
كۆرگىنى بولماس گۈلنىڭ ئەسلىنى.

شۇلار قاتارى مەنمۇ چىن ئاشىق،
بولدۇم باھارنىڭ شامالىرىغا.
«قاينام ئۆركىشى» بولغۇم كېلىدۇ،
شاقىراپ چۈشكەن تاغ سۇلىرىغا.

"ياشىماق ئۈچۈن كۈرەشمەك لازىم"
خىتاپ قىلاتتىم ئۆزۈمگە دائىم.
كۆرەشىمىز بەخت - سائادەت بولماس،
كۈرەشسەم بولۇر جەننەتتە جايىم.

چۈنكى پەرھاتمۇ شىرىن ئىشقىدا،
بىستۇن تېغىنى قازغانىدۇ ھارماي.
ئادالەت ئۈچۈن ئاتىدىم جاننى،
شۇڭلاشقا ماڭدىم بۇ يولدا تايماي.

«خىيالچان تىلەك» بولدى ھەمرايىم،
تىلەدىم ئالى ئىستەك ـ تىلەكلەر.
جەڭگىۋار، جوشقۇن ھالەتتە تۇردى،
كۆرەش ئۈچۈن دەپ تۇرگەن بىلەكلەر.

لەززەتلىك خىيال قوينىدا باقسام،
كۆرۈندى ماڭا رۇشەن بوجەكلەر.
جانان تولغىنار ئۈيقۇدا يېتىپ،
ئاشىغى ئۈچۈن ئۇچۇق رۇجەكلەر.

ئىدىم ئەزەلدىن خىيالچان يىگىت،
ئۆرتىگەچ سۆيگۈ ـ ئىشقىم يۈرەكنى.
سۆيگۈ دېڭىزىدا مەن قايىنام تۇرسام،
قاندىقمۇ قاناي ئېچىپ كۆلچەكنى؟!

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ زەپەر مارشىغا،
قوشۇلماقنى بەك ئاررۇ قىلاتتىم.
ۋەتەنگە باھار ئاچسا كەڭ قۇچاق،
لاچىندەك كۆكتە پەرۋاز قىلاتتىم.

ئاڭلىنار مانا ئۇلۇغ قوشۇننىڭ،
غەلىبە ساداسى سېپىل سىرتىدىن.
ئەسەبىلىشىپ جاللات گومىنداڭ،
چىقاردى قانلىق تىغنى قىنىدىن...

ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلماي تۇرۇپ،
كەتتىم ئۇ ئالەم قوينىغا ئۇزاپ.

كۆردۈم ئۈزۈمنى جەننەتۇل مەئۋا ـ
ئارا خۇشپۇراق گۈللەرنى يۇراپ.

بىلگۈم كېلىدۇ ئازات ۋەتەننىڭ،
بېسىپ ئۆتكەن شۇ مۇساپىسىنى.
يۈرگۈم كېلىدۇ ئىزىز ئەل بىلەن،
ئايلىنىپ ئېلىم تاغ ـ دالاسىنى.

شۇ مەقسەت بىلەن چىققانىتىم بۈگۈن،
ئۇچراپ قالدىڭىز بۇ يولدا سىڭلىم.
سەپەردە ھەمرا بولۇپ سىزگە مەن،
كەچمىشلىرىمدىن ھىكايەت قىلدىم...

× ×

ئاڭلاپ شائىرنىڭ ئوتلۇق سۆزىنى،
ھاياجان بىلەن تىكىلدىم ئاڭا.
جاۋاپ كۈتكەندەك سۆزىگە شائىر،
تەبەسسۇم بىلەن قارىدى ماڭا.

دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق:
ــ سۆزىڭىز نەقىش بولدى دىلىمغا.
ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىلكىگە ئېلىپ،
سۆزدىن ئۇنچىلەر تىزدىم تىلىمغا.

تاڭ ئالدىدىكى نۇرلۇق چولپاندەك،
چاقنىغانىتىڭىز شۇ چاغ سامادا.

تىلغا ئېلىنىپ كەلدى نامىڭىز،
خەلقىم قەلبىدىن چىققان سادادا.

ئانا تۇپراقتا بىخ سۈرۈپ ئۈنۈپ،
غۇنچە گۈلىڭىز تولۇق ئېچىلدى.
ئۈنىڭ ئىپاردەك خۇشپۇراقلىرى،
ساپ ھاۋا بىلەن ھەريان چېچىلدى.

قىزاردى يىللار تارىخ ئالدىدا،
چۈنكى بويىندا بولغاچقا ئىزلار.
سىزنى خەلقىمگە ئەسلىتىپ تۇردى،
ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇرغان شېئىرلار.

ئىجات يىللارنى قېرىنتتى، ئاخىر
باستى نەسىللەر سىز ماڭغان ئىزنى.
غەلىبە-زەپەردىن قەۋرە ئۈستىگە،
قويدى گۈلدەستە ياد ئېتىپ سىزنى.

تۆت ياشىق مەمەت قىرىق ئىككىدە،
بولۇپ قالدى ئۇ چىۋەر پاسىبان.
بۈركۈتتەك تۇرار ئىگىز قىيادا،
مىلتىقنى مەھكەم كۆكسىگە تاڭغان.

شاقىراپ ئېقىپ باھار سۇلىرى،
سېغىنىپ سىزنى سورايدۇ بىزدىن:

ـئىنتىزار ئىدى «قاينام ئۆركىشى»،
كەلسۇن بىزلەرنى كۆرۈشكە تىزدىن...

× ×

خىياللار ئارا كېلىپ قاپتىمەن،
دولقۇنلۇق دەريا تارىم بويىغا.
دەريادىن سادا كەلدى شاۋقۇنلۇق:
تەييارلىقتا ئەل لوتۇن تويىغا!

1982 - يىل، نويابىر.

## غەزەللەر

### 1

جاسارەت تاشتى جىسمىمدىن، سەپەرگە ئىختىيار قىلدىم،
بۈيۈك مەنزىلگە يەتمەككە ئۇلۇغ ئارماننى يار قىلدىم،
ئىرادە تىكلىمدىم تاغدەك، شامال بەرمەكچى سۇرئەتنى،
مەگەر باسسا جاپا تاغى، ئېگىلمەسكە قارار قىلدىم.
يېشىل مايسا مۇھەببەتنىڭ كۆچىدىن تاش يارار، بۇ ھەق،
يېگىلمەسلىككە تۇتقۇندىن بۇ ھەقنى تىل تۇمار قىلدىم.
سەپەر سەيلى ئەمەس، دائىم نىسىپ بولماس خۇشال كۆلكە،
چىدام - غەيرەتنى كۆڭلۈمگە، پۈكۈپ دىلدا شۇئار قىلدىم.
مەدەت بەرگەچكە ئەجدادىم كېمىمگە كۈچ قوشۇپ دائىم،
دىلىمنىڭ ئەھدىنى جەزمەن نىشانغا يول ئاچار قىلدىم.
كۆرەلمەس شۇم ھۇقۇش، شەيتان سارىسىم ئىلكىدە قالدى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېخى تونجى قەدەم تاشلاپ رەقىپنى شەرمەنسار قىلدىم.
ئەمەس سەن سەپتە يېگانە دىدىم، بوس، ئۆرلىگەن دىلبەر،
زەپەرنىڭ ساھىلى ئوزرە يورەكنى ئىنتىزار قىلدىم.

2

داۋاملىق تاڭ قوياشىدەك جولالىق، ساپ-تازا كۆڭلۈم،
ياشادۇ شوخلىنىپ جىسمىم ئەگەر بولسا قارا كۆڭلۈم.
قوياش شولىسىنى كوندۇز چېچىپلا، كېچىسى موككەي،
ۋەتەنگە مېھرى-ئىشقىمدىن چاچار شولا ۋاپا كۆڭلۈم.
ۋەتەن كولكىسى كولكەمدۇر، ئېلىم-يۇرتۇمغا مەشۇقمەن،
ۋەتەن-ئەل مىسلى بوستاندۇر، كويى بولبول ناۋا كۆڭلۈم.
دىگەي دىلبەر، ئەجىر قىلغىن ۋەتەنگە بولسامىڭ ئۆمرۈك،
ۋەتەن گەر بولمىسا رازى نىچۈك بولغاي رىزا كوڭلۈم.

3

ئەمەس بەختىم كىيىملەردە ۋە ياخشى يىمەكلەردە،
ئەمەس قەدرىم كۆز ئالدىمدا تۈرۈپ ياخشى دىمەكلەردە.
ھەقىقى چىن كىشى بولماق يىمەك-كەيمەك بىلەن بولماس،
تەرىڭ تۆكسەڭ ھوزۇر شۇندۇر، بىلەرخەلقىنىڭ يۈرەكلەردە.
ئەگەر كىم پارچە نان بەرسە، دىسەڭ بەختىمگىنى شۇيەمدە،
قاراي تەڭلەشتۈرۈپ كۆرگىن، سىنىڭ دوستۇڭ كاتەكلەردە.
ھۆقۇش بەختىنى ئىزلەيدۇ باياۋان تۈن قوچاغىدىن،
كولەركەن بىر قونۇپ ئالسا. چىرىك، چوقۇر كۆتەكلەرگە.
تۈزۈگىنىڭ بەختىنى ئىزلە غۇرۇرىڭ بىرلە ئەي دىلبەر،
يېتەرسەن ئىجتىھات قىلساڭ چوقۇم كوتكەن تىلەكلەرگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4

ەن شېئىر يازسام، ۋەتەنىمنىڭ ھۆرمىتىگە يازىمەن،
ۇ ماڭا بەرگەن ھاياتىمنىڭ قىممىتىگە يازىمەن.
ۇ ۋەتەنىمنىڭ سۆيگۈسىدىن ئاقىدۇ قايناپ قېنىم،
ىلغا بەرگەن راھىتى ھەم لەززىتىگە يازىمەن.
ۇ غەزەلخانلىق ماڭا ۋىجدانى بۇرچ، ئىنسانى قەرز،
ۇرچىنى چىن ئاقلىغانلار ھىممىتىگە يازىمەن.
ۇ مېنى باتۇر قىلىپ بەردى ھارارەتلىك يۈرەك،
ەسلى ئۇ باتۇر ئۆزى، شان-شەۋكىتىگە يازىمەن.
ەن كەبى پەرزەنتلىرى كۆپ باغرىغا گۈل تەرگۈچى،
ۇ كۆرەشچانلارنى تۇققان قۇدرىتىگە يازىمەن.
ار ئۇنىڭ شۇم رەقىبى، باردۇر ئۇنىڭغا نەپرىتى،
ەن قوشۇپ غەزەپلىرىمنى نەپرىتىگە يازىمەن.
ازىمەن دىلبەركى ئىسمىم، تا ئەبەدكە توختىماي،
اڭا بەرگەن كۈچ - ئەقلىنىڭ ئىززىتىگە يازىمەن.

5

ەتىنىم باغىدا سايراپ، بۇلبۇلى شەيدا بولاي،
ەر دىمى يايراشقا گۈلزارلار ئارا ئاشنا بولاي.
ەن سېنىڭ قوينۇڭغا تامغان قەترە يامغۇر تامچىسى،
اڭا ئۇخشاش تامچىلارغا قوشۇلۇپ دەريا بولاي.
ۇ ئىزىڭ تۇپراقلىرىڭدىن كۈچ ئېلىپ جىسمىمغا مەن،
ۇر ئىمىپ مېھرىڭ بىلەن تاش يارغۇچى گىيا بولاي.
ىز بېسىپ ئەجداتلىرىم كارۋانىغا زىچ ئەگىشىپ،
ارىخىڭ داستانىغا ئۆچمەيدىغان سىيا بولاي.

ۋەتىنىم كۈلسەڭ كۈلەي، قايغۇڭ بىلەن ئورتاقلىشاي،
دائىما بىر سەن ئۈچۈن جاننى تىكىپ پىدا بولاي.
شۇم رەقىبىڭ كۆكسىگە مەن سانجىلاي خەنجەر بولۇپ،
ساڭا ئاسىنىڭ كۆزىنى قويغۇچى ئوقيا بولاي.
دىلبىرىڭنىڭ بارلىغى بىر سەن ئۈچۈن مەنسۇپ ھامان،
شۇڭا ئاجرالماي سىنىڭدىن تا ئەبەت ھەمرا بولاي.

6

سۆيۈملۈك دوستلىرىمغا چىن يۈرەك — قەلبىم ئايان بولسا،
يۈرەكتىن ئۇرغىغان مېھرىم تېشىپ ئاقسا — قىيان بولسا.
تېرىم تۆكسەم ھېرىقماستىن ئىجات باغىمنى گۈللەشكە،
ھەسەلدەك مەھسۇلى ئەلگە نېمەتلىك داستىخان بولسا.
ئېغىز تەگسە شۇ نېمەتكە رىزالىق بىلدۈرۈپ دوستلار،
ئىجاتقا ئىنتىزار قەلبىم ھەقىقى شادىمان بولسا،
ئىلىم ئىشقىدا مەجنۇندەك باياۋان كەزسە يارانلار،
ئاياغىغا مادار بولسام، چاپالىق يول ئاسان بولسا.
بۈيۈك كارۋان ئىزى بويلاپ ئۇلار مەنزىلگە ئات سالسا،
تىلەكىم شۇ، سەپەرلەردە ئىزىز جانى ئامان بولسا.

7

ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئەلگە كۆرەشتىن شان ئىلىپ كەلدى،
كۆرەش بىرلە رەقىپلەرنىڭ يۈرەك — باغرىنى تىلىپ كەلدى.
ئۆزىگە تىل تۇمار ئەيلەپ چىلىشتا قەھرىمانلىقنى،
جاھان ئەھلىنى بۇ ئىشتىن تامام قايىل قىلىپ كەلدى.
ئېزىز تۇپراغىنى دائىم مۇقەددەس قىبلىگاھ ئەيلەپ،

جاھاندا نەگىلا بارسا ۋەتەننى ياد ئېتىپ كەلدى.
يەكۈنلەپ سەلتەنەت شاھى ۋە خانلارنىڭ ساۋاغىنى،
بىلىمنىڭ ھەممىگە قادىرلىقىنى ھەم بىلىپ كەلدى.
بەختنىڭ ئاچقۇچىن ئىزلەپ، بىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ،
ئەسىللەر كەلگۈسىن ئويلاپ ئۇلۇغ قامۇس يېزىپ كەلدى.
مۇشەققەتنى بىلىپ راھەت. ھالال تەر ئاققۇزۇپ ئەلگە.
جاھاننىڭ تۆرىدىن قىممەت ۋە ئورنىنى تېپىپ كەلدى.
بەختنىڭ پەيزىنى سۈرگەن ئەسىللەر شات كۈلۈپ ئەندى،
ئۇلۇغ ئەجداتنى ياد ئەيلەپ جاراڭلىق كۈي قېتىپ كەلدى.

8

غۇنچە لەۋ ئاچتى كۈلۈپ مېھرى بىلەن باققاچ ھاۋا،
قىلدى باغرىن چاك ئېتىپ گۈل بەرگىدە بۇلبۇل ناۋا.
جۇت - زىمىستان دەھشىتىدىن باغرى قان ئەردى ئۇنىڭ،
خەستە كۆڭلىگە شىپالىق، دەردىگە تاپتى داۋا.
بەختىدىن مەمنۇن بولۇپ قونغاندا گۈلنىڭ شاخىغا،
بولسا گۈل بەرگى خازان كۆرگەيمۇ ئەل بۇنى راۋا.
چۈنكى گۈلنىڭ ئىشقىدا مىڭلارچە مەجنۇن دەردىنى،
چەككىنىگە بىھىساپ شامۇ - سەھەر بولغاي گۇۋا.
شۇ ۋاپانىڭ ئەكسىچە يانسا ئەگەر جەۋرۇ - جاپا،
ياغدۇرار شىددەت بىلەن ئۆز قەھرىدىن ئاپەت ساما.

## ئاي ۋە مەن

بۇ كېچە ئاجايىپ گۈزەل پاك ئىدى،
مەن يالغۇز يۈرەتتىم دەريانى بويلاپ.
كۈمۈش نۇر ئىلكىدە ئۇرغۇپ زىلال سۇ،
ئاقاتتى ناز بىلەن خوشال ئويناقلاپ.

كۆكتىكى نۇرلۇق ئاي دەريادا ئەكسى،
شۇ جىمجىت كېچىدە ھەمرايىم ئىدى.
قارايتتىم كۆكتىكى سۇدىكى ئايغا،
لەززەتلىك تۇيغۇلار دىلدارىم ئىدى.

ئاي چۈمەر سۈزۈك سۇ قوينىغا شۇڭغۇپ،
يۈرىكىم چۈمگەندەك تاتلىق خىيالغا.
ئارزۇلار قايىنىمى بولغان قەلبىمنىڭ،
يەتكەندەك بولاتتى سىرى ئاسمانغا.

قەلبىمنى ئېلىكىگە ئالغان تۇيغۇنى،
بايقىدى ئېھتىمال ئەشۇ سەزگۈر ئاي.
سۇدىكى جامالى كۈلدى لەۋ ئاچتى،
قارايتتى كۈلكىدە ماڭا ھېچ تويماي.

دەيتى ئۇ ساڭا ئەي بەختلىك دىلبەر،
بىگانە خىياللار بولالماس سىرداش.
يارىڭنى كۈتىسەن بىلىمەن شۇ تاپ،
سەۋىر قىل ئۇ كېلەر ئەنە ئالدىراش.

سەن بىلەن كۆرۈشمىش ئىستىگى ئاڭا،
بەرمەكتە ئەلگە كۈچ قوشۇشقا مەدەت.
ۋاپانىڭ گۈلىنى كەلمەكتە تاقاپ،
گۈل ئوخشاش كۈلسۇن دەپ ئېزىز مۇھەببەت.

مەڭگۈلۈك يار تۇتاي دىسەڭ سەن ئۇنى،
ۋەتىنىڭ باغىغا سەنمۇ گۈل ئۈندۈر.
جۈپ يۈرەك سۆيگۈسى ئاقسۇن دەريادەك،
ئېلىڭنىڭ بەختىنى سۆيگۈدەك كۈلدۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تاھىر تالىپ

تاھىر تالىپ 1945 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياماننيار يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1960 - يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھازىرغىچىلىك ھەر خىل

گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، ئوچېركلىرى ئې-لان قىلىندى، «يۇلغۇن چېچەكلىرى» قاتارلىق 3 پارچە شېئى-رى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر «چوكانىيار» ناملىق تارىخىي داستان ۋە شېئىر توپلاملىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

# ۋاپا چاچقۇسى

(چاتما شېئىر)

— رابىيە - سەئىدىن پاجىئەسىنىڭ 150 يىللىقىغا ئاتاپ

## مۇقەددىمە

ئۆلسىمۇ نەپرەتتىن كۈندە مىڭ قېتىم،
"ھاياتىمەن" دەيدىكەن نامەرتلەر تېخى.
يوتقاندەك بىلىنگەن ئوخشايدۇ ھەتتا،
ئۈستىگە يېقىلغان نەپرەتنىڭ تېغى.

مەرتلەرچۇ؟ ئۆمرىدە بىر ئۆلەر - بىرلا،
لېكىن، ئۇ - خورلۇققا ئوق بولغان ئۆلۈم-
قېنىدىن گۈل ئۈنۈپ شۇڭا بۆككىدە،
كۆرسەتەر ئەۋلاتقا ئۆلۈمنى "كۆرۈم".

## يالقۇن

قېدىمى تەلۋىچۇك بويى - يۇرتۇمدا،
قان رەڭلىك چېچەككە پۈركەنگەن قەۋرە.
ئالدىدا تېز پۈكۈپ ياش تۆكەر دەم- دەم،
تارىخنىڭ ھەمداسى - ۋاپادار چەۋرە.

ياش تۆكەر ئەۋلاتلار، ياش تۆكەر شائىر،
ياش تۆكەر ھەتتاكى قەۋرىگە يۇلغۇن.
بىلمەن: تۆكۈلگەن ياش ئەمەس،- چاچقۇ،
تامچىسى كۆڭلۈمدە بىر لاۋا - يالقۇن.

بىلمەن: شۇ يالقۇن يۇرتۇمنى، مېنى،
داۋانلار ھالقىتتى بولۇپ جۇپ قانات.
دىمەككى، زەپەرگە ئاشنا سېپىمنىڭ-
ئىچىدە سەيدىن ۋە رابىيە ھايات.

جاھالەت چىتلىرى توسسا يولۇمنى،
قەۋرىدىن ئوت ئېلىپ چاچىمەن ھەر چاغ.
تېنىمدە مەرتلەرنىڭ قېنى جۇش ئۇرغاچ،
داڭگالچە بىلىنمەس ئالدىمدا چوڭ تاغ.

## خاسىيەت

ئەجەپ - ھە، ياقامغاق، ياتوغراق ئەمەس،
نەق يۇلغۇن ئۆسكىنى قەۋرە يېنىدا!!

نه قىسمەت بارىكىن بىر جۇپ مەرھۇمنىڭ-
بىمەھەل خاك بولغان يۈرەك قېنىدا؟!

ھەيراندۇر يولۇچى، سەيلىچى - سەيياھ،
ئۆزگىچە كۆل ئاچقان يۇلغۇن بەستىگە.
قويۇلدى شۇ چېچەك قىلىپ تەۋەررۈك،
سەيياھلار تەرەپتىن ساراي، رەستىگە.

"سىر" ئىزدەپ ئۇنچىلا ئويلانما شائىر،
بىل: يۇلغۇن - قەيسەرلىك، مەرتلىك سىماسى.
نەگىمىگەن بولسىمۇ باغلاردىن ئورۇن،
ئۇ ھامان زېمىنىنىڭ كۆركى - جۇلاسى.

چۈنكى، ئۇ تۆرەلگەن مەرتلەر قېنىدىن،
مەرت قېنى - يالقۇندۇر لاۋۇلداپ تۇرغان.
ئاشۇنداق قان بولغاچ، مەرتلەر يۈرىكى-
ئوق - قىلىچ ئالدىدا تىترىمەي تۇرغان.

قورقۇنچاق - نامەرتنىڭ قېنىمۇ رەڭسىز،
جېنىمۇ ھەتتاكى ئېغىز ئۇچىدا.
شۇڭا، ئۇ پاقىغا دەسسەپ سالسىمۇ.
يىقىلار جان قالماي ھەتتا پۇتىدا.

يۇلغۇن، ئۇ - قەيسەرلىك، مەرتلىك سىماسى،
ماكانداش بولالماس ئاڭا يۆگۈمەچ.
ھەم "ھاجى" بولالماس شۇم چىڭگىلىكلەر،
قىلسىمۇ يۇلغۇننى ئون مىڭ قېتىم "ھەج".

# قەۋرىدىن سادا

دەريادىن ئۆرۈلگەن مەيىن شامالدا،
ئىغاڭلار يۇلغۇننىڭ شاخ ـ چىچەكلىرى.
لالىرەڭ ھەل بىلەن پۈركەندى دەمدە،
تاۋاپچى ئەۋلاتنىڭ قول، ئېتەكلىرى.

بىلىندى ئەشۇ چاغ قەۋرە ئاستىدا،
قوش يۈرەك يەنىلا سوقۇۋاتقاندەك.
بىر يېرىم ئەسىرلىك قىسسىنى ئەسلەپ.
ھىكمەتلىك قوشاقلار توقۇۋاتقاندەك.

قەلبىمدە قىيان بوپ زەرپ بىلەن ئاقتى،
قەۋرىدىن ئاڭلانغان ئوتلۇق مىسرالار:
" تۈن كەتتى، سەن ـ ئازات، مەدىنىي ئەۋلات،
ئايان بۇر ساڭا سىر، تەكتى ـ ئەسرالار.

ئەپسۇسكى، جاھالەت ھامىلىرىنىڭ،
ھەر يەردە بار ئىدى توساق، تورلىرى.
ۋە يەنە دۈت قويار ئەركىنلىك سىنىڭ،
زامانىنىڭ بەدنىيەت ھەسەتخورلىرى.

شۇڭا، سەن ئىلىمنىڭ شام ـ چىراغىنى،
ياندۇرغىن جىمىكى بولۇڭ ـ پۇشقاقتا.
كۆز ئېچىپ بارالماس بولسۇن ھوقۇشلار،
نۇر بىلەن پۈركەنگەن شەھەر ـ قىشلاقتا.
..................................."

شۇ ياڭراق سادادىن سەزدىم ھەقىقەت:
ياقۇپتەك تەلۋىلەر ھازىر بار تېخى.
( قاراڭغۇ بۇلۇڭدا نەپ، ئەمەل ئۈچۈن،
پەتىۋا توقۇشۇپ يۈرۈشكەن چېغى).

ئۇلار خوش، - تارتىلسا ئەۋلات كۆزگەـ
قاپ - قارا تېرىدىن پەردە - پەرەنجە.
ئۇلار خوش، - ئوغۇللار بوپ كەتسە سوپى،
قىز - چوكان "بۇۋاي" بوپ، كەيسە ئەرەنچە.
..................................................

قولۇمغا ئوت - مەشئەل تۇتقازدى سادا،
جاھالەت قارتىغا ئوتلار يېقىشقا.
ئاتلاندىم كىشەننى چېقىشقا، ياكىـ
"جېدىت" بوپ مەنمۇ ھەم سۇدا ئېقىشقا.

## تەلۋىچۈكنىڭ ئىپتىخارى

تەلۋىچۈك، ئەتراپىڭ باغۇ - بوغدايزار،
يوللارغا سۇۋادان تاشلايدۇ سايە.
ھويلىدا، ئېتىزدا موتور ساداسى...
يۈرتنى دەس تۇرغۇزغان بىر ئۇلۇغ غايە.

تەلۋىچۈك، قوينۇڭدا سەيدىن كۆڭلىدەك،
بۇلدۇقلار ساناقسىز چەشمە بۇلاقلار.

يەلپۈنەر چىمەنزار قىرغاقلىرىدا،
رابىيە كىرپىگى كەبى قىياقلار.

سەن ـ سەھنە، سەن ـ ئىكران، گۈزەل سەيلىگاھ،
ۋە پاكى بىر ئەينەك ـ جاھاننامىسەن.
(ھەر بۇلاق ئىچىدە ئىككى جۈپتىن كۆز،
بويىدا ياندىشقان ئامراق ئىككى تەن).

بىر بۇلاق تۈۋىدە شوخ نەي ساداسى،
بىرىدە ئۈنئالغۇ تىنىماي سايرايدۇ.
بىر بوستان ئىچىدە يۇرت "ئانسامبىلى"
ئۇسۇلغا چۈشكەندۇر، ـ كۆڭۈل يايرايدۇ.

ياڭرايدۇ رابىيە ناخشىلىرى ھەم،
بىدىشنىڭ ئاستىدىن، ئالتۇن دالادىن.
پۈتۈن يۇرت ھىس قىلار تاغدەك ئىپتىخار،
ئۆز قىزى ـ ئىسيانكار، مەرت دىلرەبادىن.

## خاتىمە

قومۇشنى كۆزىگە سۈرتەر ئىكەن خەق،
"يۇرتۇمنىڭ شۆھرىتى، تەۋەررۇكى" دەپ.
تەلۋىچۈك بويىدا چوڭ بولغان يىگىت،
بۇلغۇنلۇق قەۋرىنى سۆيسە نە ئەجەپ!؟

بىر چاغلار شۇ مۇڭلۇق قەۋرە ئۈستىگە،
پەخرىمىز نىزارى دۇر تۆككەن ئىدى.
بۈگۈنچۇ، زىيائىي: "تاۋاپ قىلىشنى،
ئۇزاقتىن زارىقىپ كۈتكەنىمەن" دېدى.

رابىيە مۇرادى ياشلاندى سەندە،
تەلۋىچۈك، ھەرگىزمۇ "تەلۋە" ئەمەسسەن.
سىنىڭدە ئاققىنى – سۇ ئەمەس، –ۋاپا،
مۇھەببەت ئىشقىغا تولدۇڭ پەۋەس سەن.

رابىيە تىنىمنى سەيدىن قەۋرىگە،
دەل ئۇدۇل توغرىلاپ توختاتقان سۆيۈك.
ۋە يەنە ياقۇپنىڭ تاشتەك كۆڭلىنى،
ئېرىتكەن غەزەپلىك، پىغانلىق كۆيۈك.

تاش ئېرىپ سۇ بولغان ئوتنىڭ تەپتىدە،
"لام"، دېمەي تۇرسۇنمۇ شائىرنىڭ تىلى.
گوياكى تەسۋىدەك تىزىلىپ ئۆتتى،
ئالدىمدىن قەۋرىنىڭ يۈز ئەللىك يىلى.

1984 – يىل ئوكتەبىر، ياماقيار – قەشقەر

## سوپۇن ۋە شېئىر

"ھەر نەرسىنىڭ كۆشەندىسى بار"،
بولغىنىدەك "ئالەم" گە "مالەم".

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلگەچ ئەشۇ قانۇنىيەتنى،
ئۆزگەرتىدۇ ئالەمنى ئادەم.

شۇنچە ئاددى - ناتاۋان سوپۇن،
كۆشەندىسى مەينەتچىلىكنىڭ.
"جان بېرىدۇ" پاكلىق يولىدا،
خىزمىتىنى قىلىپ تىرىكنىڭ.

بۇ كۈندىن سوك شېئىرلىرىمغا،
"خېمىرتۇرۇچ" سالدىم سوپۇندىن.
تىگەلمەسە ھېچيەرگە شېئىر،
پەرقى نىمە كۆيمەس ئوتۇندىن!؟

مەيلى دەيمەن سوپۇن پۇرىسا،
شېئىرلىرىم ئەترە پۇرىماي.
"سوپۇنچى" دەپ ئاتالسام مەيلى،
شاتۇتىدەك خەقنى دورىماي.

## ئورمان بولسام

ئورمان بولسام دەيمەن ھامان،
گۈلباغلارنىڭ چۆرىسىدە؛
قاناتلىرىم دالدىسىدا،
بولسا گىيا - گۈل رىستىدە.

ئورمان بولسام دەيمەن ھامان،
كارۋان يولى بويلىرىغا؛
سايە سالسام سەپەردىكى
چەۋەندازلار تويلىرىغا.

ئورمان بولسام دەيمەن ھامان.
شامال - بوران ئېغىزىغا؛
كىرەلمىسۇن ئاپەت پەقەت،
ئەلنىڭ بېغى - ئېتىزىغا.
.........................

ئورمان بولسام دەيمەن ھامان،
ئەشۇ غەمنى يەيمەن ھامان.
"ئورمان بولسام... ئورمان بولسام"
دەپ سايرىغان نەيمەن ھامان

## ئىمتىھاندىن ئۆتىمەن

يارنىڭ چېھرى گەرچە قارامتۇل-
بولسىمۇ، مەن "ئاپپېغىم" دەيتتىم.
قارا نىيەت - شۇملۇقتىن خالى،
ئاق كۆڭۈلنى"شاتلىغىم" دەيتتىم.
ماڭا ئاق يول تىلەپ تۇرغاچقا،
"ئۇ، ئۆمۈرلۈك تاتلىغىم" دەيتتىم.

www.uyghurkitap.com

دېمەككى: «ئاق» خېلى بۇرۇندىن،
ماڭا ئېزىز — ئەتىۋا ئىدى.
پەزىلەتىنىڭ تاجىسى بولۇپ،
كۆڭلۈمگىمۇ جۈپ — ھەمرا ئىدى.
لېكىن، سەبى ياشلىقىم مېنىڭ،
«ئاق» تىن قاتتىق بىر پەشۋا يىدى:

تۆكۈلۈپتۇ ئۇن كالىندارنىڭ،
ۋاراقلىرى ئاپپاق پېتىچە.
تېرىۋىلىپ بىر — بىرلەپ ئۇنى،
تەكشۈرۈپتۇ دادام كېچىچە.
دېدى: «قېنى ئۇن يىللىق ئىزىڭ،
قۇمدا ماڭغانىدىڭ، ھەي مىتە!؟...»

دېمەك، بىر «ئاق» ئاقىۋەت مېنى
«مىتە» قىلدى — ھارام يەيدىغان.
(راست بولمىسا، ئاق كۆڭۈل دادا،
ئۆز ئوغلىنى شۇنداق دەمدىغان).
تارام — تارام تۆكۈلدى يېشىم،
بەكمۇ ئېغىر كەلدى ئىمتىھان.

«ئاق قەغەزدىن بىزارمەن! — دېدى،
تىترەپ دادام قەھرۇ — غەزەپتە.—
يەنە ساڭا ئۇن يىللىق مۆھلەت،
ھەر يىلىڭغا ئىككىدىن دەپتەر.

تىرناقچىلىك «ئاق» قالسا ئۇندا،
قارىمايمەن!
قېنى جاۋاپ بەر!...»

ۋەدە بەردىم: «داغنى يۇيۇشقا،
ۋىجدان بىلەن كېپىللىمەن!» — دېدىم،
يار ھەققىدە ئۆكۈنمىدىم ھېچ،
ئون يىلىمدىن پۇشايمان يېدىم؛
ئەمتىھاندىن ئۆتتۈمەن چوقۇم،
سۆرەلگىلى «ئۆلۈك جان» مىدىم!؟...

1978 ‐ يىل.

## يۇلغۇن چېچەكلىرى

ئارىچى بوۋاملار سالغان يول بىلەن،
دادامۇ كەتكەنتى ئاتلىق غازاتقا.
شۇندىن سۆڭ شېھىتتۇر ئۇلار،
يۇلغۇنلۇق—
تاۋاپگاھ بوپ قالدى يېگى ئەۋلاتقا.

ھەر كەلسەم، ئوتقاشتەك قىزارغان دالا،
«كەل، ئوغلۇم» دېگەندەك قۇچاق ئاچىدۇ-
يۇلغۇننىڭ لالىدەك چېچىكى كۈلۈپ،
رەيھاندەك مىزلىك پۇراق چاچىدۇ.

بۇ قېتىم كەلگەندە سۆزلىدى يۇلغۇن:
"چوڭ داداڭ مەشەدە ئۆلگەن ئاچلىقتا؛
ئاتاڭ جەڭ ئوغلانى قىرىپ ياۋلارنى،
تەڭ ئورتاق بولغانتى بىزگە شاتلىقتا.

ئەپسۇسكى، مەرھۇمنىڭ قەۋرىسى ئاخىر،
دالىدا، ياق! مېنىڭ قوينۇمدا قالدى.
شۇڭىمۇ يىلتىزىم، شېخىم، چېچىكىم،
شېھىتلار قېنىنىڭ رەڭگىنى ئالدى.

ئاتاڭ باغ قىلماقچى ئىدى مەشەدە،
سەن ئاشۇ ئارزۇنى ئادا قىل تۈگەل.
يۇمۇلسۇن دېسەڭ سەن شېھىتلار كۆزى،
ساپ قىزىل قانلاردىن يۇلغۇن بوپ تۆرەل..."

گويىكى بايراقتۇر قىپقىزىل يۇلغۇنلار،
چېچەكلەر — بايراقنىڭ نۇرى — يالقۇنى.
مەن دېدىم: "ئىشەنگىن، ئەي تەۋەررۇكۇم،
بىزمۇ ھەم چېچەكنىڭ، يۇرتنىڭ ئالتۇنى!"

× ×

قەۋرىدىن مەن توپا ئالدىم بىر ئۇچۇم،
ھەسسىلەپ ئاشقاندەك بىلىندى كۈچۈم.

1981 - يىل.

## ئىشقى بارغا قىشمۇ ھەم باھار

ئىشقى بارغا قىشمۇ ھەم باھار،
كۆچ ۋە ئۈمىت كۆكلەيدۇ قىشتا.
ئەشۇ كۆچتىن ئىشقىۋاز زىمىن
قار پەسلىدە مەزىلىك ئىشتا:

ياستۇق قىلىپ قاشتەك ئۇپۇقنى،
ئاق يوتقاندا ئۇخلايدۇ دالا.
ياق - ياق! جەڭدە - تەۋەللۇتتا ئۇ،
قوسىغىدا تەۋرەيدۇ بالا.

## يالپۇز ئېيتىدۇ:

كىچىك ھەم ناتاۋان گىيامەن،
خۇش ھىدىم ئۆستەڭنىڭ بويىدا.
نى شىرىن سۆزلەرگە گۇۋامەن،
تۆھپەم بار قىز - يىگىت تويىدا.

ھېچ ھەسەت قىلمايمەن چوڭلارغا،
ھۆرپىيىپ يۈرمەيمەن كىچىككە.
ياماقمەن چوڭ يېشىل يوپۇققا،
ۋە ياكى ئوخشايمەن چېكىتكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھايات ئىشقى

تاشنى يېرىپ چىققان بىر گىيا،
زور جاسارەت بۇ نىمە دىگەن!
سەن ھاياتنى سۆيۈشنى دوستۇم،
ئەنە ئەشۇ گىيادىن ئۆگەن.

## „چىقمايمەن„ دىدىم

كەيگەنلىرى ئۆز كۆڭلىدەك ئاق،
مېھرى ئىسسىق ھەمشىرە قىزچاق.
ئاغزى يېڭى ئېچىلغان غۇنچە،
كۆزى ئوخچۇپ تۇرغان چىمبۇلاق.

شۇ مېھرىدىن مەزمۇت ساقايدىم،
شۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ قاندىم.
بالنىتسىدىن چىقار چېغىمدا،
شۇڭا قەۋەت تەڭلىكتە قالدىم:

چىقماي دىسەم، ساقايدىم ـ ساقمەن،
چىقاي دىسەم، چىقتىملا ـ تاقمەن.
مەن كۆكسۈمنى تۇتۇپ بېقىمپلا،
دىدىم شۇڭا: "چىقمايمەن، ياق!" ـ مەن.
..............................

1980- يىل.

## «كۈن»نى تۇققان «ئۇپۇق» ئاشۇ - غۇ!

«جەھەننەم» ، «كۈنۈم» دەيسەن ئېرىڭنى ،
گاھى نازلاپ، گاھى ئەركىلەپ.
لېكىن، كۆزۈڭ كۆرمەسكە رازى،
قېيىنئاناڭنى ئايلاپ - ھەپتىلەپ.

كىمنى كۆرسەڭ داتلايسەن، جانان،
شۇ موماينى تىللاپ، يامانلاپ.
بەزدۇرمەكچى بولىسەن ھەتتا،
ئېرىڭنىمۇ گوللاپ-ئاماللاپ.

نېمە ئانچە قىلىسەن ئاڭا،
«جان»نىڭ جىنى-ئۇرۇق ئاشۇ - غۇ!
ساڭا كۈلۈپ نۇرلار چاچقۇچى -
«كۈن»نى تۇققان «ئۇپۇق» ئاشۇغۇ!

1981 - يىل.

## مېھرىگىيا

ئۆزەڭ پاكار،
تۇپراق ئىچىدىن -
ئارانغىنە چىقىپ تۇرىسەن.
ھېچبىر سۆلەت - ھەيۋىتىڭمۇ يوق،
پاراغەتتىن كېچىپ تۇرىسەن.

پەس كۆرسەمۇ "ئىگىزلەر" سىنى،
تەڭداشسىزدۇر خىسلىتىڭ ھامان.
ئىگىز - پاكار، يوغان - كىچىكلىك
بولالمايدۇ قىممەتكە مىزان.

كارامىتىڭ-بۈيۈك، ئەي گىيا،
مەن سۆيۈمەن ئېگىلمەپ سېنى.
مەيلى دەيمەن سېنى سۆيگەندە
"پەس" دېيىشسۇن "ئىگىزلەر" مېنى.

1980 - يىل.

# كۆڭۈل

كۆڭۈل دىگەن گويا بىر بازار،
ئۇنىڭ لايىق خېرىدارى بار.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر مازار،
تىرىك ئادەم ئۇنىڭدىن بىزار.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلى بەكمۇ تار،
تار كوچىدا قاراڭغۇ بازار.
ئاڭا پەقەت شەيتانلا بارار،
ئادەم كىرسە يولىدىن ئازار.

چىن ئاق كۆڭۈل - كىرسىز - بىغۇبار،
ئاق كۆڭۈلگە كۆرستەردىدار.

ئاشۇ كۆڭۈل بولسىلا كىمدە،
نۇر ھەم ئۇندا ئاشىيان قۇرار.

1980- يىل.

## ئەجەپلەنمە

سوراپ قالدىڭ: ”كوممۇنىست تۇرۇپ،
مۇھەببەتنى يازغىنىڭ نىھال؟
خۇمار كۆزلەر، ئانار يۈزلەردىن،
شېئىر كانى قازغىنىڭ نىھال؟

خىسلىتىنى جىڭ كوممۇنىستنىڭ
ئېيتىپ بىرەي قىلساڭ گەرھەۋەس.
ئۇ—”پەۋقۇلئاددە ماتېرىيال“، لېكىن
تېنى ياغاچ، باغرى تاش ئەمەس.

ئۇ—ياشايدۇ، مۇھەببەت بىلەن،
ئەڭ تېتىقسىز، زۇلمەت كۈندە ھەم.
مۇھەببەتسىز بولسا كوممۇنىست،
خەلق بىزار بولاتتى نىكەم.

1980- يىل.



# ئابلىكىم روزى

ئابلىكىم روزى 1946 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ دىخاللا كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك ۋە مۇخبىرلىك قىلماقتا.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا باشلانغان، 1962 - يىلىدىن باشلاپ ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئاساسەن بالىلار

ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئىجات قىلدى. شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «قالىغاچ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 - يىلى نەشر قىلىندى. «ئۆسمۈرلەر ئارزۇسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا بەردى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## بەل

ئىلىم - پەنگە بىرىلمەكنى شەرەپ بىل، شانۇ - شاۋكەت بىل.
ئىلىم - پەن باغىنى دوستۇم، گويا بوستانۇ - جەننەت بىل،

ئۆزۈڭنى ئىشقىۋاز بۇلبۇل ۋە ياكى ئوت يۈرەك بىلسەڭ،
ئەشۇ بوستاننى سۆيمەكنى ئىبسىل خىسلەت - پەزىلەت بىل.

ئىلىم - پەن ياشىنىتار دىلنى، شۇڭا چىمڭ باغلىغىن بەلنى،
بىلىمسىز ئارزۇيۇڭ كولمەس، ئىلىمنى مىسلى شەرۋەت بىل.

ئىلىم - پەن يولى پارلاق يول، بېغىشلا ھەممە ۋەسلىڭنى.
بۇ يولدا گەرچا پا تارتساڭ، ساياھەت بىل، ھالاۋەت بىل.

ئىلىم - پەن دېڭىزى ئىچرە ئىرادەڭ بولسا ئۆزمەككە،
پۇشايمان ئەيلىمەسلىكچۇن ۋاقىتنى شۇنچە قىممەت بىل.

ئۆگەن، ئۆرلە، ۋەتەن خەلقىم سېنى كۈتمەكتە مەيداندا،
ئىجات ۋە ئىختىرا قىلساڭ، بەخت - ئىقبال، سائادەت بىل.

ئەجەم كۆركەم باھار كەلدى، تۇرۇپ دەس ئابلىكىم سەنمۇ،
ئۆگەنمەككە گۈزەل ياشلىق چېغىڭنى ياخشى پۇرسەت بىل.

## ئىشچان قىزغا

مەن سۆيۈمەپ قالدىم سېنى چىن، غۇنچە رەناسى بىلىپ،
گۈل يېزا ـ نۇرلۇق دىيارنىڭ ئىشتا دەناسى بىلىپ.

قىپ ـ قىزىل قەلبىڭ خۇمار ئىشقا ـ چېلىشقا دائىما،
ماختىشار سېنى يېگىتلەر ئۈلگە ـ ئەلاسى بىلىپ.

ئىشلىسەڭ قىردا ـ ئېتىزدا يەڭ تۇرۇپ غەيرەت بىلەن،
كىم سېنى ئالماس تىلىغا، مەڭگۈ ھەمراسى بىلىپ.

ناخشا ئېيتساڭ، باغدا بۇلبۇل زوقلىنىپ خۇشتار بولار،
جەڭگىۋار، ياڭراق كۈيۈڭنى ناخشا دەرياسى بىلىپ...

سېنى، جانان، كۆيگە قاتتى ياش غەزەلخان ئابلىكىم،
بەختى پارلاق، قەلبى قايناق سۆيگۈ ـ زوھراسى بىلىپ.

## كەينىدىن

ئاڭلا دوستۇم، ماڭما ھەرگىز پەيلى شەيتان كەينىدىن،
ماڭغىنىڭ ـ ماڭغان بىلەن تەڭ خۇددى ھايۋان كەينىدىن.

دوستىمۇ ئۇ، دۈشمەنمۇ ئۇ، بىلمەك قىيىندۇر تۇرقىدىن،
بار خەتەر، ماڭما پەقەت كۆرگەنلا ئىنسان كەينىدىن.

جان پىدا قىل راست ئۈچۈن، سادىق سەمىمى دوست ئۈچۈن،
سەن ئەبەت ھەمداش بولۇپ ئەگەشمە يالغان كەينىدىن.

ئىككىلەنمەي ماڭ ھامان، بىرلىكتە ئاشقىن تاغ ـ داۋان،
سېنى چىن ھەمرا بىلىپ سۆيگەن قەدىردان كەينىدىن.

## ئەمەس

پەننى قىزغىن سۆيمىگەننىڭ ياشلىقى كۆركەم ئەمەس،
رەڭگى كۆركەم بولسا بولغاي، قەلبى گۈل ـ كۆكلەم ئەمەس.

پەن ـ بىلىم ئىشقىدا كۆيگەنلەر غېرىپقا ئوخشىسا،
پەن ئۇلارغا گۈل سەنەمدۇر، باشقىسى سەنەم ئەمەس.

پەن ـ بىلىم دەرياسىدىن سۇ ئىچمىگەنلەرنى كۆرۈڭ،
ئاغزىدا شەنى ئالاردۇر، بېلى بوش، مەھكەم ئەمەس.

كىم ئۆگەنسە خۇددى قازغاندەك قۇدۇقنى يىڭنىدە،
ئۇ، كۆرەش قوينىدا ئۆزگەن قەھرىماندىن كەم ئەمەس.

كىم يۈرىۋەرسە نادانلىق كوچىسىدا گاڭگىراپ،
ئۇ، ئۇزۇن سەپەردە بىزگە يار ئەمەس، ھەمدەم ئەمەس.

پەن - بىلىمنىڭ گۈلباھارى قىلدى دىلدارنى خۇشال،
بۇ باھاردىن كۈلمىگەنلەر ئۇت يۈرەك ئادەم ئەمەس.

## مېھرىم تەسەددۇق

بۇزداتونۇشقان ئىككىمىز، ئاچقاندا يەرلەر تەر تۆكۈپ،
شۇندىن بۇيان پاك سۆيگۈمىز چاقنايدۇ ئالتۇن نۇر تۆكۈپ.

كۆردۈم چىكەگدەغەلىبىدىن قىسقان گۈلۈگنى مەن يەنە،
گۈلشەن ئېتىزدائاگلىدىم ياگراق ئۈنۈگنى مەن يەنە.

كۆڭلۈم بېغىمنىڭ بۇلبۇلى، جانانە يار سەن مەن ئۈچۈن،
قايناق چىلىشنىڭ دۇلدۇلى، مېھرىم تەسەددۇق سەن ئۈچۈن.

## زەرەپشان دەرياسى

ئاقسەن كۆمۈش دەريا شاۋقۇنلۇنۇپ،
شاۋقۇنىڭ زەپ يېقىملىق ساداسى بار.
چاچراتقان ئۈنچىلىرىڭ مۇنچا - مۇنچاق،
مۇنچاقتا خۇشال ھايات ناۋاسى بار.

ئاقسەن گۈلشەن ئارا باغلار - ئارا،
باغلارنىڭ چىكىسىگە قىسىپ چېچەك.
بويلۇرۇڭ چۆمۈلگەندۇر يېشىللىققا،
يېشىللىق ۋادا بولۇپ يايغان ئېتەك.

بويۇگدا بەختى پارلاق - ئازات يېزا،
يېزىنىڭ ھۆسنى ئاۋات، ھۆسنى كۆركەم،
چاڭمىلداپ سايرىشىدۇ خۇشال بۇلبۇل،
بۇلبۇللار نازاكەتلىك، قەلبى كۆكلەم.

ئىشلەيدۇ بويلىرىگدا يىگىت - قىزلار،
يىگىت - قىزلار خوشال - خورام غۇلاچ ئاتقان.
سۆيۈگدە گۈللەمەكتە يېشىل يايلاق،
يايلاقنى قوشاقچىلار كۆيگە قاتقان.

# يېڭى يىل چاچقۇلىرى

(چاتما شېئىر)

## يېڭى ئىش خۇشلۇغى ئەلا

شاتلان دوستۇم، يېڭى يىل كۈنى:
" مول نەتىجەڭ مۇبارەك! "دەيمەن.
رەنجىمە يۈرمە، "يېشىڭ مۇبارەك!"
دىگەن سۆزنى كېيىنرەك دەيمەن.

چۈنكى ساڭا بىرىلمەس باھا،
تەققى - تۇرقۇڭ، يېشىڭغا قاراپ.
ياغار پەقەت ھۆرمەت ئالقىشى،
ئەلگە قىلغان ئىشىڭغا قاراپ.

شۇڭا ياشنىڭ چوڭلىغىدىنمۇ،
ئىش ـ نەتىجە چوڭلىغى ئەلا.
يېڭى ياشنىڭ خوشاللىغىدىن،
يېڭى ئىشنىڭ خوشلۇغى ئەلا.

## ياش قالاركەن ئىشنىڭ كەينىدە

يېڭى ياش ۋە يېڭى ئىشىمىز،
بۇ يىل يەنە ئۇچرىشالمىدى.
ئۇلار شۇڭا كونا يىل بىلەن،
بىرلا چاغدا خوشلىشالمىدى.

چۈنكى بىزدە يېڭى يىل ئىشى،
باشلانغانتى ئىككى ئاي بۇرۇن.
ياش قالاركەن ئىشنىڭ كەينىدە،
ئادەم ئەگەر بولمىسا ھورۇن.

## چۈشەنسەڭلار ...

سوراپ قالدى بىركۈن مېنىڭدىن
يۇرتىمىزنىڭ قىزنىچىلىرى:
« نەدىن كەلدى پېشانىڭىزنىڭ
چىمبەر قۇتتەك سىزنىچىلىرى؟ »

جاۋاپ بەردىم: "بۇ سىزىقچىلار،
قىرلىقتىن بەرمەس بىشارەت.
پىشانەمدىن ئورۇن ئالدى ئۇ،
يۇرتۇم ئۈچۈن چەككەچ رىيازەت.

چۈشەنسەڭلار بۇ سىزىقچىلار،
تەپەككۇرنىڭ دەرياسى ئەسلى.
ئۇندا ئاققان ھەربىر تامچە تەر،
چىن ھاياتنىڭ مەناسى ئەسلى».

## كۆچۈڭلار

بالىلىق، ياشلىق ۋە قېرىلىق،
كېلىدۇ ئادەمنىڭ بېشىغا.
ھەربىرى باشقىچە رەڭ بېرەر،
ئادەمنىڭ ئەقلى ۋە ئىشىغا.

شۇنداقمۇ ياش دوستلار بار بىزدە،
ياشلىقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن:
گۈدەكلىك — تەنتەكلىك تېخىچە،
سىيەدەك ئەگىشىپ كەتمىگەن.

ئۇلارغا سەمىمى ئېيتىمەن:
"بالىلىق دەۋرىدىن كۆچۈڭلار.
ياشلىقنىڭ جامىغا تولدۇرۇپ،
ئىلىم — پەن شارابى ئىچىڭلار…"

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## « كونا » دىمەڭلار

يېڭى يىلنى تەبرىكلىگەندە،
خوشلۇشىمىز كونا يىل بىلەن.
لېكىن ئۇنىڭ غەلبىلىرىنى،
ئىزھار قىلىپ بولماس تىل بىلەن.

ئۆتكەن يىلنى كونا دىمەڭلار،
كونا پەقەت ئۇنىڭ رەقىمى.
ئوخشىمايدۇ باشقا يىللارغا،
چۈنكى، يېڭى مەزمۇن، قەددىمى.

جۇشقۇن، يېڭى غەيرەت بولسىلا،
ئادەم يولدا قالمايدۇ ھېرىپ.
بىزنىڭ يىللار تارىخ بېتىدە،
نۇر چاچىدۇ، كەتمەيدۇ قېرىپ.

## تەنقىت توغرىسىدا پارچىلار

تەنقىت دىمەك توغرا قىل، دىمەك،
نۇقسانىڭنى تونۇ، بىل، دىمەك.
پاكىت ـ ئاساس تەنقىتنىڭ جېنى،
تەنقىت ئەمەس قىلنى پىل، دىمەك.

×

تەنقىت بىزگە مۇھىم ئەنگۈشتەر.
دوستۇم، ئۇنى دائىم قورال قىل.
تەنقىت بىلەن دىلىڭنى پاكلاپ،
ھەر ئىشىڭدا ئەلنى خۇشال قىل.

×

تەنقىت ئاچچىق بولغىنى بىلەن،
بېرىدىغان مېۋىسى تاتلىق.
كىم تەنقىتنى دوست تۇتالىسا،
يار بولىدۇ ئۇتۇق ۋە شاتلىق.

×

تەنقىت بەرسە ساڭا باشقىلار،
« ئىچى يامان، كىچىك كۆز » دېمە.
نۇقسانىڭنى يوشۇرغانلارنى،
« ماڭا ئامراق، كۆڭلى تۈز » دېمە.

×

قىياس قىلساڭ ئادەمنى سۇغا،
كەمچىلىكلەر ئۇندىكى مىكرۇپ.
شۇ مىكرۇپنى كۆرسىتەر روشەن،
ساڭا تەنقىت ئاتلىق مىكراسكوپ.

×

تەنقىت دېسە بېشىڭ ئاغرىسا،
خاتالىققا يېپىشقىنىڭ شۇ.
قولاق سېلىپ ئاڭلىساڭ ئۇنى،
ئىلگىرىلەشكە تىرىشقىنىڭ شۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سىنچاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس

ناخشا ئېيتسام تۈنۈگۈن ئاخشام،
سۆيگۈنۈمنى گۈزەل قىزچاق دەپ.
بۈگۈن بىرسى تەگدى چىشىمغا،
يار توغرۇلۇق قىلاي چاقچاق دەپ.

سۆزلىدى ئۇ : ” يارىڭنى كۆردۈم،
ئەپسۇس ، رەڭگى ئاپپاق ئەمەسكەن.
كۆڭلۈڭ سۇۋۇپ كەتمىسۇن يەنە،
ۋاي دېگىدەك قىزچاق ئەمەسكەن “.

دېدىم ئاڭا : ” يارىمىنىڭ يۈزى،
ئىش قويندا ـ ئاپتاپتا كۆيگەن.
قارا قۇمچاق بولسىمۇ ئۆزى،
يۈرۈگۈمدىن ئارزۇلاپ سۆيگەن.

گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئۇ،
شۇڭا هەرگىز كەچكىلى بولماس.
چىرايىغا ئادەم دېگەنىنىڭ،
سىنچاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس “.

## ئىمىزگە

سىلىنغاندا قۇرۇق ئىمىزگە،
يىغىسىدىن توختايدۇ بوۋاق.

ئانىسىغا بىرىدۇ ئارام،
دەماللىققا گۇل بولۇپ بىرۋاق.

لېكىن ، ئەشۇ قۇرۇق ئىمىزگە،
چوڭ ئادەمنى ئالدىيالمايدۇ.
بوۋاق بىلەن چوڭنى بەزلەر،
شۇ كەمگىچە ئايرىيالمايدۇ.

ئايرىشنىڭغۇ ئايرىسا كېرەك،
كۆرسەتكەندۇ شەيئىنى كىچىك.
ئەڭ ياخشىسى ، شۇ ئىمىزگىنى،
بوۋاقلارغا ئىشلەتكەن تۈزۈك.

## قاساپ دوستىغا سۆڭەك بېرەمدۇ؟

گۆش دۇككىنى ئىچىدە كۆردۇم،
شاپ بۇرۇتلۇق قاساپ ئۇستىنى.
سۆڭىكى يوق، پەش گۆشنى بېرىپ،
ئۇزاتتى ئۇ يېقىن دوستىنى.

چاقچاق قىلىپ دېدىم قاساپقا:
— دوستىڭىزغا سۆڭەك بەرمەمسىز؟
قاساپ دېدى: بەللى ، قىزىق گەپ،
سىز دوستلارغا كۆڭۈل بۆلمەمسىز ؟

چۈشەندىمكى ، قاساپ دوستىغا
سۆڭەك ئەمەس، بېرەركەن پەشنى.

ئاتونۇشلار كەلسە ئالدىغا،
جەڭلايدىكەن سۆكەكنى ، لەشنى...

ئىشەنمەڭلار "قاسساپ دوستىغا،
سۆگەك بېرەر» دىگەن تەمسىلگە .
يەرلىگىدە قويغان دۇرۇستۇر،
مۇنداق كەپنى سېلىپ زەمبىلگە.

## يېزام

گۈل يېزام، ئۆتمۈش چېغى باغرىڭ سېنىڭ.
چۆل سۇپەت قۇملۇق ئىدى، يۇلغۇن ئىدى.
قەلبىمگىنى چىرمىۋالغان ئاھۇ – پىغان،
چىرايىڭ مۇگلۇق ئىدى، سولغۇن ئىدى.

ئېىخ، بۈگۈن ئازات زامان چاچقاچقا نۇر،
رۇخسارىڭ باھار سۆيگەن غۇنچە بولدى.
ئۆم مېھنەت شەربىتىدىن كۆتەردىڭ جام،
تۇپرىغىڭ توز قانتىدەك زىلچە بولدى.

## ئۈمىت كۆتكىن

(بىر ھەۋەسكارنىڭ خاتىرىسىدىن)

ھەر شېئىرنىڭ توزىماس بىر گۈل
ئەجەپ خۇشبۇي ئۆتىڭكى ھىدى.

شۇنداق گۈلنى ئۆستۈرۈش مېنىڭ،
ئوتلۇق ئارزۇ ـ تىلىگىم ئىدى.

ئەپسۇس، ئىجات بېغىمدا تېخى،
سەرخىل گۈللەر كۆرۈنگىنى يوق؛
ئۇنى پۇراپ كىتاپخانلار نىڭ،
يۈرىگىدىن سۆيۈنگىنى يوق.

ئۆرلەش ئۈچۈن ئىجات كۆكىدە،
ئۈگىنىمەن سېنىڭدىن، شائىر.
ئىزدىنىمەن بۇ يولدا مەڭگۈ،
ئۈمىت كۈتكىن مېنىڭدىن، شائىر.

## «ئۆرە تۇرماس بوش تاغار»

بىر باشلىق بار ئىدارىمىزدا،
قوسىغىدا ئۇ مىچىمۇ يوق.
ئۇچاي دەيدۇ ئاسماندا، لېكىن،
قانات تۈگۈل غۇلىچىمۇ يوق.

سۆلىتىنى ئەشۇ باشلىقنىڭ،
تارتالمايدۇ تۆت ئاتلىق هارۋا.
تەكلىپ ـ پىكىر بەرگەنلەر، ئۇنىڭ
نەزىرىدە سانىلار «كالۋا».

www.uyghurkitap.com

دىيىشىدۇ ھەممەيلەن شۇڭا:
"بىزنىڭ باشلىق ـ ئىچى بوش تاغار:
تىرىشمىسا، ئۆگەنمىسە ئۇ،
ھەرگىز ئۆرە بولالماي قالار..."

مۇشۇ باھا ـ ئاممىنىڭ پىكرى،
كەلمەس ئاڭا قىلچىمۇ ئارتۇق.
«ئۆرە تۇرماس بوش تاغار» دىگەن،
تەمسىل شۇڭا قىلىندى تارتۇق.

مۇقاۋىنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت لايىھىلىگەن
ھۆسنخەتنى جۇمە ئابدۇللا يازغان

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتـ
چىلەر بىرلەشمىسى «قەشقەر ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەسىدە بېسىلدى